# «گۇۋاھلىقلار»

(07\14)

# گۇۋاھلىقلار

## ئۆتمۈشتىن كەلگەن بىر ئاۋاز

### 1. «كونا گۇلام ئۆلدى» (پاكىستاندىن بولغان گۇۋاھلىق)

*«مەن نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈردۇم، خۇدا مېنى قانداقمۇ كەچۈرۈم قىلسۇن؟» ... دۇئا قىلغۇم بار، ئەمما تۈيۈقسىز دەھشەتلىك قورقۇنچلار مېنى چىرمىۋالدى. غەزەپلەنگەن خۇدانىڭ قولىغا چۈشسەم قانداقمۇ بولۇپ كېتەرمەن؟»*

پاكىستانلىق گ.م.نائامان 1947-يىلى ھىندىستان پارچىلىنىش ئۇرۇشىغا ئارىلىشىپ قېلىپ، ئىسلام ئۈچۈن جەڭ قىلغان. شۇ چاغدىكى رەھىمسىزلىكلەر ئۇنى روھى جەھەتتىن بەك بىئارام قىلغان ۋە ئۇنىڭدا خۇدانى تونۇشقا بولغان ئىنتىزارنىمۇ تۇغدۇرغان. شۇنىڭ بىلەن مەسىھ ئەيسا ئۇنى قۇتقۇزۇپ، يېڭى بىر ئادەم قىلغان. بۇ جەريانلاردا ئېغىر قارشىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن خۇدا يەنىلا ئۇنىڭ كۆڭلىگە خاتىرجەملىك ئاتا قىلغان. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ پاكىستاندىكى مەسىھ مۇخلىسلىرىنىڭ جامائەتلىرىدە خىزمەت قىلىشقا باشلىغان.

مەن 1930-يىلى ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى جاممۇ شەھىرىدە، يۇقىرى تەبىقىلىك بىر مۇسۇلمان ئائىلىسىدە، بەش ئوغۇلنىڭ تۇنجىسى بولۇپ

تۇغۇلغانىدىم. ئاتام ھىندىستان ئارمىيىسىدە «سۇبىدار-مايور» بولغان. ئۇ ئىسلام شەرىئىتىدىكى قائىدە-يوسۇنلارغا رىئايە قىلاتتى، ئەمما ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئازراقلا پەرق قىلاتتى — ئۇ «مىستىسىزم» بىلەن بەند بولغان سوپى (سۇفى) ئىدى.

مەن بەش ياشقا كىرگەندە بىز زاففارۋال دېگەن بىر قەدىمىي شەھەرگە كۆچۈپ باردۇق. بۇ شەھەر پانجاب رايونىدا بولۇپ، جاممۇ شەھىرى ۋە كەشمىر چېگرىسىغا يېقىن ئىدى. بۇ يەردىكى مەن ئوقۇۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى سوپى ئىكەن؛ مەكتەپتىكى بەزى ساۋاقداشلىرىم بولسا، مەسىھ مۇخلىسلىرىدىن ئىكەن. بۇ شەھەردە مەسىھ مۇخلىسلىرىنىڭ بىر جامائىتى بار بولۇپ، سابىق مۇسۇلمان ئىبراھىم بۇ جامائەتكە ئاقساقال بولغانىدى. بالىلىق ۋاقتىمدا شۇ جامائەتتە «خۇش خەۋەر» جاكارلىغۇچى بولغان بىر ئايالنىڭ تەقۋادارلىقى ماڭا چوڭقۇر تەسىر يەتكۈزگەنىدى. ئۇ دائىم خەقلەرگە ئەيسا ۋە ئۇنىڭ بىزگە بولغان مېھىر-مۇھەببىتى توغرىسىدا سۆزلەيتتى. مەن ئۇ ئايالدىن شۇنى كۆردۈمكى، ئۇنىڭ بارلىق دۇنياسى پەقەت مەسىھ ئەيسادىن ئىبارەت ئىدى.

توققۇز يېشىمدا مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن جاممۇغا قايتىپ كەلدىم. بۇ مەكتەپنىڭ كەيپىياتى باشقىچە ئىدى، چۈنكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھىندى دىندارلىرى ئىدى. مەكتەپتىكى ئوقۇشۇم ئۇتۇقلۇق مېڭىۋاتقانىدى، ئەمما ئون ئۈچ ياشقا كىرگىنىمدىن تارتىپ، مەكتەپتىن زېرىكىشكە باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپتىن قېچىپ، ھىندىستان ھاۋا ئارمىيىسىگە قاتناشتىم، بىرما فرونتىدا ھەربىي بولدۇم.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى كۈنلەر مەن ئۈچۈن تولىمۇ تەسكە توختىدى. بالىلىق دەۋرىمدە «ۋەتەننى (پاكىستان) مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرۈش ھەرىكىتى»گە ئانچە-مۇنچە قاتناشقانىدىم. شۇڭا ھۆكۈمەت مېنى مەلۇم بىر يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى دەپ گۇمانلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ھاۋا ئارمىيىسىدە تۇرىۋېرىشىم تەسكە توختاپ، ئاخىرى 1947-يىلى 5-ئايدا ئىستېپا بەردىم ھەم كېتىشىمگە رۇخسەت بېرىلدى. جاممۇدىكى ئانام ۋە ئاكىلىرىمنىڭ يېنىغا قايتتىم، ئانامنىڭ يېقىندا ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم. يۇرتۇمدىمۇ پاجىئەلىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنىدى. پۈتۈن مەملىكەت ئىچى قالايمىقانلىققا چۆمگەنىدى.

پاكىستاننىڭ مۇستەقىللىقتا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى چوڭ بولغاچقا، مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندى ۋە سىق دىندارلىرى ئوتتۇرىسىدا جىددى كۆرەش بولماقتا ئىكەن.

خەلقنىڭ كۆرەش قىلىش قىزغىنلىقى ئەۋجىگە چىقىشى بىلەن پانجابتىكى مەسچىتلەردە «جىھاد» (غازات، «مۇقەددەس ئۇرۇش») ئېلان قىلىندى. بۇ «ھاياجانلىق دولقۇن» مېنىڭ جاممۇدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم ئۈچۈن كۆرەش قىلىشىمغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن «ئازاد كەشمىر»نىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن «قىزغىن ۋە يارامLIQ» بىر ھەربىي بولۇپ چىقتىم. ھازىر شۇ ۋاقىتلىرىمنى ئويلىسام، نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىمەن. باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ يېزىلارغا ئوت قوياتتۇق، بەزىدە قورالسىز كىشىلەرنى ئۆلتۈرەتتۇق ۋە بەزىدە ئۇلارنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلايتتۇق. بەزىبىر ۋەقەلەر مېنىڭ ۋىجدانىمنى تولىمۇ قىينايتتى، مەسىلەن، ھەربىيلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەھۋانىي ھەۋەسلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، بىر ھىندى دىندار قىزىغا باسقۇنچىلىق قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنىدىم. مەن ئۇرۇشقانسېرى مەيۈسلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. مېنىڭ بىلىدىغان دۇنيايىم، ئەسلىدە تىنچ ۋە خاتىرجەم بولۇپ، ئاددىي پۇقرالار ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، بىر-بىرىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرىدىغان ئاشۇنداق ياخشى دۇنياغا كۆنۈپ كەتكەنىدىم. ئاشۇ ياش چاغلىرىمدىلا توققۇزۇم تەل بىر يىگىت ئىدىم.

مەن بىر يېزىدىن مەسىھ مۇخلىسى بولغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئىككى ئەرنى تۇتۇۋېلىپ ئۇلارغا: «نېمىشقا مۇسۇلمان بولمايسىلەر؟» دېدىم. ئۇلار جاۋاب بەرمىدى، ئەمما ئون ئىككى ياشلىق بىر قىز مۇنداق دەپ ۋارقىرىدى: «بىز ئۇنداق قىلالمايمىز!». مەن يەنە: «ئەمدى سىلەر كۆرگۈلۈكۈڭلارنى كۆرىسىلەر! مەن سىلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!» دېدىم. ئۇ: «بولىدۇ، لېكىن بىز ئىشەنگەن نىجاتكارىمىز: «مانا مەن دائىم سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن، دۇنيانىڭ ئاخىرىغىچىمۇ بىللە بولىمەن» — دېگەن» — دېدى.

ئاندىن ئۇ ئۈچەيلەن تىزلىنىپ، مەسىھ ئەيسانىڭ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ دۇئا قىلدى. ئۇلارنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەن مەن ئۇلارغا: «مېنىڭ قىلغانلىرىمنى كەچۈرۈم قىلىڭلار» — دېدىم. ئۇلار جاۋابەن: «بىز ئەيسانىڭ نامىدا سىزنى كەچۈرۈم قىلىمىز» دېدى. شۇ ھامان مەن ئۇلارغا زىيان يەتكۈزمەسلىكىم كېرەك

ئىكەنلىكىنى ۋە شۇنىڭدەك خەقلەردىن مەجبۇرىي تارتىۋالغان بەزى نەرسىلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

يەنە بىر قېتىم، بىز مەلۇم بىر يېزىغا ئوت قويۇۋېتىپ، ئۇنىڭدىن قېچىپ چىقىدىغان كىشىلەرنى ئېتىش ئۈچۈن كۈتۈپ تۇرغانىدۇق. ئۇشتۇمتۇت كىچىك بالىنى كۆتۈرگەن بىر قېرى موماي بىزگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، بالىنى ئالدىمغا تاشلىدى ھەمدە مۇنداق دەپ ۋارقىرىدى: «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت! سىلەرنىڭ دىنىڭلار كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتۇر، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بولسا، خەقلەرنى ئۆلتۈرۈشۈڭلار بىلەنلا رازى بولىدۇ ــــ لېكىن شۇنى بىلىپ قويۇڭلاركى، خۇدا ئۆزى ياراتقان بەندىلىرىنى ئۆلتۈرۈشۈڭلاردىن ھەرگىز رازى بولمايدۇ».

مەن ئالدىمدا يىغلاپ ياتقان شۇ كىچىك بالىغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدىم. بىرنەچچە مىنۇتقىچە تىلىم پەقەتلا گەپكە كەلمەي قالدى. ئۆزۈمنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمغا نەپرەتلىنىدىغان بىرخىل ھېسسىيات ئىچ-ئىچىمدىن ئۇرغۇپ چىقتى. مەن مومايغا قاراپ: «بالىڭىزنى ئېلىڭ، خۇدا ھەققىدە سىزگە قەسەم بېرىمەنكى، مېنىڭ بۇ بىر جۈپ قولۇم ھازىردىن باشلاپ دىن ئۈچۈن ھەرگىز بىرمۇ ئادەم ئۆلتۈرمەيدۇ» ــــ دېدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ قانچىلىك رەزىل گۇناھكار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن ئۆز-ئۆزۈمدىن: «مەن نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈردۈم، خۇدا مېنى قانداقمۇ كەچۈرۈم قىلسۇن؟» دەپ سوراشقا باشلىدىم. ماڭا بېشىمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بىر قورقۇنچ چۈشتى. ئۆتكەن كۈنلەردىكى ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىم ۋە قائىدە-يوسۇنلىرى توغرۇلۇق ئويلىرىم كاللامدىن بارا-بارا يوقاشقا باشلاپ، خۇداسىز بولۇپ قالدىم. مەن «ئازاد كەشمىر» گۇرۇھىدىن ئىستېپا بەردىم. ئۇلار ئىستېپا بېرىشىمدىكى سەۋەبىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە ئېيتماسلىق ھەم ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي جىمجىتلا كېتىپ قېلىش شەرتى ئاستىدا مېنى قويۇپ بەردى.

لېكىن نەگىمۇ باراي، نېمىمۇ قىلاي؟ مېنىڭ دۇئا قىلغۇم بار ئىدى، ئەمما تۈۋۈقسىز دەھشەتلىك قورقۇنچلار مېنى چىرمىۋالدى. غەزەپلەنگەن خۇدانىڭ قولىغا چۈشسەم قانداقمۇ بولۇپ كېتەرمەن؟ دوستلىرىم ياكى ئاكىلىرىمغا ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيۋاتقانلىقىمنى ئېيتسام ئۇلاردىن ھېچقانداق ياردەم تاپالمايمەن ... گەرچە كۆڭلۈم بەك بىئارام بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئانام ۋە ئاكىلىرىمدىن

ئايرىلىپ كېتىش قارارىغا كەلدىم.

بىر كېچىسى مەن كامالىيا پويىز ئىستانسىسىغا يېتىپ كەلدىم. قەلبىمدە خۇداغا بولغان چوڭقۇر ئەمما قانائەت تاپالمىغان ئىنتىزار بار ئىدى. ئۇن يېرىمى بولغانىدى، مەن پويىز كۈتۈش ئۆيىدە خۇداغا كۆڭلى-كۆكسۈمدىكى گەپلىرىمنى تۆكۈپ دۇئا قىلدىم: «ئى خۇدا، ماڭا ياردەم قىلغايسەن ــــ سەن بىلەن كۆرۈشۈشنى خالايمەن!»

دۇئا قىلىۋاتقىنىمدا ماڭا: «مېنىڭ مېھىر-شەپقىتىم ھاجىتىڭدىن چىقىدىغاندۇر» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا قايغۇلىرىم، مەيۈسلىرىم پۈتۈنلەي تۈگەپ كەتكەندەك ھېسسىياتتا بولدۇم. مەن بۇ سۆزنى ئۆز-ئۆزۈمگە تەكرار-تەكرار ئېيتىۋاتاتتىم؛ شۇ چاغدا مەسىھ مۇخلىسى بولغان بىر تازىلىقچى كىرىپ كەلدى — ئۇ بۇ سۆزنى بىلىدىكەن، ئۇ ماڭا: «بۇ ئەسلى روسۇل پاۋلۇسنىڭ سۆزى (ئىنجىلدىكى «كورىنتلىقلارغا (2)» -12باب، 9-ئايەت)» دېدى.

بۇ يەرگە يېقىن بىر جايدا نۇرغۇن مەسىھ مۇخلىسلىرى ئولتۇراقلاشقان بىر يېزا بار ئىكەن، مەن مەسىھ ئاقساقىلى بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش ئۈچۈن، شۇ يېزىغا قاراپ يول ئالدىم. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەيسا مەسىھنىڭ مۇخلىسى بولماقچى ئىكەنلىكىمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ ماڭا بىر پارچە تونۇشتۇرۇش خېتى يېزىپ بەردى ۋە مېنى قىرىق كىلومېتىر يىراقلىقتىكى گوجرا دېگەن شەھەرگە ئەۋەتتى. بۇ شەھەردە مەسىھ مۇخلىسلىرىنىڭ چوڭ بىر جامائىتى بار ئىكەن، جامائەت ئىچىدە ناھايىتى بىلىملىك بىر ئاقساقال بار ئىدى.

بىر كۈنى كەچتە مەن بۇ ئادەمگە بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ۋە روھىي ئىزدىنىشىمنى ئېيتتىم. ئۇ گېپىمگە قۇلاق سېلىپ، ناھايىتى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. ئۇنىڭ زوقىغا ۋە ھېسداشلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن مەن يەنە ئۇنىڭغا ئائىلەمنىڭ يېقىندا ئۇشتۇمتۇت ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردىم. بۇ ئەسلىدە يالغان ئىدى. ئۇ مېنى قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئالدى ۋە مېنىڭ بۇ يەردە بىرنەچچە ھەپتە تۇرۇشۇمنى ئۆتۈندى؛ شۇنداق بولغاندا، مېنىڭ زادى مەسىھ مۇخلىسى بولۇشۇم ياكى بولماسلىقىم توغرىسىدىكى قارارىمنى پۇختا ئويلىنىشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىقاتتى. جامائەتمۇ شۇ ۋاقىت ئىچىدە مېنىڭ ئىرادەمنىڭ

قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتى.

ئۇلار مېنى بىر كارىۋاتلىق كىچىك ياتاق ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، مەن ئىنجىلنىڭ خۇش خەۋىرىنى سىستېمىلىق ئوقۇپ ئۆزۈمگە سىڭدۈرۈشكە باشلىدىم. بۇ يەردە بىر دەرۋازىۋەن بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى بۇتا مەسىھ ئىدى. ئۇنىڭ ئىشەنچىسى، ئېتىقادى ھەم كۈچلۈك ھەم ساددىلارچە ئىدى. بۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم مېنىڭ ياخشى دوستۇم ۋە ياخشى تايانچىم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى بىللە دۇئا قىلىدىغان ھەم بىرلىكتە ئىنجىل ئوقۇپ پاراڭلىشىدىغان بولۇپ قالدۇق.

بىر كۈنى كەچتە ئاقساقال ئۇخلاشقا تەمشىلىپ كارىۋاتتا ئولتۇرغانىدى، مەن «ئايالىمنىڭ ئۆلۈمى» توغرىسىدىكى سۆزلىرىمنى قايتا تىلغا ئالدىم: «ئەسلىدە بۇ گەپ يالغان ئىدى. مەن رەب ئەيسانى تونۇشقا باشلىدىم. ئەمدى يالغانچىلىق ئىچىدە ياشاۋەرمەيمەن» — دەۋەتتىم. ئۇ مېنىڭ بۇ ئىقرارىمنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ، مەن بىلەن بىللە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، خۇدانىڭ كۆڭلۈمدىن ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈن خۇداغا رەھمەت ئېيتتۇق.

مەن بىرىنچى قېتىملىق «گوجرا مەسىھ مۇخلىسى چوڭ مەجلىسى»گە قاتناشتىم، ئۇ مەجلىستىن ئاڭلىغان تەلىملەر ماڭا بەك مەدەت بولدى، بىراق مەن ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك بولغان بىر كۈن بىر يەكشەنبە كۈنى بولدى. ئۇ كۈنى مەن پۈتۈن جامائەت ئالدىدا تۇرۇپ مەسىھ ئەيساغا باغلىغان ئېتىقادىمنى ئېتىراپ قىلىپ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلدۈم. شۇ چاغدا مەن: «گۇلام مەسىھ» (مەسىھنىڭ خىزمەتچىسى) دېگەن يېڭى بىر ئىسىمنى ئۆزۈمگە تاللىدىم.

شۇ ئىشتىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاكىلىرىم «ئاپىمىز ئېغىر كېسەل»، دېگەننى باھانە قىلىپ مېنى ئالغىلى كەپتۇ. مەن يۇرتۇمغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ بىر نەيرەڭ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئاپام بولسا ساپساق تۇرۇپتۇ، ئەمما ئۇ مېنىڭ مەسىھ مۇخلىسى بولغانلىقىمغا بەكمۇ خاپا بولدى. ئاكىلىرىم بولسا بەزى موللىلارنى چاقىرتىپ مەن بىلەن مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. بىراق ئۇلارنىڭ مۇزاكىرىلىرىنىڭ تەسىر كۈچى بولمىغاچقا، ئۇلار ماڭا پەقەت بىرنەچچە ئېغىز ئاچچىق سۆز ۋە تەھدىت سېلىش بىلەنلا كېتىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاكىلىرىم مېنى قاتتىق ئۇرۇپ، قامچىلاپ، بىرنەچچە كۈن ئاش بەرمەي، ئايرىم بىر ئۆيگە

قاماپ قويدى. بىراق ئېتىقادىم ماڭا كۈچ بەرگەچكە، بۇ ئىشلارغا بەرداشلىق بېرەلىدىم، ئۇلار مېنىڭ شۇنچىلىك جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرگەن سەۋر-تاقىتىمگە قاراپ ھەيران قېلىشتى. ئۇلار مېنىڭ ھازىرقى مىجەز-خۇلقۇمنىڭ بۇرۇنقى مىجەز-خۇلقۇمغا شۇنچىلىك ئوخشىماي قالغانلىقىغا بولغان ھەيرانلىقىنى ماڭا ئېيتقانلىرىدا، مەن ئۇلارغا «مەن ھازىر يېڭى بىر ئادەم؛ بۇرۇنقى گۇلام ئۆلدى. مەندە تۇرمۇشقا نىسبەتەن يېڭى پوزىتسىيە ۋە يېڭى ئىش-ھەرىكەت پەيدا بولدى» دېدىم. ھاياتىمنىڭ خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم، لېكىن پانجابتىكى بۈيۈك مەسىھ مۇخلىسى بولغان سادھۇ سۇندار سىڭنىڭ: «مەسىھ ئەيسا ئۈچۈن ئۆلۈش ئاسان؛ بىراق ئۇنىڭ ئۈچۈن ياشاش تەس. ئۆلۈش بىر-ئىككى سائەتلىك ئىش خالاس، لېكىن مەسىھ ئۈچۈن ياشاش، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈندىلىك ئۆلۈشتىن ئىبارەتتۇر» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتقانىدىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي مەن خۇدانىڭ مېنى سىرتلارغا چىقىپ ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى جاكارلاشقا چاقىرغانلىقىنى بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن نۇرغۇن يەرلەردىكى مەسىھ مۇخلىسى جامائەتلىرىنى يوقلىدىم ھەم ئۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ خىزمەتنى قىلىش ئۈچۈن جاھان كېزىشكە باشلىدىم. زاففارۋال شەھىرىدە مېنىڭ نۇرغۇن تونۇشلىرىم بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا خۇش خەۋەرنى جاكارلاشقا جۈرئەت قىلدىم. بۇ بولسا، خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن قۇدرىتىدۇر. كېيىن مەن يەنە سىند ئۆلكىسىگە بېرىپ سىند تىلىنى ئۆگەندىم، ھەمدە سىند ئۆلكىسىدىكى شىكارپۇر شەھىرىدە يىلدا بىر قېتىم تەشكىللىنىدىغان «كۆز داۋالاش لاگېرى»غا قاتناشتىم. نۇرغۇنلىغان كۆز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر ئۆز تۇغقانلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەسىھ مۇخلىسى تەشكىللىگەن بۇ لاگېرغا ھەقسىز داۋالىنىشقا ئېرىشىش ئۈچۈن كېلەتتى. 1952-يىلى سىندتىكى كوخلى مىللىتىدىن بەزىلىرى مېنىڭ ئۇلار ئۈچۈن خۇش خەۋەرنى چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى قىلىشىمنى تەلەپ قىلدى. بۇ مىللەت ھىندىستان دىندارلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار دەسلەپتە مېنى قوبۇل قىلمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يېزا سىرتىدىكى بىر دەرەخ ئاستىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم. لېكىن خۇدا مېنىڭ قول تەگكۈزۈپ تۇرۇپ دۇئا قىلىشىم ئارقىلىق بەزىبىر كېسەل ئادەملەرنى ساقايتقۇزدى. بۇ ئىشلار ئۈنۈم بەرگەندىن كېيىن مەن ناھايىتى

قىزغىن قارشى ئېلىندىم.

يەنە ئۈزۈن ئۆتمەي، تېخىمۇ كۆپرەك تەربىيە ئېلىشقا گۈجرانۋالا شەھىرىدىكى «مەسىھ مۇخلىسلار مەدرىسى»گە ئەۋەتىلدىم. تەتىل ۋاقتىدا مەن كاراچى شەھىرىگە بېرىپ، بىر تۈركۈم مېدىسېستىرالارغا ئىككى قېتىم تەلىم بەردىم. پانجابلىق باھارگۈل دېگەن بىر سېستىرا قىز بولۇپ، ئۇ مەسىھ ئېتىقادچى ئائىلىسىدىن ئىدى. لېكىن ئۇ تەكەببۇر ھەم ھالى ئۇستۈن ئىدى. خۇدا ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن مېنىڭ سۆزلىرىم ئارقىلىق ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقىغا قاتتىق زەربە بەردى بولغاي، ئۇ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تىزلىنىپ تۇرۇپ توۋا قىلدى ھەم ئۆز ھاياتىنى مەسىھ ئەيساغا تاپشۇردى. مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن بىزنىڭ رىشتىمىز باغلىنىپ قالغانىدى. ئاتا-ئانىسىنىڭ توي قىلىشىمىزغا قوشۇلغانلىقى مېنى بېشىم ئاسمانغا تاقاشقۇدەك خۇشال قىلىۋەتتى. شۇندىن بېرى باھارگۈل مېنىڭ ئاجايىب كۆچلۈك ئىلھامىم ۋە ياردەمچىم بولۇپ كەلدى. بىز توي قىلغاندىن كېيىن مەن ئۆزۈمگە يەنە بىر يېڭى ئىسىم، يەنى نائامان دېگەن ئىسىمنى قويدۇم. نائامان دېگەن كىشى ئەسلىدە بىر سۈرىيەلىك گېنېرال بولۇپ، ئېغىر ماخاۋ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان. ئۇ كىچىك بىر يەھۇدىي قىز خىزمەتچىسىنىڭ گۇۋاھلىق گېپىنى ئاڭلاپ، ئىلىشا پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا بارغان. ئىلىشا پەيغەمبەر خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنى ساقايتقان. ئەنە شۇ قىزنىڭ گېپى نائامانغا مۇھىم رول ئوينىغىنىغا ئوخشاش، ماڭىمۇ ئىخلاسمەن قىز-ئاياللارنىڭ گەپ-سۆزلىرى ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناپ كەلدى؛ «نائامان» دېگەن شۇ نام ماڭا بۇ ئىشنى بىلدۈردى.

مەسىھ ئەيسانىڭ يولىدا خۇدانىڭ خىزمىتىنى قىلغىنىمىزدا بىز ھەم شاد-خۇراملىق ۋە بەختسىزلىككە يولۇقتۇق. ئۆتكەن يىل (1994) كەنجى ئوغلۇم خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى جاكارلىغىنى ئۈچۈن، ئۇ بىر قىسىم «غازىي»لار (غازات قىلغۇچىلار) تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى. مەن ئۇلاردىن نەپرەتلەنمەيمەن، ئەكسىچە، ئۇلارغا دۇئا قىلىمەن. ئۇلار بۇرۇنقى مەندەك، پەقەت ئۆز ئەنئەنىلىرىگە قارىغۇلارچە ئەگەشكەن، خۇدانىڭ رەھىمدىللىقلىرىنى كۆرمىگەن ئازغان قويلار، خالاس. خۇدا ماڭا رەھىم قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز مېھىر-شەپقىتىنى كۆرسەتتى. ئۇ ئۇلارغىمۇ ۋە ھۆرمەتلىك كىتابخانلىرىم بولغان سىزلەرگىمۇ ئوخشاشلا ئىلتىپات قىلغاي، دەپ دۇئا قىلىمەن.

«خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيىدۇكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنى پىدا بولۇشقا بەردى. مەقسىتى، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ھەربىرىنىڭ ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر»

## 2. «مۇھەببەتنىڭ تۆرتكىسى» (گامبىيەدىن بولغان گۇۋاھلىق)

*«ھاياتىمغا چوڭقۇر ئەھمىيەت يەتكۈزگەن ئەنئەنەم ۋە مەدەنىيىتىمنىڭ دەل ئۆزىلا كاللامغا چوڭقۇر سوئاللارنى، يەنى خۇدا توغرىسىدا، ئىنسان توغرىسىدا، ھايات-مامات ۋە مۇتلەق ھەقىقەت توغرىسىدىكى سوئاللارنى پەيدا قىلغانىدى. بۇ سوئاللار مېنى قۇرئاننى چوڭقۇرراق ئوقۇشۇمغا، تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئويلىنىشىمغا تۆرتكە بولدى. قۇرئاندا مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئىش مەسىھ ئەيسا توغرىسىدىكى گۇۋاھلىقى بولدى. بۇ گۇۋاھلىق بويىچە، مەسىھ ئەيسا ھەم پەيغەمبەر ھەم روسۇل، لېكىن كرېستقا مىخلانغان ئەمەس ئىدى».*

ئافرىقىدىكى گامبىيەلىك «لانىن ئوسمان سانەھ» ماندىنكا مىللىتىدىن بولۇپ، ئۇ ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا تولىمۇ چوڭقۇر كىرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ نۇرغۇن تېگى چوڭقۇر سوئاللار توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى. لېكىن قۇرئان ئۇنىڭ ئوي-پىكىرلىرىنى مەسىھ ئەيساغا قاراتتى. «مۇقەددەس كىتاب» — «تەۋرات»، «زەبۇر»، «ئىنجىل»نى ئوقۇش جەريانىدا، ئۇ خۇدانىڭ ئۆزىنى ئۆز ئەينى پېتىدە سۆيىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ بۇنى تونۇپ يەتكەندە، پۈتۈن ھاياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. مانا مۇشۇ تونۇشقا كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خۇش جەۋەرنى جاكارلاش خىزمىتى ئۆزىنى ئافرىقىدىكى نۇرغۇن يەرلەرگە

ئېلىپ باردى. كېيىن ئۇ لوندون ئۇنىۋېرسىتېتىدا «ئىسلامشۇناسلىق» دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالدى، ئاندىن ئەنگلىيەدىكى ئابېردىن ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ، ئەنگلىيەدىمۇ خۇش خەۋەر خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى.

«يۇرتۇمدا، باللىق ۋە ياش ۋاقىتلىرىمدا، رامازان ئېيى روزا تۇتۇش ۋاقىتلىرى يېقىنلاشقانسېرى، بىز قاتتىق ھاياجانلىنىپ، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، خۇددى بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلغاندەك ھېسسىياتتا بولۇپ كېتەتتۇق. مەن روزا تۇتۇشنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالاتتىم، چۈنكى روزا تۇتۇش خۇداغا مۇھەببەت ئىپادىلەش، خۇداغا بويسۇنۇش ۋە ئىخلاسمەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈشكە ۋە مۇجەسسەملەشتۈرۈشكە بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىدى. لېكىن بەزىدە مېنىڭ ئاشۇنداق قاتتىق قائىدە-يوسۇنلاردىن قېچىپ كەتكۈم كېلەتتى: بەزىدە، خۇدانىڭ بىزدەك بەندىلىرىگە قويغان تەلەپلىرىنى بەك سۈرلۈك، بەك قاتتىق دەپ ھېس قىلىپ قالاتتىم. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەندە يەنە، خۇدانىڭ بىز ئۈچۈن بېكىتكەن بۇ ئىشنى مۇۋەپپىقىيەتلىك بىلەن ئورۇنلىغىمدىن چىققان بىرخىل غەلىبىلىك ھېسسىياتمۇ بار بولاتتى. كاتتا زىياپەت بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان روزا ھېيت-بايرىمى بىز ئۈچۈن بىر شەرەپلىك كۈن بولاتتى، ئەلۋەتتە. ھېيت تائاملىرىدىن، شۇنداقلا پاكىز ئاپئاق كىيىممىنى كىيىپ، بارلىق دوستلىرىم بىلەن بىللە دۇئا قىلىدىغان جايغا بېرىشتىن تولىمۇ ھۇزۇرلىناتتىم. مەندە، خۇدا مېنى قەرزلىرىمنى تۆگىتىش ئۈچۈن مېنى قوبۇل قىلدى، دېگەن ئۇلۇغ بىر ھېسسىيات بولاتتى.

مەن ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغان بىر مۇسۇلمانلار ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىردىم. بىز مەكتەپتە، بەزى ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە دۇئا قىلىش بىلەن تۈنەپ چىقاتتۇق. تاڭ ئاتقاندا، مەدھىيە مەرسىيىلىرىمىزنىڭ خۇداغا كۆتۈرۈلۈشى بىلەن، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىزگە چۈشۈۋاتقاندەك بولاتتى. مۇسۇلمان چېغىمدا مانا مۇشۇنداق تەربىيە-ئىنتىزاملار ماڭا سىڭدۈرۈلگەنىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن خۇداغا بەك مىننەتدارمەن.

بەلكىم، شۇنداق تۇرۇقلۇق، مېنىڭ يەنە نېمە ئۈچۈن مەسىھ مۇخلىسى بولۇپ قالغانلىقىم ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقانسىز؟ ھاياتىمغا چوڭقۇر ئەھمىيەت يەتكۈزگەن

ئەنئەنەم ۋە مەدەنىيىتىمنىڭ دەل ئۆزىلا كاللامغا چوڭقۇر سوئاللارنى، يەنى خۇدا توغرىسىدا، ئىنسان توغرىسىدا، ھايات-مامات ۋە مۇتلەق ھەقىقەت توغرىسىدىكى سوئاللارنى پەيدا قىلغانىدى. بۇ سوئاللار مېنى قۇرئاننى چوڭقۇرراق ئوقۇشۇمغا، تېخىمۇ چوڭقۇرراق ئويلىنىشىمغا تۈرتكە بولدى. قۇرئاندا مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئىش مەسىھ ئەيسا توغرىسىدىكى گۇۋاھلىقى بولدى. بۇ گۇۋاھلىق بويىچە، «مەسىھ ئەيسا ھەم پەيغەمبەر ھەم روسۇل، لېكىن كرېستتقا مىخلانغان ئەمەس ئىدى»، چۈنكى قۇرئاندا باشقا بىرسى ئۇنىڭ ئورنىدا كرېستتقا مىخلانغان دېيىلگەن. مەن ئۆلۈم ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھايات توغرىسىدا كۆپ ئويلانغانىدىم؛ شۇ ۋاقىتتا ئەگەردە خۇدا باشقا بىرسىنى مەسىھ ئەيسانىڭ ئورنىغا قويغان بولسا، ئۇنداقتا خۇدانىڭ ئاشۇ ئۆلگەن كىشى ئۈچۈن مەسئۇلىيىتى بار بولغان بولىدۇ، دېگەن ئوي مەندە پەيدا بولدى.

بۇ ۋاقىتتا مەن يەنە: «مۇبادا مەسىھ ئەيسا كرېستتقا مىخلانغان بولسا، ئۇنداقتا خۇدانىڭ مەلۇم بىر نىيىتى بار بولۇشىمۇ مۇمكىن؟» دەپ ئويلىدىم. يەنە بىر ئويۇم: ھاياتىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى جەزمەن دەرد-ئەلەملەر، قايغۇ-ھەسرەتلەر ۋە ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمىزنىڭ پارە-پارە بولۇپ يوققا چىقىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ، دەپمۇ ئويلىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەندە مۇنداق بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى: — بۇ دەرد-ئەلەمگە تولغان كرېست، ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ تۈپكى يېرىدىكى ھايات سىرى توغرۇلۇق بىزگە بىرنېمىنى چۈشەندۈرمەكچىمىدۇ؟ بۇنىڭ بىلەن مەن مەسىھ ئەيسانىڭ تەرجىمىھالىغا بەك قىزىقىپ قالدىم. مەن مەسىھ ئەيسانىڭ كرېستتقا مىخلىنىشى ھەقىقەتەن تارىخىي بىر ۋەقە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدىم. ئەڭ ئاخىرى، بۇ مەسىھ ئەيسا مەن ئۈچۈن، يەنى مېنىڭ گۇناھلىرىمنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن كرېستتا ئۆلدى، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم.

مېنىڭ مەسىھ ئەيسانى قوبۇل قىلىشىم قۇرئاننى ئوقۇشۇمدىن بولدى. كېيىن مەن مۇقەددەس كىتاب — تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىلنى ئوقۇش مېنى ئۆزىگە بەك جەلپ قىلدى. بۇ كىتابتىن ئاجايىب زور بىر باياننى كۆردۈمكى، خۇدا مېنى ئۆز ئەينىم پېتى سۆيىدىكەن، شۇنداقلا مېنىڭ «ساۋابلىق ئىشلاردىن ئالغان نومۇر»ۇمغا قىزىقمايدىكەن. شۇنى بايقىدىمكى، خۇدانىڭ بىزنى ئۆز ئەينىمىز پېتى سۆيىدىغانلىقىنى تونۇۋېلىشقا ئەڭ چوڭ توسالغۇلاردىن بىرى بىزنىڭ

ياخشى بولۇشقا ئىنتىلىپ «خۇدانى تەسىرلەندۈرۈش» مەقسىتى بىلەن قىلغان خىزمەت ياكى خەير-ساخاۋەتلىك ئىشلىرىمىزدىن ئىبارەت ئىكەن. بەزىدە ئۇچىغا چىققان گۇناھلىرىمىزنىڭ ھەددى-ھېسابسىز كۆپىيىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، مەيۈسلىنىپ ئۈمىدسىزلىنىمىز. لېكىن ھەممىدىن ئاجايىب ئىش شۇكى، ئىنجىل بويىچە خۇدا بىزنى ئۆز ئەينى پېتىمىز بويىچە سۆيىدۇ — بۇ ھەقىقەت ھاياتىمغا زور ئۆزگىرىش ئېپكەلدى.

مەسىھ مۇخلىسى جامائىتىگە قاتنىششقا ئىنتىلگىنىمدە، مۈشكۈللۈككە ئۇچرىدىم. بەزى مۇخلىسلار مۇسۇلمانلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقىدىن، مەندىنمۇ گۇمانلاندى. ئۇلار مېنىڭدەك ئادەملەرگە تېخى كۆنۈپ كېتەلمىگەندى، ئۇلار مېنى ئاران دېگەندە قوبۇل قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن بىرەيلەن ماڭا: «سىز بەك مۇھىم بولسىڭىز كېرەك. شۇڭا خۇدا سىزنى ئىسلام دىنىدىن ئايرىپ چاقىرىپ چىقتى» دەپ قويدى — بۇ ئىش مېنى تەككەبۇرلۇققا ئازدۇرۇشقا تاس قالدى. جامائەتنى سەل چاغلاپ: «ئۇلار ياخشى ئەمەسكەن، مەن ئۇلارغا مەنسۇپ ئەمەسمەن» دېگەندەك يەنە بىر ئازدۇرۇشقا ئۇچرىدىم. يەنە بىر تەرەپتىن، بەزى مۇسۇلمان دوستلىرىم كوچىدا مېنى چالما-كېسەك بىلەن ئۇرغاندا ھەم خارلىغاندا، مەن خۇدا غەزىپىنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشىنى تىلەشتەك ئازدۇرۇشقىمۇ ئۇچرىدىم.

مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا ئۇچرىغاندا، ھاياتىمىزنىڭ مەيلى قانداق ئەھۋالدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەسىھ ئەيسانىڭ بىز ئۈچۈن قۇربانلىق ئۆلۈمىنىڭ ھەر ۋاقىت ھەر زامان ئۆزگەرمەس بىر پاكىت ئىكەنلىكىنى خۇدا ماڭا كۆرسىتىپ بەردى. بىزنىڭ ھېس-تۇيغۇمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەسىھ ئەيسانىڭ بىز ئۈچۈن بولغان ئۆلۈمى خۇدانىڭ بىزنى سۆيىدىغانلىقىغا پاكىتتۇر — بۇ ئادەمگە نېمىدېگەن خاتىرجەملىك يەتكۈزىدىغان ئىش-ھە! «زەبۇر»دىكى ئۇرغۇن كۈيلەرنى يازغان داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ: «روھىڭدىن نېرى بولۇشقا نەلەرگىمۇ بارالايتتىم؟ ھۇزۇرۇڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ نەلەرگە بارالايتتىم؟» دېگەن سىرى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. خۇدانىڭ ھازىرلىقى بولسا، يەنى ئۇنىڭ ھەر دائىم بىز بىلەن بىللە بولىدىغانلىقى ئۇنىڭ ھەردائىم بىزنى قۇچاقلايدىغان مېھىر-مۇھەببىتىدۇر. روسۇل يۇھاننا: «مانا قاراڭلار، خۇدائاتىنىڭ

بىزگە باغلىغان شۇنچە زور مۇھەببىتىنى!» دېگىنىدەك، خۇدا مېنى ئۆز ئەينىم پېتى سۆيىدۇ.

روسۇل پاۋلۇس بىزنى گۆھەر ساقلايدىغان ساپال قاچىلارغا ئوخشىتىدۇ. بۇ گۆھەر دەل خۇدانىڭ روھىنىڭ ئۆزىدۇر. مۇشۇ قىممەتلىك گۆھەرنى بىلىپ يەتسەكلا، بۇ خەۋەرنى ھەر ئادەمگە، مەيلى مۇسۇلمان، مەيلى بۇتپەرەس، مەيلى خۇداسىز ياكى ئىسمى بار جىسمى يوق خرىستىئان بولسۇن، ھەممە ئادەمگە يەتكۈزۈشنى خالايمىز.

مەن ئۆزۈم ئەنگلىيەدە ۋە لىۋاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئىسلام دىنىنى ۋە ئەرەب تىلىنى خېلى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئافرىقىدىكى مۇخلىس جامائەتلىرىگە، مۇسۇلمان قوشنىلارغا يېقىنلىشىپ ئۇلار بىلەن ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى ئورتاقلىشىش ياردىمىدە بولۇش ئۈچۈن ئافرىقىغا قايتىپ باردىم. بىز خۇدانىڭ بىزنى سۆيىدىغانلىقىنى ھەقىقەتەن تونۇپ يەتكەن بولساق، ئۇنىڭ بىزگە باغلىغان شۇنچە ئىشەنچىسى باركى، ئۇ مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق ئۆزىنى بىزگە تاپشۇرماقچى، شۇنداقلا ئۇ بۇ خۇش خەۋەرنى قولىمىزغا ئامانەت قىلىپ قويغاندۇر. ئۇنى تونۇشتۇرۇشتىكى بىردىنبىر يول مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسىدىندۇر.

ئۇنىڭ مېنى قۇتقۇزۇپ ئۆز خىزمىتىگە ئەۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ماڭا بەرگەن ھەممە سوۋغىتى ئۈچۈن مەن خۇدانى مەدھىيىلەيمەن. ياش ۋاقتىمدىكى مۇسۇلمان تەربىيىسى ئارقىلىق ماڭا بېغىشلىغان سوۋغاتلار ۋە قىممەتلىك نەرسىلەر ئۈچۈنمۇ ئۇنى مەدھىيىلەيمەن. بۇلارنىمۇ ئۇ ئۆزىگە شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن بېغىشلىغان. مېنىڭ باشتىن-ئاخىر پەرۋىش قىلىنىشىمنىڭ ئىچكى سىرى، مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزىدۇر. بۇنى جاكارلاش — يەنى مۇھەببەت ئىچىدە، كىچىك پېئىللىق ئىچىدە، سەۋر-تاقەت ئىچىدە، خۇداغا تۈرلۈك خىزمەت ھەم ئىبىتقان نۇرغۇن رەھمەتلىرىم ئارقىلىق جاكارلاش — مېنىڭ شان-شەرەپلىك بۇرچۇمدۇر.

# 3. ئافغانىستانلىق جاھانگىر دۇراننىڭ گۇۋاھلىقى ـ «ئاخىرى ھەممە ئادەم ئەيساغا بويسۇندۇ»

*«مەن ئىنجىلنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ تەكشۈرۈشكە باشلىدىم. ئۇنىڭدا ماڭا: «سەن جاھانگىر دېگەن ئادەم گۇناھكار، شۇڭلاشقا خۇدانىڭ دۈشمىنى بولىسەن. ھەقىقىي ئامان-تىنچلىق «ساۋابلىق ئىشلار» ئارقىلىق كەلمەيدۇ» دەۋاتقان بىرخىل كۈچ-قۇدرەت بار ئىدى. بۇ مەن ئۈچۈن ھەقىقەت؛ گەرچە مەن دۆلەتمەن، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولساممۇ، مەندە ھېچقانداق خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادىلىكى يوق ئىدى. مەن تەكەببۇرلۇققا تولغانىدىم»*.

جاھانگىر دۇراننى ئافغانىستاندىكى پاتان مىللىتىدىن بولغان ئاقسۆڭەك تەقۋادار مۇسۇلمان ئائىلىسىنىڭ غۇرۇرلۇق ئەزاسى ئىدى. مەسىھ ئەيسانىڭ يولىنى تۇتقان بىر تونۇشى ئۇنىڭغا بەرگەن بىر ئىنجىل ئۇنى ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ ئالدىدا نىجاتقا موھتاج بولغان گۇناھكار ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى. ئۇ مەسىھكە ئىشەندى. ئۇ چۆمۈلدۈرۈلگىنىدە رەببى ھەم قۇتقۇزغۇچىسىنىڭ ھەقىقەتلىكى ۋە ئۆزىگە يېقىنلىقىنى ئالامەت ھېس قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن جاھانگىر سىند رايونىدىكى مۇسۇلمان خەلقلەرگە بۇ نىجاتلىق خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن.

ــ مېنىڭ ئىسمىم جاھانگىر، قائىر ئۇللا خاننىڭ ئوغلى، ئافغانىستاندىكى سابىق خان ئائىلىسى بولغان «دۇراننىلار»غا تۇغقانمەن. يۈز يىلچە ئىلگىرى ئائىلەم سىند رايونىغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇ قەدىمكى شەھەر شىكارپۇردا دۆلەتمەن پومېشچىكلەردىن بولۇپ قالغان. مەن پاتان مىللىتىدىن بولغىنىمدىن ئىسلامغا

ئىشەنگەنمەن، پاتانلار قاتتىق تەقۋادار مۇسۇلمان، شەرىئەتكە قاتتىق رىئايە قىلىدىغان مىللەت ئىدى. ئاتا-ئانام ھەم سالماق ھەم ئۆزىنى تۇختاتقان ئادەملەر ئىدى، ئۇلار مەن بىلەن ئاكامغا ئىسلامنىڭ سىرلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل تونۇشتۇرغان. بۈگۈن ئاكام شىئە مەزھىپىگە ۋەكالىتەن داڭلىق ئاقلىغۇچى بولدى. مەن بولسام «مەسىھنىڭ ئادىمى» بولدۇم.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مەن ئۆي جابدۇقلىرىنى ساتىدىغان دۇكاننى باشقۇرغىنىمدا، بىرنەچچە ئورۇندۇقنى كۆتۈرگەن بىر ئادەم دۇكانغا كىردى. سۆھبەت داۋامىدا ئۇ «مۇقەددەس كىتاب» ۋە مەسىھ ئەيسا توغرىسىدا بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلدى. شۇ چاغدا مەن ئانچە دىققەت قىلماپتىمەن، چۈنكى كاللامغا شەرىئەت سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى بىراقلا چۈشىنىۋېلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كېيىن ئۇ ئادەمنى يوقلاپ ئۆيىگە باردىم. ئۇ ماڭا «مۇقەددەس ئىنجىل» دېگەن بىر كىتابنى بەردى. بۇنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ تەكشۈرۈشكە باشلىدىم. ئۇنىڭدا ماڭا: «سەن جاھانگىر بولساڭ گۇناھكار، شۇڭلاشقا خۇدانىڭ دۈشمىنى بولىسەن. ھەقىقىي ئامان-تىنچلىق «ساۋابلىق ئىشلار» ئارقىلىق كەلمەيدۇ» — دەۋاتقان بىرخىل كۈچ-قۇدرەت بار ئىدى. بۇ مەن ئۈچۈن ھەقىقەت؛ گەرچە مەن دۆلەتمەن، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم بولساممۇ، مەندە ھېچقانداق خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادىلىكى يوق ئىدى. مەن تەكەببۇرلۇقتا تولغاندىم. تا ھازىرغىچە بۇ ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىدىغان ئايەت ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: «**مەن مەسىھ توغرىسىدىكى بۇ خۇش خەۋەردىن ھەرگىز خىجىل بولمايمەن! چۈنكى ئۇ ئۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنى، ئالدى بىلەن يەھۇدىيلارنى، ئاندىن كېيىن يەھۇدىي ئەمەسلەرنى نىجاتقا ئېرىشتۈرىدىغان خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىدۇر!**».

مەن بارغانسېرى بىئارام بولۇپ كەتتىم. خۇدانىڭ ھەممە ئادەمگە سوراقچى بولىدىغانلىقىغا ئىشەندىم، ھەم: «**ئۇنىڭدىن** (مەسىھ ئەيسادىن) **باشقا ھېچكىمدە نىجات يوق، چۈنكى پۈتكۈل ئاسمان ئاستىدا ئىنسانلار ئارىسىغا تەقدىم قىلىنغان، ئەيسادىن باشقا بىزنى قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق بىرنام يوقتۇر**» دېگەن بۇ ئايەتنى ئوقۇپ، نىجات مەسىھ ئارقىلىق

بولغانلىقىنى چۈشەندىم، چۈنكى ئۆزى گۇناھسىز بولسىمۇ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىگە تېگىشلىك بولغان جازانى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ ئۆزىنى قۇربانلىق قىلغان، دېگەن خەۋەرنى ئوقۇپ ئۆگەندىم. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا، ئىسلامغا بويسۇنۇپ قىلغان «ساۋابلىق ئىشلار»غا باغلىغان ئۈمىدىمنى ئۈزۈش، مەسىھ ئەيساغا ئىشىنىش مەن ئۈچۈن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما كېچە-كۈندۈز ئىنجىلنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇۋاتاتتىم. خاراكتېر-مىجەزىم ئۆزگەرمەكتە ئىدى: خەقلەر مەندەك بۇرۇن شۇنچە تەكەببۇر بىر ئادەمنىڭ ھازىر كەمتەر بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ بەك ھەيران قالغانىدى.

مەن غەمگە چۆمگەن ھالدا دۇئا قىلىشقا بېرىلدىم. مەلۇم بىر كېچە مەن ئۈچۈن ھاياتىمنىڭ ھەم ئەڭ ئاخىرقى كېچىسى ھەم تۇنجىسى بولغان بىر كېچە بولدى، بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. بۇ ئاۋاز: «پەرىشان روھىڭ داۋاسى ئىشەنچتۇر، ئەيسانىڭ ھەم قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ھەم خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە باغلىغان ئىشەنچتۇر. خۇدانىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەزاسى بولماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ ئوغلىنى رەببىم دەپ چاقىر» دېگەن ئاۋاز ئىدى. ماڭا بۇنداق گەپنى قىلىۋاتقان كىم ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم. ئەتىگەندە مەن مەسىھ ئەيساغا قەتئىي ئىشىنىش قارارىغا كەلدىم. بۇ ئىشنى ئېنىقراق قىلىش ۋە ئۆزۈمنىڭ ئىرادەمنى كۆپرەك چىڭىتىش ئۈچۈن مەن: «قىيامەت كۈنىدە ھەر ئادەم مەسىھ ئەيساغا تىزلىنىپ سەجدە قىلىدۇ» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدۇم. مەن ئۆزۈمگە: «ئۇ چاغدا بۇ ئىش مەجبۇرىي بولىدۇ، ئەمما مەن بۇنى ئىختىيارىي قىلىمەن» — دېدىم.

خەقلەر «دۇرانىنى ئىنجىلنى ئوقۇيدىكەن» دەپ ئاڭلاپتۇ. كۆپ كىشىلەر كېلىپ مېنىڭ ئوقۇماسلىقىمنى دەۋەت قىلىپ: «بۇ ئىنجىل ئۆزگەرتىلگەنىكەن. ئازدۇرۇلۇپ كېتىسىز. ئېتىقادىڭىز ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ» دېدى. جاۋابەن مەن سۈكۈت قىلدىم. ئاخىرىدا مەسىھنىڭ ماڭا: «سەن كىشىلەرگە گۇۋاھلىق بېرىشىڭ كېرەك» دېگىنىنى سېزىپ يەتتىم. شۇڭا گۇۋاھلىق بېرىشكە باشلىدىم. پۈتۈن شەھەر مەن ئۈچۈن ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. كىشىلەر يىراق-يېقىندىن مەن بىلەن مۇزاكىرىلىشىش ئۈچۈن كەلدى، لېكىن مېنىڭ قارارىمنى ئۆزگەرتەلمىدى، چۈنكى ئېتىقادىنىڭ نۇرى كۆڭلۈمدە يېقىلغانىدى.

مەن مەسىھ مۇخلىسلىرى جامائىتى پۈتۈن دۇنياغا ئورتاق، مەنمۇ ئۇنىڭ

بىلەن ئورتاقلىشىمەن دېگەن قارارغا كەلدىم، شۇڭا شىكارپۇر شەھىرىدە جامائەت ئالدىدا سۇغا چۆمۈلدۈرۈلدۇم.

سۇغا چۆمۈلدۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى، كۆڭلۈمدە ئىلگىرى ھېس قىلىپ باقمىغان، ئالامەت باشقىچە بىر ھېسسىيات پەيدا بولدى. سۇغا چۆمۈلۈش مەن ئۈچۈن غەلىتە ئىش ئەمەس ئىدى، مەن ياخشى سۇ ئۈزگۈچى بولغانمەن، لېكىن بۇ سۇ ئوخشىمايدۇ. سۇغا كىرىشىمدىن ئىلگىرى، قەلبىم بەرق ئۇرۇپ ئېچىلاي دەپ تۇرغان بىر غۇنچىدەك ئىدى. سۇغا چۆمۈلۈشۈم بىلەن مەسىھنىڭ كرېستتىكى ئۆلۈمىنى كۆردۈم: مەسىھنىڭ ئۆزى مېنى ئېلىپ ئۆزى بىلەن بىرلەشتۈرىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەسىھ ئەيسا خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەن، ئەمدى خۇدالىق تەبىئىتى بىلەن ئىنسانىي تەنگە كىرىپ دۇنياغا كېلىپ، مېنى قۇتقۇزغان ۋە ئەمەلىيەتتە ئۆز قېنى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا نىجات كەلتۈرگەن، دەپ ئىشىنىمەن. ئېتىقادىنىڭ بايلىقلىرى بىلەن بېيىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ بىلەن ئۆز گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇۋاتقىلى بولىدۇ. ھەممە ئادەملەر مەسىھ ئەيسانى رەببىم ۋە نىجاتكارىم دەپ چاقىرىشى كېرەك. بۇ ئېتىقاد مۇزاكىرىلەر ياكى ئادەمنىڭ ئەقلى ئارقىلىق كەلگەن ئەمەس، بەلكى ئىشەنچتىنلا كېلىدۇ. ئەمما قارا ئاسانلا ئاق بولمايدۇ، ئۆزۈمنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ!

مەن كېيىن ھىندىستاندىكى ھىدىراباد شەھىرىدە بىر مەسىھلىك كىتابخانىسىدا خىزمەت قىلدىم. شۇ يەردە نۇرغۇن ياش مۇسۇلمانلار كېلىپ مەسىھلىك ئېتىقادى توغرىسىدا سوئال سوراشقا، خۇدانىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇشقا كېلىپ تۇرىدۇ. ئۆزۈمنىڭ دۇئايىم دەل شۇكى، نىجاتنىڭ مەسىھتىن كېلىدىغانلىقىنى، ئۇ ئۆزى خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم ئۆزى تونۇۋالسۇن دېگەنلىكتۇر. مۇقەددەس روھنىڭ تەسىرى بىلەن نۇرغۇن ئادەملەر مەسىھ ئەيسا دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچىسىدۇر دەپ بىلىدىغان ۋاقىت يىراق ئەمەستۇر.

# 4. «تاپقان شادلىقىم» (پاكىستاندىن بولغان گۇۋاھلىق)

*«- شۇ كۈنى مەن: «ئەي جاپاكەشلەر ۋە ئېغىر يۈك يۈكلەنگەن ھەممىڭلار! مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ئاراملىق بېرەي!» (ئىنجىل، «ماتتا» **11**-بابتىن) دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئايەت تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتتى. چۈنكى شەرىئەتنىڭ ئېغىر يۈكى ماڭا يۈكلەنگەن بولۇپ، تايانچىم يوق ئىدى».*

خۇدانى تونۇمايدىغان لېكىن تەقۋادار ئادەم ئۈچۈن، گۇناھ ئېگىڭى قورقۇنچلۇق ئىشتۇر. پاكىستانلىق پارۋەز يۇھاننا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ كۆپ ۋاقىتلارنى دۇئا قىلىش ۋە سوپىلىق تەرىقىدە ئۆتكۈزگەن. ھالبۇكى، بۇلار ئۇنىڭدىكى گۇناھ ئېڭىنى ۋە دوزاختىن بولغان قورقۇنچنى يېنىكلەشتۈرەلمىدى. كېيىن ئۇ مەلۇم بىر دوختۇرخانىدا ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدۇ. ئىنجىلدىن ئېلىنغان: «**مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ئارامىلىق بېرەي!**» دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىدۇ. نىجات-قۇتقۇزۇش «ساۋابلىق ئىشلار»دىن ياكى كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن كەلمەيدۇ، بەلكى خۇدا ئىنسانغا ئاتا قىلغان سوۋغاتتىنلا ئىبارەت، دەپ بىلىپ يېتىدۇ. خۇدا پارۋەزگە نۇرغۇن سىناقلاردىن ئۆتۈشكە ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىچىك پېئىللىقتا تۇرۇشقا مەدەت بەردى. ئۇ تويى قىلغاندىن كېيىن، ھازىرغىچە پاكىستاندا مەسىھ مۇخلىسى توپلاشقان بىر يېزىدىكى مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ.

مەن پاكىستانلىق، مۇسۇلمان ئائىلىسىدىن بولىمەن. باللىق ۋاقتىمدىن

تارتىپ مەن دىنىي قائىدە-يوسۇنلارغا قىزىقاتتىم، دىن-ئېتىقاد توغرۇلۇق ئۆگىنىش مېنىڭ ئارزۇيۇم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالغانىدىم. ئېسىمدە تېخى ئېنىق تۇرۇپتىكى، مەن سەككىز ياشقا كىرگەندىن باشلاپلا، خەقلەر مېنى «ئەۋلىيە» دەپ چاقىرىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار يېنىمغا كېلىپ دۇئا قىلىشمنى تەلەپ قىلاتتى، مەن نېمە دېسەم، خۇدا شۇنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، دەپ ئويلايتتى. مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، مەن ھېچكىم بىلەن سوقۇشۇپ قالغان ئەمەسمەن، پەقەت ئۆگىنىش بىلەنلا بولدۇم. مەيلى ئويۇن، مەيلى تەنھەرىكەت بولسۇن مېنى قىزىقتۇرمايتتى، دىن ئەھلىلىرى بىلەن بىللە بولۇشقا ئىنتىلەتتىم. ئائىلەمىزمۇ دىندار ئائىلە ھېسابلىناتتى؛ ئاتام ھەم بىلىملىك ھەم تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. مەن دادامغا ئوخشاش بولۇشنى، شۇنىڭ بىلەن خەقلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. شۇڭلاشقا دىنغا بولغان قىزىقىشىم مەپتۇنلۇق دەرىجىسىگە يەتكەنىدى.

يەتتىنچى سىنىپنى پۈتتۈرۈشۈم بىلەن ئاتام كېسەل بولۇپ تۈگەپ كەتتى. مەكتەپتە يەنە بىر يىل ئوقۇپ قالدىم، ئەمما كۆڭلۈم سۇنۇق بولۇپ بۇ دۇنياغا قىزىقماس بولۇپ قالغانىدىم، يالغۇز بولۇشنى خالايتتىم. ئۆيدىن ئايرىلىپ چىقىپ بىر پىنھان جايدا ئولتۇراقلىشىپ، يا ئاچلىققا يا ئۇسسۇزلۇققا قارىماي شۇ يەردە تۇرۇشقا باشلىدىم. بەزىدە بىرنەچچە ھەپتە ئۆيگە قايتمايتتىم. كېيىن بىر نەۋرە ئاكام مېنى بىر سوپى پىرغا تونۇشتۇردى. مەن بۇ پىرغا ئەگىشىشكە قەسەم قىلىپ ئۇنىڭ مۇخلىسى بولدۇم. ئۇ ماڭا زاھىتلىق تەرىقىدە مېڭىشىمنى دەۋەت قىلدى. شۇڭا كىچىچە قۇرئاننى ئوقۇپ تاڭنى ئاتقۇزۇشقا باشلىدىم. ھەتتا بەزىدە تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتىم، شۇ سەۋەبتىن ئاجىزلاپ كېتىپ، يولنىمۇ ئاران دەسسەپ ماڭىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغان كۈنلىرىممۇ بولغان. كىشىلەر مېنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كېسەللىك، بالايىئاپەت، قىيىنچىلىقلاردىن خالىي بولۇشلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ تۇرۇشۇمنى ئۆتۈنۈپ، مېنى كىچە-كۈندۈز دېمەستىن ئىزدەپ كېلىشكە باشلىدى. مەن بۇ ئالەمدىن شۇنچە سوۋۇپ كەتتىمكى، ھېچكىمنىڭ مېنى ئىزدەپ كېلىشىنى خالىمايتتىم. ئەمما «قوغلىغاندىن قاچ، قاچقاننى قوغلا» دېگەندەك، ئۇلار مېنى تېخىمۇ ئىزدەيدىغان بولۇپ كەتتى.

مەن ئىسلام شەرىئىتىگە رىئايە قىلىشقا، بېكىتىلگەن بەش ۋاق ناماز،

قوشۇمچە ناماز ۋە تۈنەكلەرنى ئۆتكۈزۈشكە ئىنتىلىش بىلەن كۆپ ئۆتكۈزەتتىم. ئەمما ئۆزۈم بولسام، شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلىۋاتقان، گۇناھ سادىر قىلىۋاتقاندىم. كۈچۈمنىڭ بارىچە گۈزەل ئىشلارنى قىلىشقا ئىنتىلگەن بولساممۇ، لېكىن خۇدانىڭ قۇتلۇق كۆڭلىنى رەنجىتمىدىممۇ مەن خۇداغا نېمىدۇر بىر گۇناھ سادىر قىلىۋاتقاندەك قىلاتتىم. ئەڭ ئەشەددىي گۇناھىم تەكەببۇرلۇق بىلەن مەغرۇرلۇق ئىدى. چۈنكى ئىبادەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى پاك، باشقىلارنى بولسا گۇناھكار دەپ قارايتتىم. بەكمۇ بىئارام بولاتتىم، زادى قانداق قىلسام گۇناھتىن ئازاد بولالايمەن، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلمىسام دوزاخقا چۈشىمەن دېگەن ئويلاردا بولاتتىم. مۇشۇنداق قورقۇنچلار مېنىڭدە دائىم بولۇپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ شەرىئەتكە ئەمەل قىلالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلىپ قالدىم، بۇ يۈك ماڭا تولىمۇ ئېغىر كېلەتتى. شۇ چاغلاردا ئۆزۈمنىڭ تەقۋادار مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇزۇن ساقال قويۇۋالغانىدىم. ئەمدىلىكتە بولسا، مەن ساقالنى ئالدۇرىۋەتتىم، ئۆزۈمنى خۇداغا تاپشۇرغانىكەنمەن، ئۇنداقتا بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى ساقلاپ قېلىشنىڭ يەنە نېمە ھاجىتى بولسۇن؟ قوشنىلىرىم بولسا: «گەرچە خۇدا كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن شەرىئەت دېگەن سىرتقى قىياپەتنى ئاساس قىلىدۇ» دەپ ماڭا قارشىلىق كۆرستىشكە باشلىدى. مەن: «مەن مۇسۇلمان بولغىنىم ئۈچۈن شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشىم، ناماز ئوقۇشۇم ۋە روزا تۇتۇشۇملا بولدى!» دەپ، ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە پىسەنت قىلمىدىم، ئەمما كۆڭلۈم تېخىچە بىئارام ئىدى.

شۇ كۈنلەردە مەن كۆزۈمنى داۋالىتىش ئۈچۈن تاكسىلا شەھىرىگە «مەسىھ مۇخلىسى» بەرپا قىلغان بىر دوختۇرخانىغا بېرىشىمغا توغرا كەلدى. ئۇ يەردە، مەسىھ مۇخلىسلىرىنىڭ خۇدانىڭ سۆزلىرىنى جاكارلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. پۈتۈن دىققىتىم بىلەن قۇلاق سالدىم، ئۇلارنىڭ سۆزلىرى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى چىگىشلەرنى يەشتى. دەل شۇ كۈنى مەن: «**ئەي جاپاكەشلەر ۋە ئېغىر يۈك يۈكلەنگەن ھەممىڭلار! مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ئاراملىق بېرەي!**» (ئىنجىل، «ماتتا» -11بابتىن) دېگەن ئاجايىپ سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئايەت تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. چۈنكى مەن شەرىئەتنىڭ ئېغىر يۈكلىرىنى ئۆز ئۈستۈمگە يۈكلىۋالغان بولۇپ، ھېچقانداق تايانچىم يوق ئىدى. ئۇ

ئايەت مېنى ئاشۇ ئىنجىلنى چۈشەندۈرگۈچى بىر شەرھچى بىلەن سۆزلىشىشكە تۈرتكە بولدى.

داۋالاش تاماملىنىشى بىلەن مەن ئۆيۈمگە قايتتىم. ئىنجىل خۇش خەۋىرىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكى مېنى پۈتۈنلەي ئىشەندۈردى. ئەمما ئىلگىرىكى دىنىي قائىدە-يوسۇنلارنى تاشلىۋېتىش ئۈنچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. خەقلەر نېمە دەيدۇ؟ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم مەندىن يۈز ئۆرۈپ، ماڭا نەپرەتلىنىشى مۇمكىن. خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىشى ماڭا ئېغىر دەخلى يەتكۈزگەنىدى. مەن روھىي جەھەتتىن قاتتىق ئېلىشتىم ۋە بەك قاتتىق باش قاتۇردۇم. ئەمما دۇئا قىلىشنى تاشلىۋەتمىدىم. «ماڭا توغرا يول كۆرسەتكەيسەن. مەسىھ ئەيساغا ئەگىشىشكە كۈچ بەرگەيسەن» دەپ دۇئانى داۋاملاشتۇردۇم. رەب مەسىھ ئەيسانىڭ، مەندەك بىر گۇناھكارنىڭ تۇۋا قىلىپ، دۇئا قىلىشىمنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىغا ۋە ماڭا تەسەللى ۋە ئامانلىق بېرىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈلدۈم.

خۇداغا تەشەككۇر بولسۇنكى، ئۇ ماڭا جاسارەت بەردى. مەن تاكسىلاغا يەنە بېرىش قارارىغا كەلدىم. ئۇ يەردە مەن رەب مەسىھ ئەيسانى قۇتقۇزغۇچىم دەپ بىلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن چۆمۈلدۈرۈلدۈم. كېيىن مەن ھىدىرئاباد شەھىرىگە مۇقەددەس تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە باردىم. ئۇ يەردە، خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسانى قۇربانلىق قىلىش (كرېستقا مىخلاش) ئارقىلىق ماڭا كۆرسەتكەن مېھىر-شەپقىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئوغلىدىكى ئىنسانغا كۆرسەتكەن مېھىر-مۇھەببىتىنى چۈشىنىپ يەتتىم. بۇ ئۆگىنىشلەردىن كېيىن، مەن ئىلگىرىكى مەكتەپ ھاياتىمدىكى ئوقۇشلىرىمنى تاشلىۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن بىلىم جەھەتتىن كۆپ يېتەرسىز ئىكەنلىكىمنى، ئەمدى تېخىمۇ كۆپ بىلىمگە ئېرىشىشىم كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. مەن ھازىر بىر تەرەپتىن باكالاۋرلىق كىنىشكىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆگىنىۋاتىمەن، بىر تەرەپتىن مەسىھ ئەيسانىڭ خۇش خەۋىرىنى تارقىتىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. خۇدا گۇۋاھلىق بېرىشىم ئۈچۈن، مەسىھكە تايىنىشتىن كەلگەن شاد-خۇراملىقنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىشىم ئۈچۈن ماڭا كۈچ-قۇدرەت يەتكۈزىدۇ.

مەسىھكە ئىشىنىپ تۇۋا قىلغىنىمدىن كېيىن، مەن نۇرغۇن قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدىم، ئەمما رەببىم ماڭا مەدەت بېرىپ، ئازدۇرۇشقا ئۇچرىغىنىمدا

ماڭا غەلىبە يەتكۈزگەنىدى. دەسلەپتە ئائىلەمدىكىلەر ماڭا قاتتىق قارشى تۇرغانىدى، ئەمما كېيىن مېنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئۈمىدىم ئائىلەمدىكىلەر مېنى قوبۇل قىلغىنىدەك رەببىمىنىمۇ قوبۇل قىلىشىدىن ئىبارەت ئىدى. نىجاتلىق ئىش-ھەرىكەتلەردىن ئەمەس، ھەتتا شەرىئەتكە ئەمەل قىلىشقا تىرىشىشلاردىن ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىدىن كېلىدۇ، دېگەن ھەقىقەت مېنى ھازىرغىچە شادلاندۇرىدۇ. مۇقەددەس كىتابنىڭ دېگىنىدەك: —

«ھەققانىي ئادەم يوق، ھەتتا بىرىمۇ يوقتۇر،
يورۇتۇلغان كىشىمۇ يوقتۇر» (ئىنجىل، «رىملىقلارغا» 10:3)

ۋە: —

«سىلەر شەپقەت بىلەنلا ئىشەنچ ئارقىلىق قۇتقۇزۇلدۇڭلار. بۇ ئىش ئۆزۈڭلاردىن كەلگەن ئىش ئەمەس، بەلكى خۇدادىن كەلگەن ئىلتىپات – ئۇ زادىلا ئادەملەرنىڭ ئەمەل-ئەجرىدىن كەلمەيدۇ، بۇ ھەم ھېچكىمنىڭ ماختانماسلىقى ئۈچۈندۇر» (ئىنجىل، «ئەفەسۇسلۇقلارغا» 9-8:2)

تۇرمۇشۇم پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلدى. خەقلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىكى روھ ئىلگىرىكى تەكەببۇرلۇقۇم ۋە مەغرۇرلۇقۇمنىڭ ئورنىنى باستى. مەسىھكە ئىشەنگەندىن كېيىن، مېنىڭ نۇرغۇن ئاددىي خىزمەت ۋە ئەمگەكلەرنى قىلىشىمغا توغرا كەلدى، مەسىلەن، باشقىلارغا خۇش ياقمايدىغان پول سۈپۈرۈش، قاچا-قۇچىلارنى يۇيۇش، كۆزەتچىلىك قىلىش ۋە باشقىلار. بۇ بەختىم «سىلەرگە مەلۇمكى، يات ئەللەر ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلار دەپ ھېسابلانغانلار قول ئاستىدىكى خەلق ئۈستىدىن بۇيرۇقۋازلىق قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ، ۋە ھوقۇقدارلىرى ئۇلارنى خوجايىنلارچە ئىدارە قىلىدۇ. بىراق سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بۇنداق ئىش بولمايدۇ؛ بەلكى سىلەردىن كىم مەرتىۋىلىك بولۇشنى خالىسا، ئۇ سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولسۇن؛ ۋە كىم ئاراڭلاردا بىرىنچى بولۇشنى ئىستىسە، ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ قۇلى بولسۇن. چۈنكى ئىنسانئوغلىمۇ دەرۋەقە شۇ يولدا كۆپچىلىك مېنىڭ خىزمىتىمدە بولسۇن دېمەي، بەلكى كۆپچىلىكنىڭ

**خىزمىتىدە بولاي ۋە جېنىمنى پىدا قىلىش بەدىلىگە نۇرغۇن ئادەملەرنى ھۆرلۈككە چىقىراي دەپ كەلدى»** دېگۈچى بولغان مەسىھ ئەيساغا تايىنىشىمدىن كەلگەندى (ئىنجىل، «ماركۇس» 10-باب، 42-45 ئايەت).

مەن ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن. مائاشىم تۆۋەن بولسىمۇ مەن ئىنتايىن خۇش يۈرىمەن. كەلگۈسىدە رەببىمگە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىش ئۈچۈن تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنى ئۆگەنمەكچىمەن. خۇدانىڭ مەقسىتى مېنىڭدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغاي، خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسادا مەندەك بىر ئەرزىمەس گۇناھكارغا كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقىنى ۋە شەپقىتىنى كىشىلەر بىلەن ئورتاقلىشىشتىكى پۇرسەتلەر كۆپىرەك كەلگەي دەپ ئىنتىزارلىق بىلەن دۇئا قىلىمەن.

ئامىن!

## 5. «مەن كەچۈرۈم قىلىندىم!» (سىررالېئون جۇمھۇرىيىتىدىن بولغان گۇۋاھلىق)

*ئادەمنىڭ ئۆزىدە بولىدىغان گۇناھ تۇيغۇسى ئۆزىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى ھەر ۋاقىت ئەسكەرتىپ تۇرىدۇ. ئافرىقىدىكى سىررالېئونلۇق يۈسۈف سەيدۇ مانس ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆزىدىن ئەيىبلىك ئۆتكەن بىر ئىشتا، ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغان بىر مومايىنىڭ ئەكسىچە ئۆزىدىن كەچۈرۈم سورىغانلىقى ئۇنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ ئۆزى مەسىھ ئەيسادىن كەچۈرۈم تاپقان ۋە شۇ چاغدىن بىرى مەسىھ ئەيسانىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كەلگەن. ئۇ بىرنەچچە يىل، سىررالېئون جۇمھۇرىيىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ھەربىر ئادەم ئۈچۈن يېڭى ھايات» دېگەن ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلغان. بۇگۈن ئۇ سىررالېئون جۇمھۇرىيىتىدىكى ۋە*

*باشقا يەرلەردىكى جامائەتلەردە باشلامچىلىق رول ئوينىماقتا.*

ئاتا-ئانام فۇلانى (فۇلاھ) قەبىلىسىدىن ئىدى. ئاتام ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبىرى ئىدى، شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، مەن پۈتۈنلەي ئىسلام دىنى تەربىيىسىدە چوڭ بولغانمەن. مەن ئالتە ياشقا كىرگەن يىلىم، ئوقۇش ئۈچۈن ئۆز يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ، بىر «كارموكو» (ئەرەب تىل ئوقۇتقۇچىسى)نىڭ قېشىغا ئەۋەتىلگەنىدىم. مەن ئۇنىڭ يېنىدا سەككىز يىل تۇردۇم. ئۇ ماڭا قۇرئان ۋە ئىسلام شەرىئىتىنى ئۆگەتتى: مەن روزا تۇتۇشنى، سەدىقە بېرىشنى، قۇربانلىق قىلىشنى،... ئىشقىلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق بۇرچلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدىم. ئۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئىنجىل توغرىسىدا ھېچقانداق خەۋىرىم يوق ئىدى. چۈنكى شۇ رايوندا مەسىھ مۇخلىسلىرى يوق ئىدى.

قۇرئاننى ئىككى رەت تولۇق ئۆگىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆيۈمگە قايتتىم. ئاتامنىڭ مېنى ئۆز يۇرتى گۋىنىيە جۇمھۇرىيىتىدىكى مامۇ رايونىغا ئەۋەتىش پىلانى بار ئىدى، ئەمما ئەمەلگە ئاشۇرالماي ئۇ ئالەمگە كەتتى. شۇ چاغلاردا مەن بەزى مەسىھ مۇخلىسلىرىنى ئۇچرىتىپ قالاتتىم، ئۇلار مېنى ئۆز مەكتەپلىرىگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا قىزىقمىدىم، چۈنكى ئىسلام دىنىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى، ئەمما مېنىڭ ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگۈم، زامانىۋىي مائارىپقا ئېرىشكۈممۇ بار ئىدى؛ شۇڭا ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدىم.

مەن بۇ مەكتەپتە مەسىھ ئېتىقادى ماڭا ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمىگەن ئەھۋال ئاستىدا بەش يىل ئوقۇدۇم. شۇ چاغدا مەن ياشانغان بىر ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆيىدە تۇرغاچ ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغانىدىم. ئۇنىڭ ئۆيىدە دۇئالار بولۇپ تۇراتتى، تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىل توغرۇلۇق تەلىملەر بېرىلىپ تۇراتتى؛ ھەتتا مەنمۇ بەزىدە مۇخلىسلارنىڭ ئىبادەت يىغىنىغا كىرىپ قاراپ ئولتۇراتتىم، لېكىن مەسىھلىك ئېتىقادىغا ئىشەندۈرۈلگىنىم يوق.

بىر كۈنى شۇ رايوندىكى ۋالىي مەكتەپنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلگەنىدى، ئايال ئوقۇتقۇچى ئۇنى چوشلۇك تاماققا تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۇ مېنى تاماقنى ئۈستەلگە يەتكۈزۈپ بېرىشمنى تەلەپ قىلدى. مەن ئۇنىڭغا قوشۇلدۇم. ئەمما كېيىن مەن كاجلىق قىلىپ گېپىمدىن يېنىۋالدىم، شۇنداقلا ئۇنى رەنجىتىپ قويدۇم. ئەتىسى

ئۇنىڭ ئۆيىگە خىزمەتكە بارغىنىمدا، ئۇ مېنى ئۆيىگە كىرگۈزمىدى. شۇڭا مەن مەكتەپكە قايتتىم. ئۆزۈمنىڭ قىلغان يامان ئىشىمغا پەرۋايىم پەلەك ئىدى.

چۈشتىن كېيىن ئۆيىگە يەنە باردىم. بۇ موماي ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپتىكەن. مەن ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىنىمدا ئۇ ئىسمىمنى چاقىرىپ، بەكمۇ پەس ئاۋازدا: «سەيدۇ، مېنى كەچۈر» ــ دېدى. مەن بىرھازا جىم تۇرۇپ ئاندىن: «نېمە ئۈچۈن؟» ــ دەپ سورىدىم.

ئۇ: «مەن ئەتىگەندە سەندىن رەنجىپتىمەن» ــ دېدى.

مەن گۇناھ توغرىسىدا بىر قېتىممۇ ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقمىغانىدىم، لېكىن بۇ ئىش مېنى چوڭقۇر ئويلاندۇردى. نېمىشقا ئۇ مەندىن كەچۈرۈم سورىدى، مەن ئۆزۈم ئەيىبلىك تۇرسام، ئەسلىدە مەن ئۆزۈم ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىم كېرەك ئەمەسمىدى؟

خۇدا مۇشۇ مەسىھ مۇخلىسى بولغان مومايىنىڭ كىچىك پېئىللىقى بىلەن كەچۈرۈم سورىشى ئارقىلىق مەندە ئۆزۈمدىكى گۇناھقا نىسبەتەن ئويغىنىش پەيدا قىلدى، مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. بۇ ئىش بولسا، خۇدانىڭ مەندەك بىر گۇناھكارنى ئۆز يېنىغا قايتۇرۇپ ئەكېلىشتىكى ئالامەت يولىنىڭ باشلىنىشى بولغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ قەدىرلىك موماي مېنى گىدەندەمبۇ شەھىرىگە يەنىمۇ كۆپرەك ئۆگىنىشىم ئۈچۈن ئەۋەتتى. شۇ يەردە مەن مەسىھ مۇخلىسلىرىنىڭ بىر يىغىنىغا قاتناشقىنىمدا، خۇدا بىر تەلىم بەرگۈچى ئارقىلىق ماڭا سۆز قىلدى. بۇ تەلىم بەرگۈچى ۋەز ئېيتقاندىن كېيىن، بىرسىنىڭ «يىغىن ئاخىرلاشقاندا بىزگە بەخت-بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ بەرسىڭىز» دەۋاتقىنىدا، مەن بولسام ئاللىمۇقاچان تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، رەب ئەيسا مەسىھكە گۇناھلىرىمنى ئىقرار قىلىۋاتقانىدىم. مەن كۆڭلۈمدىكى ئاجايىب بىرخىل تىنچ-ئامانلىق ۋە خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنىڭ كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىمنى ھېس قىلالىدىم.

ئەمما مەن ئۆيگە قايتىپ كېلىشىم بىلەنلا، ئۆيدىكىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدىم. تاغىلىرىم مېنىڭ ئۆيگە كىرىشىمنى مەنئى قىلدى، كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە مەن ئۆيگە قايتالمىدىم. ئەمما كېيىن تاغىلىرىمنىڭ ماڭا ھېچ ئامالى قالمىدى، ئەكسىچە ئۇلار مەندە چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بايقاپ قالدى. بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرى، مەن ئۆيدىكى چوڭ جېدەلچىنىڭ بىرى

ئىدىم. مەن نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن سوقۇشقانىدىم، ھەتتا يامان ئىش قىلغانلىق سەۋەبىمدىن بىرنەچچە قېتىم سوتقا چاقىرتىلغانىدىم. مەسىھكە ئىشەنگىنىمدىن كېيىن، ھېلىقى ئەسكى قىلمىشلارنىڭ بىرەر سايىسىمۇ قالمىغانىدى.

شۇڭا ئۇلار مېنى ئۆز گېپىگە كىرگۈزەلمىگەندىن كېيىن، مېنىڭ ئۆيگە قايتىشىمغا يول قويدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئىككى ئاكام ۋە بىر سىڭلىمگىمۇ مەسىھ ئەيسانى تونۇتقۇزغانىدىم.

ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغىنىمنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن سۇغا چۆمۈلدۈرۈلدۇم. مەن كېيىن يۇرتۇمدا تۆت يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدىم. بىر مەزگىل تېخىمۇ چوڭقۇر تەربىيە ئالغاندىن كېيىن، مەن مۇخلىسلار جامائىتىدە خىزمەت قىلىشقا باشلىدىم. يۇرتىمىزدىكى «قۇرغاق پەسىل» (يامغۇر ياغمايدىغان) مەزگىلدە ھەرقايسىمىز ھەرقايسى يېزىلارغا بېرىپ، مەسىھ ئەيسا توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى جاكارلايمىز. يۇرتىمىزدا مەسىھ مۇخلىسلىرى كۆپەيمەكتە.

مەسىھ ئەيسا مېنىڭ ھاياتىمنى ئۆزگەرتىپ، مېنى خۇداغا يېقىنلاشتۇردى. مەن ھېچ يەردىن تاپالمايدىغان خاتىرجەملىكنى ئۇنىڭدىنلا تاپتىم. ئۇنىڭ مېنى گۇناھ قىلىشتىن ساقلىيالايدىغانلىقىنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم مېنى تاشلىۋەتكەن ۋاقىتلاردىكى كۆپ سىناقلاردا ۋە ئازابلىرىمدا ئۇنىڭ مەندىن تولۇق خەۋەر ئالغانلىقىنى بىلىمەن. بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىپ بۇ خۇش خەۋەرنى يەتكۈزۈش بىلەن شۇغۇللانماقتىمەن.

# 6. «قىممەتلىك مەرۋايىت» (پاكىستانلىق تېۋپىنىڭ گۇۋاھلىقى)

*«مۇھەممەد ۋاز كەچكەن نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى ئېرىشكەنلىكتۇر. ... مېنىڭ مىڭ جېنىم بولسا ھەممىسىنى مەسىھ ئەيساغا بېغىشلايتتىم».*

«پاكىستانلىق دوختۇر مۇھەممەد ئابدۇل كايىيۇم داسكاۋىي ئىخلاسمەن زىيالىي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ «پاكىستان مەملىكەتلىك ئازادلىق تەشكىلاتى»نىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشىنى توختىتىپ قويغانىدى. لېكىن ئۇ كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى داۋاملاشتۇرىدى. ئۇ تاسادىپىي مۇقەددەس ئىنجىلنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئىنجىلدىكى مۇھەببەتلىك بىر خۇدانىڭ ئۆز ئوغلىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدىغان ئاتىلاردەك خۇدالىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئۇنى ناھايىتى جەلپ قىلدى. ئەمما ئۇنىڭ مەسىھ مۇخلىسىنىڭ بىر ئائىلىسىنى زىيارەت قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئائىلىسىدە شۇنچە دەھشەتلىك ئىنكاس قوزغىۋەتتىكى، ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ مۇساپىر بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەسىھ مۇخلىسى بولۇش قارارىغا كەلدى. ئۇ نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتلەر ئارقىلىق خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتىنى تونۇپ، ئۇنىڭ پادىشاھلىقىغا كىرىپ، خاتىرجەملىكنى تاپتى. كېيىن پاكىستاندا داڭلىق مائارىپشۇناس ۋە مۇخلىس جامائەتلىرى ئارىسىدا يېتەكچى بولۇپ يېتىلدى، شۇنداقلا مىللەت ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى».

مەن 1903-يىلى سىيالقوت دېگەن شەھەردە، ئۆزلىرىنى مۇھەممەدنىڭ دەۋرىدە مەككە شەھىرىدە ھۆكۈم سۈرگەن كۆرەيشلەردىن چىققان دەپ قارايدىغان

بىر ئائىلىدە تۇغۇلغانىدىم. تاغام بىرىنچى بولۇپ ئۇردۇ تىلى لۇغىتىنى تۈزگۈچى ۋە بىرنەچچە كىتاب، دەۋەتنامىلەر ھەم شېئىرلارنىڭ ئاپتورى بولۇپ، داڭلىق چىققان ئالىم ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنىغا تولىمۇ ئىخلاسمەن ئىدى، دىنىي يىغىنلاردا نۇتۇق سۆزلەشكە دائىم تەكلىپ قىلىناتتى. ئاتام دەسلەپتە سىيالقوتتا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، كېيىن لۇدھىيانا شەھىرىدە بىرنەچچە يىل خىزمەت قىلىپ، 1919 -يىلىدىكى قالايمىقان مەزگىلىدە سىيالقوتقا قايتقان. شۇ چاغدا مەن ئىنتىزامى چىڭ ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى، مەسىھ مۇخلىسلىرى باشقۇرىدىغان داڭلىق «مۇرراي» دېگەن ئالىي مەكتەپتە بىر مەزگىل ئوقۇشتا بولدۇم. بۇ يەردە مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل)دىن ئېلىنغان دەرسلەر ئۆتۈلەتتى؛ ئەمما بۇنداق دەرسلەرگە كەلگىنىمىزدە مۇئەللىم دۇئا قىلىش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمغان ۋاقتىدىن پايدىنىلىپ بىز مۇسۇلمانلار غىپپىدە تىكىۋېتەتتۇق، ياكى بولمىسا مۇئەللىمنى تەڭلىكتە قويىدىغان سوئاللارنى سوراپ تۇرۇۋالاتتۇق.

شۇ كۈنلەردە سىياسىي پۇراق ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. كىشىلەر سىياسىي ئەركىنلىكنى تەلەپ قىلىشاتتى. تۈركىيەنىڭ سۇلتانى تەختتىن چۈشۈرۈلگەنلىكى، خەلىپىلىكنىڭ ئۆرۈۋېتىلگەنلىكى بىلەن كىشىلەر قاينام-تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. شۇ يەردىكى تىنچسىزلىق ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى، مەن ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشۇمنى توختىتىش قارارىغا كەلدىم. مېنى ھېچكىم رايىمدىن ياندۇرۇلمايتتى.

ھازىر كىتاب ئوقۇشقا ۋاقتىم كۆپ ئىدى. تاغامنىڭ كۈتۈپخانىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم. تاغام ئۆزى يازغان «ھەقىقىي بىر خرىستىئاننىڭ دۇئاسى» دېگەن ئۇردۇچە شېئىرلار توپلىمىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم، دەرھال ئۇنى ئوقۇش ئۈچۈن ئولتۇردۇم. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شۇكى، مەسىھىيلەر خۇدانىڭ يولىدىن ئېزىپ كېتىشى بىلەن، مۇسۇلمانلار بولسا ھەقىقىي ئېتىقادنىڭ ئىز باسارلىرىدىن بولۇپ چىقىدۇ. كىتابتا تاغام خرىستىئانلارنى ئۆز ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندىگەنىدى. بۇ بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋىي پوزىتسىيىسى ئىدى. كىتابنىڭ ئىنجىلنىڭ بەزى ئايەتلىرىگە كۆرسەتكەن ئىزاھاتلىرى بار ئىدى، شۇڭا مەن بۇ يەرلەرنى بىرسى ئىلگىرى ئاتامغا سوۋغا قىلغان ئىنجىلدىن ئىزدىدىم. بۇ ئايەتلەرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى

ئايەتلەرنى ئوقۇشۇم بىلەن ئىنجىلنىڭ بەزى تەمسىللىرى، مۆجىزىلىرى ۋە تەلىملىرىنى ئۇچراتتىم. ئوقۇغانلىرىمغا ئەقلىم ھەيران ئىدى؛ نېمىشقىدۇر ئېتىقاد-ئەقىدىلىرىمنىڭ ئىنجىلدىكى بىلەن چوڭ پەرقلىرى بارلىقىنى چۈشەنمەي قالدىم. خۇدا بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرۇلۇق دېيىلگەنلىرى مېنى ئاجايىب تەسىرلەندۈردى. مەسىھنىڭ تەمسىللىرىدىن بىرى بويىچە، «ئۆز يولىدىن ئېزىپ كەتكەن بىر ئوغلىنى كۈتۈپ تۇرغان ئاتا»دەك بىر خۇدا بارمۇ؟ ھېچ بولمىغاندا قانداق قىلىپ خۇدا ئادەمگە ئاتا بولالىسۇن؟

بۇنداق مەسىلىلەر مېنى بەك بىئارام قىلدى. بۇلارنى ئائىلىدىكىلىرىمگە دېسەم ئېغىر ئاۋارچىلىققا قالاتتىم. مەسىھ ئەيسانىڭ يولىنى تۇتقان بىر ساۋاقداشىمدىن ياردەم سورىدىم. ئۇ مېنى ئىخلاسمەن ۋە ناھايىتى بىلىملىك بىر مۇخلىس ئاقساقال تونۇشىغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. بىز بىرنەچچە سائەت پاراڭلاشتۇق، كېيىن يەنە كۆرۈشۈشكە كېلىشتۇق.

كىتابنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم. «مۇھەببەتلىك بىر خۇدا» دېگەن بۇ سۆز مېنى مەھلىيا قىلىۋالدى. ئىنجىل تەسۋىرلىگەن بۇ مۇھەببەت ھەممە ئىنسانىنى ئۆز قوينىغا ئالىدىغان، پاك، ساپ، مۇقەددەس بولۇپ، بىزنىڭ جەمىيىتىمىزدە تىلغا ئالغان «مۇھەببەت»تىن شۇنچە ئۆگزىچە ئىدى — ئۇنىڭ ئەھمىيىتى مېنىڭ ئويلىغىنىمدىن ئارتۇق ئىدى. كىشىنى تېخىمۇ ئويلاندۇرىدىغىنى ئىنجىلنىڭ «ماتتا» قىسمىدا خاتىرىلەنگەن، مەسىھ ئەيسانىڭ «مۇخلىسلارغا بەرگەن يوليورۇقلىرى» ئاددىي ئەمما كىشىنىڭ بېشىنى قاتۇراتتى. ئەمما بۇ قىسمىدىكى «ئۈچىنىڭ بىرلىكى» ۋە «ئەيسانىڭ كرېستتا مىخلىنىشتىكى قۇربانلىقىدا كەچۈرۈم قىلىنىش» دېگەننى شۇ چاغدا قوبۇل قىلالمىدىم. ئاتا-بوۋىلىرىمنىڭ ئېتىقادىدىن گۇمان قىلغۇم يوق ئىدى، ئەمما بۇ يېڭى دۇنيا مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى.

بۇ مەزگىلدە مەن سىيالقوتقا يېقىن جايدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك مۇسۇلمانلار تاۋاپگاھى دىنىي مۇراسىمغا قاتناشتىم. شۇنچە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نېمىشقا بۇ تاۋاپگاھقا كەلگەنلىكىنى بىلگۈم بار ئىدى. تاۋاپچىلار ئارىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋەز-نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. كەچلىك تاماق يېمەي مەزىن بامدات نامازغا ئەزان توۋلىغۇچە بىر پەدە ئۇخلىۋالدىم. بامدات نامازدىن

كېيىن مەن قورسىقىم ئاچ ۋە ھالسىز ھالدا پويىز بىلەن ئۆيگە قايتتىم. ئازراق بىرنېمە يەۋېلىپ يەنە ئۇخلىدىم.

قانچىلىك ئۇخلىغىمنى بىلمەيمەن، ئەمما ئويغىنىشىم بىلەن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشتۈم. ئاتام مېنىڭ بۇ مۇخلىس ئاقساقلىنى زىيارەت قىلغانلىقىمدىن خەۋەر تېپىپ، بۇ ئىش توغرۇلۇق مەندىن ھېچنېمە سورىمايلا مېنى قاتتىق ئۇردى، مېنى ئۆز كۆنۈكىنى ئۆزۈڭ ئال، دەپ ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى. بۇنداق كۆچلۈك ئىنكاس قايتۇرۇشىنىڭ سەۋەبى مەن مەسىھ ئەيساغا ئىشەنچ باغلىسام، ئىخلاسمەن دىنىي ئەربابلار دەپ قارىلىپ كەلگەن ئائىلەمنىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق زەربە بولاتتى. يەنە كېلىپ يۇرتىمىزدا ئىسلامنىڭ قاراش-ئەھكاملىرى توغرۇلۇق گۇمانلىق سوئال سوراش ئېغىر گۇناھ دەپ قارىلاتتى. بىر نەۋرە ئاكام ماڭا: «سەن ئەسلىدە ئۆز ئۇكام ئىدىڭ؛ بىراق ئەمدى سەن مېنىڭ دۈشمىنىمسەن» — دېدى. پۈلۈم، ئاچقۇچلىرىمۇ يوقلىپ كەتكەنىدى. ماڭا ئىچ ئاغرىتقان بىر ھاممام كەچكىچە ئۇخلىماي ئولتۇرۇپ زەخمى-جاراھەتلىرىمنى يۇيۇپ تېڭىپ قويدى.

ھازىر ئائىلىدىكىلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىشىم بىلەن ئەيسانىڭ ھەقىقەتەن قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ئىكەنلىكىدىن مەندە ھېچقانداق گۇمان قالمىدى. مەن پاسىرۇردا تۇرىدىغان بىر دوستۇمنى ئىزدەپ باردىم، ئۇ مېنى پاسىرۇردىكى بىر مۇخلىس ئاقساقالغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. بۇ تەجرىبىلىك ئادەم پاسىرۇردا مەسىھكە بولغان ئىمانىمنى چۆمۈلدۈرۈلۈش بىلەن ئاشكارا ئېتىراپ قىلسام، ماڭا خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى سېزىپ مېنى بۇ يەردىن 700 كىلومېتىر يىراقتىكى لاندھائۇر دېگەن شەھەرگە ئەۋەتتى. ئۇ يەرگە پويىز بىلەن بىر سوتكا ماڭغاندىن كېيىن يېتىپ باردىم. مەن بارىدىغان جاي شەھەر سىرتىدىكى 1400 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغدا ئىدى. مەن ھېرىپ-ئېچىپ ئاران يېتىپ كەلدىم. ئۇلار مېنى بىر ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، كارىۋاتتا يېتىپ دەم ئالدىم. كەچ كىرىشى بىلەن بەك سوغۇق بولۇپ كەتتى، ئەدىيال نېپىز ئىكەن، تاڭ ئېتىشىنى كۈتۈپ ياتتىم. ئۆي قاراڭغۇ ئىدى، بىراق قەلبىم مېنى ئىسسىتىدىغان بىر ئېيتقۇسىز ئىللىق خۇشاللىققا تولغانىدى. كېيىن مەن مۆگدەپ قالغان ئوخشايمەن، چۈنكى بىرسى ئىشىكنى چەكتى. ئىشىكنى ئاچسام قۇياش تاغدىن نەيزى بويى ئۆرلىگەنىدى.

مېنى يوقلاپ كەلگەن ئادەم ئۇردۇ تىلى ئۆگىنىش ئۈچۈن مېنى ياللىماقچى بولدى. مەن ئۇنىڭدىن ئىنجىل توغرۇلۇق نۇرغۇن بىلىم ئالدىم. چۈشتىن كېيىن شۇ يەردىكى يەنە بىر ئوقۇتقۇچى ماڭا ئىككى كۈن ئىچىدىكى تۈنجى تاماقنى ئېتىپ بەردى.

مەن شۇ يەردە ئېتىقادىمنى ئېتىراپ قىلىپ سۇدا چۆمۈلدۈرۈلدۇم. مەن ئون سەككىز ياشقا كىرگەنىدىم. شۇ يىل كۈزدە مەن راۋالپىندى دېگەن شەھەرگە ئۆگىنىشكە باردىم. مىلادىيە (روژدېستۋا) بايرامىدا مۇخلىس يىغىنى ئاياغلاشقاندىن كېيىن ياتاققا قايتتىم. مېنى ھېچكىم تاماققا تەكلىپ قىلمىدى، مەندە پۇل يوق ئىدى. ياتاقخانىنىڭ بىر خىزمەتچىسى ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ ئىككى سوم بېرىپ تۇردى، بىر سومنى چۈشلۈك تاماققا سەرپ قىلدىم، يەنە بىر سومنى كەچكە قالدۇردۇم. كەچتە دېرىزىنى بىرسى چەكتى. بېرىپ قارىسام مەكتەپتىكى بىر پروفېسسور ماڭا بىرنەچچە پىرەنىك ۋە مېۋىلەرنى ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ: «ئاياللىم بۇلارنى سىزگە ئەۋەتتى» — دېدى. بۇ شەھەر بويىچە مېنى ئويلايدىغان پەقەت بىر كىشىلا بار ئىكەن! بۇ ئاددىي دوستلۇق كېيىنكى يىللاردىكى قىممەتلىك دوستلۇقنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

ئاتام مېنىڭ مەسىھكە ئەگىشىش ئىرادەمنىڭ چىڭلىقىنى كۆرۈپ، مەن بىلەن ئەپلەشتى. ئەسلىدە ئۇ مېنى «خىرىستىئان بولۇپ كەتتىڭ» دەپ، ماڭا ياردەم بېرىشنى رەت قىلغانىدى، مانا ئەمدى مېنىڭ ئوقۇشلاردا ئېرىشكەن ئۇتۇقلىرىمدىن پەخىرلەندى.

بۇنى ئوقۇغان كۆپ كىشىلەر بۇ مۇنداق يالغۇزلۇق، جاپا-مۇشەققەت ۋە دەرد-ئەلەم چېكىشكە ئەرزىيدىغان ئىشمۇ؟ — دەپ سورىشى مۇمكىن. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، مەن مەسىھ مۇخلىسى بولۇپ نېمىگە ئېرىشتىم؟ مۇھىمى ۋاز كەچكەن نەرسىلەر ئەمەس، بەلكى ئېرىشكىنىمدۇر. بۇ توغرۇلۇق مەسىھ ئەيسانىڭ مۇنداق داڭلىق بىر تەمسىلى بار: مەلۇم بىر كىشى ئېتىزدا بىر مەرۋايىت ئۇچراتقان. كېيىن ئۇ ھەممە مال-مۈلۈكىنى سېتىۋېتىپ، بۇ ئېتىزنى ئالغان، شۇنداقلا مەرۋايىتقا ئېرىشكەنلىكىدىن خۇشاللىقتا چۆمگەن. ئەمدى كىم بۇ كىشىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ؟ مەن دەل شۇ ئېتىزدىن مەرۋايىتنى تېپىۋالغان كىشىدۇرمەن. مەن يەنە كېلىپ مەسىھنىڭ باشقا بىر تەمسىلدىكى ئېسىل مەرۋايىتلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ،

بەك قىممەتلىك، بەك چىرايلىق بىر مەرۋايىتنى ئۇچراتقان، ھەم شۇ مەرۋايىتنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ھەممە نەرسىسىنى سېتىۋەتكەن سودىگەردۇرمەن. مەن مەسىھتە بولغان يېڭى مۇقەددەس ھايات، ئۇ بىزگە ئەپكەلگەن خۇداغا بولغان تونۇش، ھالاك قىلغىلى بولمايدىغان بۇزۇلماس ئۈمىدكە ئېرىشتىم. مەن شۇنچە كۆپ جاپا-مۇشەققەتلەرنى چەككەن ياكى چېكىدىغان بولساممۇ، بۇ مېنىڭ ئېرىشكەنلىرىم ئالدىدا ھېچنەرسە ئەمەس.

مەسىھ بولسا ماڭا بۇ تەمسىلدىكى ئاشۇ «ئىنتايىن قىممەتلىك مەرۋايىت»تۇر. بۇ دۇنيادا ئەڭ ياخشىسى، ئەڭ سېپى، ئەڭ ئۇلۇغى مەرۋايىت ئىكەن. مۇشۇ قىممەتلىك مەرۋايىتقا ئېرىشىش جەريانىدىكى بەزى ئىشلار ئىنتايىن دەردلىك بولغىنى بىلەن، مەن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۆزگەرتكۈم يوق؛ مېنىڭ مىڭ جېنىم بولسا ھەممىسىنى مەسىھ ئەيساغا بېغىشلايتتىم. ئۆزى مۇھەببەت بولغان بىر خۇدانى تونۇش ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىش بولسىمۇ، بەربىر ھەقىقەتتۇر. بۇنىڭدىن يۇقىرى تۇرغان ھېچنېمىنى بىلمەيمەن.

ماڭا نىسبەتەن ئەڭ كارامەت ئىش شۇكى، ئۇ ئانىسانلاردىن ھېسابسىز يۇقىرىدا تۇرغۇچى بىر خۇدادۇر، شۇنداقتىمۇ ئۇ مېنى ھەقىقىي، دۇرۇس ئادەملىككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىنى تۆۋەن قىلغان خۇدادۇر! مەسىھتە بولغان مىراسىمىز نېمىدېگەن كارامەت-ھە! ئۇ ھەربىر قىلغان ئىشلىرى، ھەممە ئادەمگە ئوچۇق تۇرىدىغان «ئوچۇق-ئاشكارا» مەسىھدۇر. ئۇنىڭ ھېچقانداق يوشۇرغۇدەك ئىشى يوق، ھاياتىدا «قاراڭغۇلۇق» يوق، يامان غەرىزى يوق، يوشۇرۇن شەرتلىرى يوق، ئۇ تولۇق ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان خۇدادۇر. باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە بولسا ئۇ مۇھەببەت ئىچىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ كرېستتا مىخلانغان ۋاقتىدا دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنى: «ئۇ باشقىلارنى قۇتقۇزغان، ئۆزىنى قۇتقۇزالمايدۇ» دېگەنلىكى، ئۇنى مازاق قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇ بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى رەت قىلغانىدى. ئۇ كرېستتا مىخلىنىپ ئۆلگۈچە باشتىن-ئاياق سادىق، غەيۇر، ۋەدىسىدە تۇرغانىدى.

ئىنسانلار تارىخىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش شۇنچە ئالىيجاناب، ساپ، يىراقنى كۆرەر، سېخى ۋە باشقىلارنى كەچۈرۈشكە تەييار تۇرىدىغانلار بولغان ئەمەس. بۇ دۇنيادا

ئۆزلۈم تونۇيدىغان ئەڭ ياخشى كىشلەر، دەرۋەقە دەل ئۇنىڭغا ئەڭ ئوخشايدىغان كىشلەردۇر. ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىشلەر كۆپرەك بولغان بولسا، بۇ دۇنيا جەننەتنىڭ ئۆزى بولاتتى. ئەزەلدىن كىشلەرنىڭ ئۇنىڭدا خۇدالىق تەبىئىتى بار دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغانلىقى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. ئۇ بولسا پۈتۈن نەزىرىنى «ئەرشتىكى ئاتىسىغا مەركەزلەشتۈرگەن تېلېسكوپ»، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەرشتىكى ئاتىسىنىڭ جۇلالىقىنى ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەر-ئاياللارغا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

ئەگەر ھامان بىر كۈنى بۇ ئېلىشاڭغۇ دۇنيا ئوڭشالسا، بۇ كىشلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكىدىن بولىدۇ. ئۇ ئۆزى ھەم ئىنسانىنىڭ توغرا نىشانى ھەم تارىخنىڭ نىشانىدۇر. ئۇ دۇنياغا يېڭى كۆزقاراش، يېڭى دانالىق، يېڭى چۈشەنچىلەر، يېڭى ئۈمىد ئەپكەلگەن. گەرچە مەن ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ ھەرقانداق جەھەتىگە يېتىش ۋە ياكى ئۇ ماڭا بۇيرۇغان ھەرقانداق ئىشلارنى ئورۇنلاشتىن شۇنچە يىراق بولساممۇ، ئۇ يەنىلا مېنى قايىل قىلغان، مەن تەشنا بولغان ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئالىي بولغۇچىدۇر. بىزدە ئۇنىڭ قىلغان ۋەدىسى باركى، ئۇنىڭ ياردىمى ئادەمنى ئۆزگەرتىدۇ، ئۇنىڭ بىزگە بولغان دوستلۇقىنىڭ كۈچى بىلەن ئادەملەر مۇكەممەللىككە، بەختكە ئېرىشىدۇ.

«رۇمكا ئەينەك بولمىسا شارابنىڭ رەڭگىنى كۆرەلمەيسىز،<br>ھالبۇكى، رۇمكىغا شاراب قۇيۇلسا، ئەينەكنى كۆرەلمەيسىز،<br>شۇنىڭدەك مەسىھنىڭ ھەربىر گۈزەللىكى كۆرۈنمەس خۇدانى سۈرەتلەيدۇ،<br>ئۇ دۇنيادىكى بارلىق خەلق-ئالەم ئالدىدا خۇدالىق جۇلالىقنى كۆرسەتكۈچىدۇر».

# 7. «ھەممە ئىش ئۆزگەردى» (ئىراندىن بولغان گۇۋاھلىق)

*«مەن تۇۋا قىلىشىم كېرەك! ئۆزۈمنى «ئاللەمدە بىر» دەپ قارىغانلىقىمغا تۇۋا قىلىشىم كېرەك... خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن، مەن ئۆزۈمنىڭ بىچارە بىر گۇناھكار ئىكەنلىكىمنى بارا-بارا تونۇپ يەتتىم، رەببىمنىڭ ماڭا رەھىم قىلىشىنى ئۆتۈنىدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىمنى تېخىمۇ ھېس قىلىپ يەتتىم».*

ئىرانلىق ھاسسان دەھقانى-تافتى، مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، مەسىھىيلەر قۇرغان مەكتەپتە ئوقۇغان. بۇ مەكتەپنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇ مەسىھ ئەيساغا ئەگىشىشكە جەلپ قىلىنغان. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ كۆڭلىدە خاتىرجەملىك ۋە ئاراملىقنى ئىزدەشلەرگەن تۇيغۇدا بولغان، ئۇ قايتىدىن چوڭقۇر تۇۋا قىلىش ئارقىلىق رەب مەسىھ ئەيسانى يېڭىدىن تونۇپ يەتكەندى. كېيىنكى كۈنلەردە، ئۇ ئىراندىكى مۇخلىس جامائەتلىرى ئىچىدە ئاقساقال بولغان. 1979-يىلى ئىران ئىنقىلابى ۋاقىتلىرىدا، مەسىھ مۇخلىسلىرىنىڭ تارتقان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدە نۇرغۇن خەتەرلىك ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەندە، ئۇ جاسارەت ۋە قەيسەرلىك كۆرسەتكەن.

مەن ئىراننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى يەزد شەھىرىگە يېقىن بولغان تافت دېگەن بىر يېزىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان. يەزد شەھىرىدىكى «مەسىھ مۇخلىسى دوختۇرخانا»سىنىڭ كۆرسەتكەن مېھىر-شەپقىتى بىلەن ئاتام ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىپ، مەسىھدە بولىدىغان خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇ ئەيسا مەسىھنى قۇتقۇزغۇچىم دەپ ئېتىراپ قىلىپ چۆمۈلدۈرۈلگەن. ئەمما 1914-يىلى بۇ دوختۇرخانىنىڭ تاقىلىپ قېلىشى ئۇنى تافت يېزىسىغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر قىلغان. ئۇ يەردە ئۇ مۇھەممەدە ئىسىملىك بىر مۇسۇلمان

تۇغقىنىمغا ياتلىق قىلىنغان.

شۇ يەردە تۇرۇشلۇق بىر مەسىھ مۇخلىسى بولغان كىڭدون خانىم ئۆيىمىزگە پات-پات كېلىپ تۇراتتى. بەزى ۋاقىتلاردا ئۆيىمىزگە يىگىرمە نەچچە كىشى جەم بولۇپ قالاتتى. ئۇلار بولسا كىڭدون خانىمنىڭ ئىنجىلنى چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلايتتى. بەش ياشقا كىرگىنىمدە، ئانام تۇگەپ كەتتى. بۇ مەن ئۈچۈن تولىمۇ پاجىئەلىك بىر ئىش بولدى. ئەمما كېيىن چۈشەندىمكى، خۇدا مۇشۇ بەختسىزلىك ئارقىلىق ماڭا ياخشىلىق ئاتا قىلغانىكەن. مەن ئەسلىدە شىئە مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەربىيىسىدە بولغان؛ ھەر يىلى «ھۆسەيىنىنىڭ ۋاپاتى»نى خاتىرىلەش مەرىكىسىگە قاتنىشىپ تۇرغانمەن. ئەمما كىڭدون خانىم بولسا ئانامغا دائىم دېگۈدەك: «ھاسساننى يەزد شەھىرىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىسىڭىز» دەيتتى. چۈنكى ئانامنىڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتى، مېنى مەسىھ مۇخلىسى تەربىيىسىدە ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاخىرى ئانام قۇرئاننى ئېچىپ پال سالدۇرۇپ باقتى. پالدا «بۇ ئىشنىڭ ياخشى بولىدىغانلىقى» چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئانام مېنى ئۇ مەكتەپتە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلدى. يەتتە ياشقا كىرگەن يىلىم، مەن چىرايلىق قەدىمكى شەھەر ئىسفاھانغا ئوقۇشقا باردىم. شۇ يەردە مەسىھ مۇخلىسلىرى بەرپا قىلغان دوختۇرخانا، ئىنستىتۇت ۋە مەكتەپلەر بار ئىدى.

مەن بىر مەزگىل روھىي جەھەتتىن داۋالغۇچ ھالىتىدە بولدۇم. يازلىق تەتىلنىڭ دەسلەپكى بىرىنچى، ئىككىنچى ھەپتىلىرىدە مەن ئۆزۈمنى «مەسىھ مۇخلىسى» دەپ ھېسابلاپ، ئېتىقاد توغرىسىدا قوشنا-دوستلىرىم بىلەن «قۇتقۇزغۇچى مەسىھ ئەيسا ھەممىدىن ئۈستۈن» دەپ تالاش-تارتىش قىلىشقا باشلىدىم. ئەمما بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، مەن يېزىمىزدا بولۇۋاتقان مۇسۇلماندارچىلىق كەيپىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراپ قايتىدىن مۇسۇلمان بولدۇم. ئون ئىككى ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا، خرىستىئان مەكتىپىدىن ئالغان تەسىرىم يۇرتۇمدا قايتىدىن مۇسۇلمان بولغان ۋاقتىمدىكى تەسىرىمدىن خېلى دەرىجىدە يۇقىرى بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن تاۋۇت يېزىسىغا قايتقان ۋاقىتلىرىمدا ئېتىقاد ئۈستىدە تېخىمۇ كۈچلۈك تالاش-تارتىش قىلدىم! مۇشۇ سەۋەبتىن ئانام مېنى قوشنىلىرىمىزنىڭ بېسىمى بىلەن مەكتەپتىن ياندۇرۇۋالدى. ئەمما كىڭدون خانىم ۋە ئىسفاھان شەھىرىدىن كەلگەن بەزى كىشىلەر دادامغا قايتا-قايتا مېنى

ئەسلىدىكى مەكتىپىمدە ئوقۇتۇش كىرەكلىكىنى دەۋەت قىلدى. ئۇ يەنە قۇرئان ئىچىپ «پال» سالدۇردى، پالنىڭ نەتىجىسى «مەكتەپكە قايتىساڭ خەيرلىك بولىدۇ» دەپ چىقتى. دادام مەكتىپىمگە قايتىشىمغا ماقۇل بولدى. مەكتەپتىكى ئۆگىنىشىم تولىمۇ نەتىجىلىك ئىدى.

ئون سەككىز ياشقا كىرگەن يىلىم مەن ئېتىقادىمنى ئېتىراپ قىلىپ سۇغا چۆمۈلدۈرۈلدۈم. مەن ئاتامغا: «مەن مەسىھ ئەيسادىن ئۆزۈم خالىغان بەخت ۋە شادلىقنى تاپتىم» دەپ خەت يازدىم. تەتىل كېلىشى بىلەن تافت يېزىسىغا قايتتىم. ئۇ يەردە نۇرغۇن قارشىلىقلارغا ئۇچرىدىم، ئۆز ئائىلەم بولسا مېنى كاپىر دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇلار ماڭا يەنىلا مېھرىبان ۋە مېھماندوست ئىدى. ئىستافان شەھىرىدىكى ۋاقتىمدا، مۇخلىس جامائىتى ئىچىدىكى ئىبادەت قىلىش، كالام-شېرىف (مۇقەددەس كىتاب) ئوقۇش، مەدھىيە ناخشىلىرىنى يېزىش ياكى تەرجىمە قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ مەسئۇلىيىتى كۆپىنچە ماڭا بېرىلەتتى. شۇ كۈنلەردىكى گۈدەكلەرچە خۇشاللىق مەن ئۈچۈن ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى.

1940-يىلى مەن ئىستافان ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، تېھران شەھىرىگە ئۆگىنىشكە باردىم. لېكىن شۇ يەردىكى كەيپىيات خېلى باشقىچە بولۇپ، خۇداسىزلىق پەلسەپىسى بىلەن پسىخولوگىيىنىڭ تەسىرى خېلى كۈچلۈك ئىكەن. شۇ چاغدىكى پسىخولوگىيىنىڭ نەزەرىيىلىرىگە ئاساسەن، ئىنسان دېگەن جىنسىي يول بىلەن ۋە ياكى خىمىيە-فىزىكا قانۇنىيەتلىرىدىن بارلىققا كەلگەن، پۈتۈنلەي بىر «خىمىيەلىك ماشىنا، خالاس» دېگەن ئىدىيە شەكىللىنىپ قالغانىدى. مۇشۇنداق خۇداسىزلىق ئىدىيىلىرى مېنىڭ بالىلارچە ئېتىقادىمنى ئاللىبۇرۇن تەۋرىتىپ قويغانىدى. لېكىن مەن ئۈچۈن تېھراننىڭ بىر ياخشى تەرىپى شۇ بولدىكى، شۇ يەردە تەجرىبىلىك، بىلىملىك مەسىھىي لېكتور-ئوقۇتقۇچىلار بار ئىدى. ئۇلاردىن بىرى ماڭا: «سىز ئۈچۈن بارلىق ئىشلار بىمەنە تۇيۇلسىمۇ، سىز دۇئا قىلىشنى ۋە مۇخلىس جامائىتىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىشنى تاشلاپ قويماڭ» دەپ نەسىھەت قىلدى. مەن بۇ ئوبدان نەسىھەتنى قوبۇل قىلدىم. تېھراندىمۇ مەن ئامېرىكىلىق بىر مەسىھىي بىلەن دوست بولۇپ قالدىم. بىز ئىككىمىز دائىم مۇڭدىشاتتۇق، ئۇچرىغان مەسىلىلىرىمىز توغرۇلۇق دۇئا قىلىشاتتۇق.

ياشلار مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن دۆلەت قائىدىسى بويىچە ھەربىي

سەپكە قاتنىششى كېرەك ئىدى. ئۆزۈم بىر مەسىھ مۇخلىسى، ئۇرۇشقا قاتناشسام قەتئىي بولمايدۇ دەپ بىلگەچكە، بۇ خىزمەتنى ئۆتەشتىن خالىي بولۇشقا تىرىشتىم، ئەمما ئۆزۈمنى قۇتقۇزۇۋالالمىدىم. ئارمىيەگە قاتنىشىش جەدۋىلىنى تولدۇرغاندا ئۆزۈمنى «مەسىھ مۇخلىسى» دەپ يازدىم. پولكوۋنىك ماڭا «ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ ئېتىقادىنى تاشلىۋېتىپسەن، ئەمدى خائىن بولىسەن!» دەپ قاتتىق ئەيىبلەپ ۋارقىرىغانىدى. ئەمما بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەن «لىفتېنانت»لىققا ئۆستۈرۈلدۇم، مائاشىممۇ ئۆسكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن مەندە ئائىلىدىكىلىرىمنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرىلىتىش ئۈمىدى تۇغۇلدى. ئەمما خۇدانىڭ مېنى ئۆز خىزمىتىگە چاقىرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەتتىم؛ مەسىھ ئەيسانىڭ: «ئاتا-ئانىسىنى مېنى سۆيگەندىن ئارتۇق سۆيىدىغان كىشى ماڭا لايىق ئەمەستۇر» دېگەن سۆزلىرىنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئەيسا مەسىھنىڭ يولى بىلەن ماڭمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

ھەربىي سەپتىن قايتقاندىن كېيىنكى ئىككى يىل جەريانىدا، مۇخلىسلار ئۈچۈن كىتاب نەشر قىلىش خىزمىتى ۋە ياشلارنىڭ خىزمىتىدە بولدۇم. جامائەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مېنى خۇش قىلاتتى، ئەمما ئۆزۈمنىڭ كۆڭلى بولسا بىئارام ئىدى. چۈنكى مەن ئۆزۈمدە روھىي جەھەتتىن ھېچقانداق ئىلگىرىلەش يوق دەپ ھېس قىلىپ قالدىم. كېيىنرەك، ئەنگلىيەدىكى كامبرىدژ ئۇنىۋېرسىتېتىگە بىلىم ئاشۇرغىلى باردىم.

كامبرىدژ دېگەن بۇ قەدىمكى، چىرايلىق ۋە تىمتاس شەھەر ماڭا بەكمۇ يېقىپ كەتكەچكە، تولىمۇ ھاياجانلاندىم. ئەمما ئاۋۋالقى ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياجانلىرىمنىڭ پەسىيىشى بىلەن، كۆڭلۈمدىكى ھېلىقى بىئاراملىق يەنە پەيدا بولدى. ئەمما بۇ قېتىمقىسى بەكرەك كۈچلۈك بولدى. مەن بارغانسېرى غېرىبسىنىپ يالغۇزلۇق ھېس قىلدىم. ئانامنى مەندىن شۇنچە بالدۇر ئايرىۋەتكەن خۇدانى ئەيىبلىدىم. كۆڭلۈمنىڭ تېگى-تەكتىنىڭ مۇھەببەتسىز، قۇرۇق بىر جاي ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. مېنى ئۆز ئەينىم بىلەن سۆيىدىغان بىر سۆيگۈگە تەشنا بولدۇم. نۇرغۇن كىشلەر باشقىلار ئۆزىنى خۇش قىلىدىغان ئىشلارنى قىلغاندىن كېيىن ياكى ئۇلارنى ئۆزى خالىغان قېلىپقا كىرگۈزىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنى «سۆيىدۇ». مەن ئانىنىڭ مېھىر-مۇھەببەتكە تولغان باغرىغا ۋە ياكى ئاتىنىڭ

كەڭ غۇلاچ ئاچقان قۇچىقىغا شۈنچىلىك قانمىدىمكى، ئۇلارغا قانچىلىك تەشنا ئىكەنلىكىمنى ئويلىساملا، پۈتۈن بەدىنىمنى بىرخىل سوغۇق تىترەك بېسىپ، تولىمۇ غېرىبچىلىك ئىچىدە قالاتتىم. ماڭا زىيانكەشلىك قىلىپ، مېنى ئۆز خەلقىمدىن ئايرىۋەتكەن كىشىلەرنى ئەيىبلەيتتىم. بەزىدە ئۆزۈمدە بولىدىغان ئۆز ئۆزۈمگە ئىچ ئاغرىتىش ۋە ئۈمىدسىزلىك دولقۇنلىرى شۈنچىلىك كۈچلۈك بولىدىكى، كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك تۆكۈلۈپ كېتەتتى. مەن ئايۇپ پەيغەمبەرگە ئوخشاش، ئۆزۈمنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈمگە لەنەت ئوقۇدۇم.

ھېچكىم مېنى چۈشەنمەيتتى، گەرچە چۈشەنگەن بولسىمۇ، مەن ئۇلاردىن ياردەم ئالالمايتتىم. «ئۆزگىرىشنى مەسىھ ئەيساغا تاپشۇرۇڭ»، «دۇئا قىلىسىڭىزلا خۇدا كۆڭلىڭىزگە تىنچ-ئامانلىق بېرىدۇ» ـــ دېگەن سۆزلەر ماڭا پەقەت مەنىسىز قۇرۇق دىنىي ئىبارىلەرلا بولۇپ قالغانىدى، خالاس.

مەن مۇشۇنداق كۈنلەردە بىرەيلەننىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، ياشلارغا دائىم ياردەم بېرىپ تۇرىدىغان دانىشمەن بىر ئاقساقال بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ئىككى سائەتكىچە يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان دەرد-ھالىمنى ئاڭلىدى. مەن بۇ ئادەمنىڭ مېنى سۆيىدىغانلىقى ۋە مېنى چۈشىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم، شۇنداقلا خۇدانىڭ ئۇ ئارقىلىق مېنىڭ كۆڭلۈمنى چوقۇم ساقايتالايدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ يەتتىم. كېيىن ئىككىمىز يەنە بىرنەچچە قېتىم سۆھبەتلەردە بولدۇق. شۇ جەريانلاردا، ئۇ ماڭا زەبۇر ۋە ئايۇپ پەيغەمبەرنىڭ كىتابىنى (تەۋراتنىڭ بىر قىسمى) ئوقۇشۇمنى نەسىھەت قىلدى. دەرۋەقە بۇ ئىككى كىتابنىڭ تەسىرى شۈنچىلىك كۈچلۈك بولدىكى، خۇددى قۇياش نۇرىنىڭ مۇزنى ئېرىتىۋەتكىنىدەك، مەن ئۇچراتقان قىيىنچىلىق ۋە دەرد-ئەلەملىرىنىمۇ ئەنە شۇنداق يوقىقا چىقىرىۋەتتى. ھەزرىتى ئايۇپنىڭ سۆزلىرىنى ئوقۇغىنىمدا، ئۇ سۆزلەرنى خۇددى مەن ئۆزۈم سۆزلەۋاتقاندەك بولاتتىم: ـــ

« ـ مەن ئۆز ھاياتىمدىن نەپرەتلىنىمەن ؛ دەرد-ئەلەممنى تۆكۈپ خۇداغا قاقشايمەن...»

«خۇدايىم، نېمىشقا دىدارىڭنى مەندىن يوشۇرىسەن، مېنى نېمىشقا دۈشمىنىڭ دەپ بىلىسەن؟...»

«ئاھ، پەرۋەردىگارنى تاپقىلى بولىدىغان جاينى بىلسەمكەنمەن

كاشكى!» (تەۋرات، «ئايۇپ»، 10-، 13-، 23-بابتىن). كىتابنى ئوقۇپ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۆزۈمنىڭمۇ ئايۇپقا ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىۋاتقانلىقىمنى بايقاپ قالدىم: «سەن توغرۇلۇق نۇرغۇن سۆزلەرنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانمەن، ئەمما ھازىر ئۆز كۆزۈم بىلەن سېنى كۆردۈم؛ شۇڭا ئۆزۈمنى ئەرزىمەس بىرنېمە دەپ قارايمەن، پۇشايمان ئىچىدە توپا ۋە كۈلگە مىلىنىپ گۇناھلىرىمغا توۋا قىلىمەن!».

ئايۇپ پەيغەمبەرنىڭ بۇ سۆزلىرى مېنىڭمۇ سۆزۈم بولۇپ قالدى.

مەن توۋا قىلىشىم كېرەك! ئۆزۈمنى «ئالەمدە بىر» دەپ قارىغانلىقىمغا توۋا قىلىشىم كېرەك. ئۆزۈمنىڭ ئەسلى قىياپىتىمنى ئەمدى تولۇق بىلىپ يەتتىم: — مەن ئەسلىدە ئۆتنۈپ كەتكەن بىر شەخسىيەتچى، قۇرۇق سۆلەت، ھاكاۋۇر، «مۆكەممەل» ساختىپەز دىنىي روھانىي ئىكەنمەن. مەن مۇخلىس جامائىتىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن «روھانىي بولاي» دېگەن مەقسەت بىلەن ئەنگلىيەگە بارغان؛ شۇنداقلا ئۆزۈم روھانىي بولغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق ئۆگىنىۋېرىشىمنىڭ ھاجىتى يوقتۇر، پەقەت باشقىلارغىلا ئۆگىنىش تەلىملىرىنى بەرسەم بولار!» دېگەنگە ئوخشاش ئويلاردا بولغاچقا، بىر ساختىپەز روھانىيغا ئايلىنىپ قاپتىمەن خالاس! خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن، مەن ئۆزۈمنىڭ بىچارە بىر گۇناھكار ئىكەنلىكىمنى بارا-بارا تونۇپ يەتتىم، رەببىمنىڭ ماڭا رەھىم قىلىشىنى ئۆتۈنىدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىمنى تېخىمۇ ھېس قىلىپ يەتتىم.

بېشىمدىن يۇقىرىقىدەك نۇرغۇن ئىشلار ئۆتكەندىن كېيىن، ھەممە ئىش ئۆزگەردى. گۇناھنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، مەسىھ ئەيسانىڭ دارغا مىخلىنىشى ئارقىلىق خۇدانىڭ بىزنى كەچۈرۈم قىلىش ئۈچۈن قانداق بەدەل تۆلىگەنلىكىنى ئەمدى بىلدىم. بۇنى بىلىش ۋە خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى ئۆگىنىشنى باشلىشىم بىلەن، كۆڭلۈم بارا-بارا يورۇپ، بارلىق غەم-قايغۇ، غەشلىك، بىئاراملىق يوقىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەسلىدىكى مەندە ئىنسان بالىسى بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش تەس بولغان ئىش، ئەمدىلىكتە بولسا ئاسان ئىش بولۇپ چىقتى. مەن ھەممە ئادەملەرنىڭ، ھەتتا ماڭا ئوخشاش بىر گۇناھكار كىشىنىڭمۇ خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ سۆيۈلىدىغان، خاسلىقى بار شەخس بولىدىكەن، دېگەن قاراشتا بولدۇم، تا ھازىرغىچە شۇ قاراشتا بولۇپ

كەلمەكتىمەن.
ئامىن!

# 8. «مەن ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن» (ماراكەشلىك بىر جىنايەتچىنىڭ گۇۋاھلىقى)

*«ئۆتمۈشۈمنىڭ قاپقاراڭغۇلۇقى، ھاراقتىن، پاھىشە ئاياللاردىن، گۇناھتىن ئىكەن. لېكىن بۈگۈنۈمنىڭ يورۇقلۇقى ھەممە خاتىرجەملىكنىڭ مەنبەسى بولغان مەسىھ ئەيسا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان شادلىق، خاتىرجەملىك ۋە ئاراملىقتىندۇر»*

ياش ماراكەشلىك ئەھمەت سۈسسى ئۆيىدىكى تىزگىندىن قېچىپ، جىنايەت يولىغا كىرىپ قالغان. ئەھمەت ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلاردىن بىرىنىڭ ئۆزىنى كەچۈرۈم قىلغانلىقىغا قاراپ ئىنتايىن ھەيران قالدى. ئۇنى كەچۈرگەن بۇ كىشى مەسىھ مۇخلىسى ئىدى. ئەھمەت كېيىنرەك ئىنجىل ئوقۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭدىكى مەسىھنىڭ مېھىر-مۇھەببىتى، گۇناھكارلارنى كەچۈرۈشى ۋە بۇ دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى خۇش خەۋەر ئۇنى مەھلىيا قىلىۋالدى. ئائىلىسىدىكىلەر بۇنى ئاڭلاپ ئۇنى تاشلىۋەتكەن بولسىمۇ، كېيىن ئۇنىڭ ھاياتىدىكى چوڭ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ، يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئەپلەشتى. ئۇ ماراكەشتە ھازىرمۇ رەببى بولغان ئەيسانىڭ خىزمىتىدە بولماقتا.

— ئۆزۈم ئۆسكەن كىچىك يېزىدىن ئايرىلىپ، تاغامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن كاسابلانكا دېگەن شەھەرگە سەپەر قىلدىم. مەن ئۇ يەردە يەنە تىجارەتتە تاغامغا ياردەمچى بولدۇم. شۇ چاغدا مەن ئون يەتتە ياشقا كىرگەنىدىم. مەن چوڭ شەھەردە بولغىنىم ئۈچۈن «شامالغا

ئەگىشىپ» يولدىن چىققانلار بىلەن بىر يولدا ماڭدىم. «كوچا قىزلىرى» ۋە «شەھەر نوچىلىرى» بىلەن تونۇشۇش مەن ئۈچۈن تەس ئەمەس ئىدى، مەن تېزلا ئۇلار بىلەن تونۇشۇۋالدىم، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالدىم. ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلمەي، ئۆزۈمنىڭ پۇتىغا ئۆزۈم پالتا چاپتىم.

بىر كۈنى تاغامنىڭ ئايالى جوزامدىكى مەن قىزلار بىلەن چۈشكەن بىر رەسىمنى كۆرۈپ قالدى. تاغام ئەنسىرەپ ئاتامغا بالدۇر كېلىشنى تاپىلاپ بىر خەت يوللىدى. ئاتام كېلىپ مەندىن نېمە ئىش بىلەن ۋاقتىمنى ئۆتكۈزگەنلىكىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭغا: «پۇتبول ئويناش بىلەن» دەپ جاۋاب بەردىم. ئاتام غەزەپلىنىپ قىزلار بىلەن چۈشكەن ھېلىقى رەسىمنى ماڭا كۆرسىتىپ: «يارىماس نان قېپى! كۆزۈمگە ئىككىنچى كۆرۈنگۈچى بولما! سەن ئاناڭغا لايىق ئەمەسسەن!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى.

مەن ئۆيدىن چىقىپ كوچىلاردا نىشانسىز تېنەپ يۈردۈم. ئۇچرىغان كونا دوستلاردىن بىرى مەندىن نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى، مەن ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنى دەپ بەردىم. ئۇ كۈلۈپ كېتىپ: «ئى ئەخمەق! سەن مېنىڭ بەش يىل ئىلگىرى بېشىمدىن سېنىڭكىگە ئوخشاش ئىشنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ساڭا دەپ بەرگىنىمنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسەن! شۇ چاغدا مەن ئۈمىدسىزلەنمىگەنىدىم. مانا مەن ھازىر ئاتا-ئانامنىڭ تىزگىنىدىن ئازاد بولدۇم!» ــــ دېدى.

«ــــ سەن يولدىن ئازغىنىڭنى «ئازاد بولدۇم» دەپ قارامسەن؟» دېدىم مەن.

«نېمە دېسەڭ دەۋەر» ــــ دېدى ئۇ، «ھېچ بولمىغاندا يېگۈدەك بىر چىشلەم نېنىم، پاناھلانغۇدەك جايىم بار. دۆلىتىمىزدە بۇنىڭدىن ئارتۇق جاينى تاپقىلى بولمايدۇ. مەن «ئېزىپ كەتكەن» بولسام، سەنمۇ ئېزىپ كەتكەنسەن. مەن بىلەن ماڭ، بىزنىڭ كاتتىبېشىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ، بىز بىلەن بىللە ئىشلە».

ئۆزۈم خىزمەتسىز، يەيدىغان نەرسەم بولمىغاچقا، ئۇ مېنى ئۆيىدە قوندۇردى.

بۇ شايكا كاتتىبېشى مېنى ئوغرىلىققا تەربىيىلىدى. مەن يەتتە ئايدىن كېيىن بۇ ئىشقا كىرىشتىم، قورسىقىمغا، تاماكامغا، ھارىقىمغا يېتەرلىك پۇل تاپتىم. ئەمما ساقچىلار «ئوۋىمىز»نى تېپىۋالغاندىن كېيىن مەن يەنە كوچىلاردا لاغايلاپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. بىر دوستۇم بىلەن ئىككىمىز كۆكتات بازارىدىن خىزمەت تېپىپ ئىشلىدۇق. شۇ يەردە بىز بىر ئايالنىڭ سۇۋىتىدىن پۇلدىنىنى

ئوغرىلىدۇق. ساقچىلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىزنى تۇتۇۋېلىپ ئىدارىسىگە ئەپكەتتى. بۇ ئايالنىڭ پۇلنى ئالغانلىقىمىزنى ئىقرار قىلدۇق ۋە قالغان پۇلنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردۇق. بىر ساقچى ئۇنىڭدىن بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن ئەرز قىلىدىغان-قىلمايدىغانلىقى توغرۇلۇق سورىۋىدى، ئۇ: «ياق، ئەيسا مەسىھ گۇناھلىرىمنى، شۇنداقلا ھەممە ئادەمنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلغان، شۇڭا مەنمۇ ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى خالايمەن» — دېدى.

بۇ سۆزلەر ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى ۋە خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە قۇلاق تۈۋۈمدە جاراڭلاپ تۇردى. مەسىھ ئەيسا دېگەن كىم؟ ئۇ نېمىشقا كەچۈرۈم قىلىدۇ؟ بۇ ئايال نېمىشقا بىزنى كەچۈردى؟ بۇ جاۋابسىز سوئاللار شۇ چاغدا كاللامغا كىرىۋالغانىدى.

بىراق قانۇن ئادەمنى كەچۈرمەيدۇ. شۇڭا مەن جازالىنىپ تۈرمىدە يەتتە ئاي ياتتىم. ئاتام مېنىڭ شۇ يەردە ياتقانلىقىمدىن خەۋەر تاپتى؛ قويۇپ بېرىلگىنىمدە ئۇ مېنى كۆرگىلى كەلدى. مەن كۆزۈمگە لىق ياش ئالغان ھالدا ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدىم، ئۇ مېنى كەچۈردى.

كېيىنكى يىلى ئاتام مېنى قۇرئان ئۆگىتىدىغان مەكتەپتە ئوقۇشقا تىزىملىتىپ قويدى. ئۇنى خۇش قىلىش ئۈچۈن مەن قوشۇلدۇم. بۇ يىل ئىچىدە مەن بولۇپمۇ رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ شىمالىي ئافرىقىمىزنى ئىشغال قىلغانلىقى توغرۇلۇق نۇرغۇن تارىخىي كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم. شىمالىي ئافرىقادىكى ئەجدادلىرىمىز ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى كۆپىنچىسى مەسىھ ئەيسانى قۇتقۇزغۇچىمىز دەپ ئېتىراپ قىلغانىدى. مۇسۇلمان ئارمىيىسى كەلگىنىدە خەلقنى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا قىلىچنىڭ تىغى بىلەن مەجبۇرلىغان. مانا بۇ سەۋەبتىنلا بىزلەر ھازىرغىچە مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەنمىز. مەن گۇمانغا چۆمدۈم، نامازدىن توختاپ قالدىم. ھېچ بولمىغاندا، ناماز ئوقۇش دىل-روھىمنى دائىم قۇرۇق قالدۇراتتى. مەكتەپتىكى مولللار مېنى دىنسىز، خۇداسىز دەپ قارىغاچقا مەكتەپتىنمۇ توختاپ قالدىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي تاغامنىڭ تەكلىپى بىلەن كاسابلانكا شەھىرىگە قايتىپ باردىم. شۇ يەردە كامىل ئىسىملىك ئاشخانا خوجايىنى بولغان بىر ئوتتۇرا شەرقلىققە يولۇقتۇم. بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۇنىڭدىن دىن توغرۇلۇق بىر سوئال سورىدىم. ئۇ ماڭا قاراپ: «بىلمەمسەن، ئەھمەت، مەن مەسىھ ئەيسانىڭ يولىدا

خۇداغا ئىشىنىمەن» — دېدى.

«سەن ئەرەب تۇرساڭ، قانداقچە مەسىھ مۇخلىسى بولىسەن؟ ئەرەبلەر ئىچىدە مەسىھ مۇخلىسلىرىمۇ بارمۇ؟»

«ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسەن، ئوتتۇرا شەرقتە بولسا ئۆتكەندە نۇرغۇن «مەسىھلىك» ئەرەب قەبىلىلىرى، پادىشاھلىقلار بار ئىدى. سىلەر شىمالىي ئافرىقىلىقلار مەسىھنىڭ يولىنى تۇتقانلار پەقەت ياۋروپالىقلار ئىچىدىلا بولىدۇ دەپ قارايسىلەر، بۇ توغرا ئەمەس» — دېدى ئۇ. ئاندىن ئۇ ماڭا بىر ئىنجىلنى ئارىيەت بەردى.

ئۆيۈمدە ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ ئوقۇشقا باشلىدىم. تۇنجى بولۇپ قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئورنىغان ئىش شۇكى، بۇكىتاب ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنغانىكەن، ئۇنىڭ خەۋىرى دۇنيانىڭ ھەربىر ئىرقىدىكى ھەممە كىشىگە ئەھمىيەتلىك، ھالقىلىق ئىدى. مەن مەسىھ ئەيسانىڭ: «يېنىمغا كەلگەن كىشىنى ھەرگىز تاشلىمايمەن» دېگىنىنى ئوقۇشۇم بىلەن كۆڭلۈمدە بىرخىل جەزمەنلىك پەيدا بولدى.

كاملىنى يەنە يوقلاپ باردىم. ئۇ مەندىن ئىنجىلنى ئوقۇدۇڭمۇ يوق، ئۇنىڭ توغرىسىدا قانداق ئويلىدىڭ، دەپ سورىدى. مەن جاۋابەن: — ھەئە، مەن ئوقۇدۇم، ۋە ئىنجىلدىكى نۇرغۇن مۆھەببەتكە تولغان جۈملىلەردىن تەسىرلەندىم، — دېدىم. ئۇ يەنە: — «مەڭگۈلۈك ھايات توغرىسىدا، مەسىھ ئەيساغا ئىشەنگەن، ئۇنىڭغا تايانغان كىشى گۇناھلىرىدىن كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، دېگەنلەرنى ئوقۇغانسەن؟» دەپ سورىدى.

مەن بەزى «سىرتتىن ئىنجىل ئوقۇش مەكتىپى»نىڭ ئادرېسلىرىنى تاپتىم، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار بىلەن ئالاقىلاشتىم. ئۇلار نۇرغۇن ئوقۇشلۇقنى ماڭا ئەۋەتىپ بەردى. بۇلار مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتى، «خۇدا يورۇقلۇقتۇر، ئۇنىڭدا پەقەت قاراڭغۇلۇق يوقتۇر» دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەندىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن چۈشەنچىمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىر مەسىھ مۇخلىسى قېرىندىشىمدىن مەخسۇس ئىنجىلنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم.

بىر كۈنى، كەچلىك تاماقتىن كېيىن مۇخلىسلارنىڭ يىغىنىغا قاتنىششقا باردىم. شۇ كەچتە تاغام ئەۋەتكەن بىر قوشنامنىڭ ماڭا ئەگىشىپ كەلگەنلىكىنى سەزمەپتىمەن. ئۆتمۈشۈمنىڭ قاپقاراڭغۇلۇقى، ھاراقتىن، پاھىشە ئاياللاردىن، گۇناھتىن ئىكەن.

لېكىن بۇگۈنۈمنىڭ يورۇقلۇقى، ھەممە خاتىرجەملىكنىڭ مەنبەسى بولغان مەسىھ ئەيسا تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان شادلىق، خاتىرجەملىك ۋە ئاراملىقتىندۇر. بىراق بۇنى تاغام چۈشەنمەيتتى. يېقىندىن قايتقىنىمدا، ئۇ مېنى جازالاپ ئۇردى ۋە ئەتىسى بىر قوشنىسى بىلەن بىللە مېنى ساقچى ئىدارىسىگە ئاپاردى.

ساقچى ئوفىتسېرى بىر تەرەپ قىلىدىغان دېلولارنىڭ كۆپىنچىسى ئوغرىلىققا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، تاغامدىن مېنىڭ نېمىنى ئوغرىلىغانلىقىمنى سورىدى. «ھېچنېمىنى ئوغرىلىمىدى» — دېدى تاغام، — «ئۇ بىر نەرسە ئوغرىلىغان بولسا، ھېچگەپ ئەمەس ئىدى! ئەمما ئۇنىڭ قىلمىشى ئوغرىلىقتىن زور دەرىجىدە ئېغىر. ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىدىن تېنىپ كەتكەن».

ساقچى بولسا: — «سىز ئۇنىڭ دىنى ۋە ئېتىقادى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن» — دېدى، — «ئۇنىڭ ھالال ئىشلەپ، خالىغانچە ئويلاش ئەركىنلىكى بار. بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئىشى ئەمەس» — دەپ بىزنى قويۇۋەتتى.

تاغام ئۈمىدسىزلىنىپ قوشنىلىرىنى ماڭا پەسەنت قىلماسلىققا ۋە ماڭا ھاقارەت قىلىشقا كۈشكۈرتتى. كۆڭلۈمدە بىردىنبىر تەسەللىم ئىنجىلدىكى يېقىملىق سۆزلەر ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مەن بىر «كېڭەش»كە قاتنىشىشقا چاقىرىلدىم؛ بۇ «كېڭەش» ئاتام، تاغام، بىر قوشنام، ئۈچ ئىمام ۋە باشقىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. بۇ كېڭەشكە كىرىشتىن ئاۋۋال «ماڭا جۈرئەت بەرگەيسەن» دەپ خۇداغا دۇئا قىلدىم. «سىلەر كېڭەش-سوتلار ئالدىغا ئەپكېلىنگەن ۋاقىتىڭلاردا مۇقەددەس روھ سىلەرگە نېمە دېيىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتىپ قويىدۇ» دېگەن ئىنجىلدىكى ۋەدىنى ماڭا ئەسلىتىپ قويىدى.

بىر ئىمام سۆز ئېچىپ ماڭا: «گېپىمگە قۇلاق سال، ئۇكام، غەيرىي دىننى قوبۇل قىلما. ئېتىقادىڭنى ئۆزگەرتىمەن دەپ ئويلىما، ئۆزگەرتىسەڭ ئاقىۋىتى ئېغىر بولىدۇ» — دېدى.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ ئولتۇردۇم، ئاندىن: «دوستلىرىم، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سالغايسىلەر. سىلەر ھەممىڭلارنىڭ قۇرئاندا «روھۇلئۇللاھ» (خۇدانىڭ روھى) دەپ ئاتالغان مەسىھ ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ياراتقان مۆجىزىلىرىدىن خەۋىرىڭلار بار. ئۇ بىمارلارنى ساقايتقان، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگەن، گۇناھسىز ياشىغان، كرېستتا مىخلىنىپ ئۆلگەن، ئۆزى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلۈپ،

ئەرشتىئەلاغا كۆتۈرۈلگەن، ئاخىرىدا قىيامەت كۈنى ئۇ قايتىپ كېلىدۇ. سىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىقاد باغلىغۇڭلار يوقمۇ؟» — دېدىم.

ھەممەيلەن ماڭا ھاڭۋېقىپ قاردى، ھېلىقى چوڭ ئىمام مېنى بىر شاپىلاقلاپ: «ئاتا-بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىدىن قانداقمۇ ۋاز كېچەلەيسەن؟» — دېدى.

مەن جاۋابەن: «ئېتىقاد بولسا ئاتا-ئانىدىن مىراس قالىدىغان نەرسە ئەمەس. بۇ مۇقەددەس روھنىڭ ئەجرىدۇر. جىسمانىي جەھەتتە مەن بولسام ئاتامنىڭ ئوغلى بولىمەن، ئەمما روھىي جەھەتتە مەن خۇدانىڭ پەرزەنتىمۇ بولىمەن. ئۇ مېنى بوغقان گۇناھنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازاد قىلدى. سىلەر قانداقمۇ مېنىڭ بۇنداق ئاسارەتكە قايتىشىمنى خالايسىلەر؟» — دېدىم.

ئىمام ئاغزىنى ئېچىپ: «سىلەرگە ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، كىمكى بۇنداق كاپىر بىلەن ھەمداستىخان بولسا ياكى بىر ئۆيدە ئۇخلىسا، ئۇنىڭغا ئوخشاش كاپىر بولىدۇ!» دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ئۈچىنچى قېتىم ماكانسىز، خىزمەتسىز ھالدا كوچىدا ئايلىنىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئەمما ياغاچچى بىر دوستۇم ئىسىمگە كەلدى. ئۇنى ئىزدەپ تاپتىم. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت تۇردۇم. بۇ دوستۇم باياننى ئاڭلاپ تەسىرلەندى. ئۇمۇ كېيىن مەسىھ ئەيساغا ئىشەنچ باغلاپ ئۇنى قۇتقۇزغۇچىم دەپ ئېتىراپ قىلدى.

بۇ مەزگىلدە خىزمەت تېپىش ئۈچۈن دۇئا قىلىشتىن توختىمىدىم. بىر كۈنى ئارقامدىن تونۇش ئاۋازنى ئاڭلىدىم: «ئەھمەت، بۇياققا كەل». بۇ ئاتامنىڭ دوستى، شەھىرىمىزدىكى چوڭ سودىگەر ئىبراھىم ئىدى. «سېنىڭ ئائىلەڭدىكىلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق؟» — دېدى ئۇ.

«ئائىلىدىكىلىرىمنىڭ ئەھۋالى ياخشى. ئەمما بىرنەچچە ئايدىن بېرى ئۇلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز مەن» — دېدىم.

«نېمىشقا؟» — دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭغا: «ئۇلار مېنى ئېتىقادىم تۈپەيلىدىن ئۆيدىن ھەيدىۋەتتى، مەن ھازىر خىزمەت ئىزدەۋاتىمەن» — دېدىم.

«ماڭا بىر ئىشەنچلىك ئادەم كېرەك. خالىساڭ، مەن ئۈچۈن ئىشلە» — دېدى ئۇ.

مەن: «سىزگە رەھمەت، ئەپەندىم. بىراق بىلىشىڭىز كېرەككى، مەن ھازىر ئەيسا مەسىھنىڭ يولىدا ماڭىمەن» — دېدىم.

ئۇ: «ئىپتىقادىڭ توغرۇلۇق گەپ سورىمىدىم. سەن ئەقىللىق، ئەستايىدىل ۋە سەمىمىي بولساڭلا، بۇ ماڭا كۇپايە» — دېدى.

رەببىمگە رەھمەت ئېيتىپ، ئەتىسى ئىشنى باشلىدىم. كۈن، ھەپتە، ئايلار ئۆتتى. خېرىدارلارنىڭ ھەممىسى خىزمىتىم ۋە ئۇلارغا قىلغان مۇئامىلەمدىن مېنى ئەتىۋارلايتتى. يەتتە ئايدىن كېيىن ئىبراھىم بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ، مېنى دۇكاننى باشقۇرۇشقا قالدۇردى. قايتىپ كېلىشى بىلەنلا مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ: «مانا بۇ ئازراق پۇلنى ئال. چېچىڭنى ئالدۇر، ياخشى ياسىنىپ ئۆيۈمگە كەچلىك تاماققا كەل» — دېدى.

مەن كەلسەم كىملەر بار ئىكەن دېمەمسىز؟ مەن ھەيران قالدىم. ئولتۇرغانلار ئاتام، ئانام، ۋە ھاممام ئىدى! ئىبراھىم سەپەردىن قايتىشىدا يېزامدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئائىلىدىكىلىرىمنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. مەن ئاتا-ئانامنىڭ قوينىغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم، ئۇلار كۆز ياشلىرىنى ئېقىتقان ھالدا مېنى سۆيۈپ كەتتى. مېنى ئەيىبلەشنىڭ ئورنىدا دادام ماڭا يېقىنلىشىپ: «ئەھمەت، ئۆتكەنكى قىلىقىمنى كەچۈر. تاغاڭ ئۆتكەندە سېنىڭ شۇنچە كۆپ يامان گېپىڭنى قىلدى. مەن سېنى پاھىشىۋازلىق قىلىدىغان، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىدىغان، كوچىدا تەمتەسلەپ يۈرىدىغان مۇتەھەملەرگە ئوخشاش بولۇپ كەتكەن چېغى، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. ئۇ خەۋەرلەر مېنى قايغۇغا چۆمدۈرگەن، ئەمما ئىبراھىم يېقىنقى خەۋىرىڭنى بىزگە ئەپكەلگىنىدە مەن ئىنتايىن خۇش بولدۇم» — دېدى.

«توغرا، ئانا، مەن ئەسلى سەن ئويلىغاندەك بولۇپ قالغانىدىم. بىراق رەببىم ئەيسا مەسىھ ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆگەتتى، يولدىن ئېزىپ كەتكەن قوزا بولغان مېنى قۇتقۇزۇپ، ئۆز قوتىنىغا ساق ئېلىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىمەن. بىز ھاياتىمىزدا يېڭى سەھىپە ئاچايلى».

**«سىلەر رەببىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى بىلىسىلەر – گەرچە ئۇ باي بولسىمۇ، سىلەرنى دەپ يوقسۇل بولدىكى، سىلەر ئۇنىڭ يوقسۇللۇقى ئارقىلىق بېيىتىلىسىلەر»**

(ئىنجىل، «كورىنتلىقلارغا (2)»، 8-بابتىن)

# 9. «تولۇق ئويغىنىش» (ماۋرىتىئۇسلۇق تېۋپىنىڭ گۇۋاھلىقى)

*«ئۆزۈمنى مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق خۇداغا تاپشۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبى مەن ئۇنىڭ مەسىھتە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىگە ئۇچرىشىمدىن بولغان. كېيىن بېشىمدىن ئۆتكۈزگەنلىرىم ۋە ھازىرمۇ ئۆتكۈزۈۋاتقانلىرىم كۆرگەن شېرىن چۈشلىرىمدىنمۇ ئارتۇق».*

ئافرىقىدىكى ماۋرىتىئۇسلۇق ئابدۇل راززاق باراكات ئۇللاھ مەسىھ ئېتىقادىغا ئېرىشكەن كىشىلەردىن بىرى. شۇ جەرياندا مەسىھ ئەيسا ئىنساننى قۇتقۇزغۇچى دەپ تونۇشتۇرۇلغان بىر كىتابچىنى ئوقۇغان. ئۇنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن گۇمانلار پەيدا بولغان، ئەمما خۇدانىڭ مۇھەببىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولغان، ئۇ مەسىھنىڭ نىجاتىنى قوبۇل قىلغان، خۇدانىڭ مۇھەببىتىدە خۇشال بولغان، يېڭى دوستلۇقلار بىلەن بېيىغان يېڭى ئادەم بولغان.

ئاتا-ئانام ماۋرىتىئۇستا ئولتۇراقلاشقان ھىندىستانلىق، شەرىئەتكە قاتتىق رىئايە قىلىدىغان ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلاردىن ئىدى. ياش ۋاقتىلىرىمدا ئۇردۇتىلىنى ئوقۇش ھەم يېزىشنى، قۇرئاننى (چۈشەنمىگەن ھالدا) ئوقۇشنى ئۆگەنگەنىدىم، كېيىن ئىسلامنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە ئىلاھىيەتشۇناسلىقىنى خېلى تەكىتلەيدىغان ئىسلام دىنى ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىردىم. مەن ھەممە ئەمر-پەرمانلارغا رىئايە قىلاتتىم، ئەمما بارا-بارا ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى توغرۇلۇق كۆڭلۈمگە شەك چۈشتى. ماڭا: «سەن ئۇلار ئارقىلىقلا ئۇ ئالەمدە جەننەتكە ئېرىشەلەيسەن» دېيىلگەنىدى. لېكىن مەن خۇدانىڭ رەھمىگە ئېرىشەرمەنمۇ،

ياكى نارازىلىقىغا ئۇچرارمەنمۇ دەپ ئەنسىرەپ قالدىم. قەلبىم ماڭا ياكى ناماز ئوقۇشلار، روزا تۇتۇشلار ۋە قۇرئاننى ئوقۇشلار ئېرىشتۈرەلمەيدىغان بىرخىل تەسەللىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئەنئەنە ۋە ھەدىسلەرنى تاشلاپ ئىسلامنىڭ «ئەينى ئۆزى»گە كىرىش قارارىغا كەلدىم، ئۇنى پەقەت ھەدىسلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان قۇرئاندىن باشقا يەردىن تاپقىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بىر فرانسۇزچە تەرجىمىسىنى ئوقۇشقا كىرىشتىم.

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى قۇرئاننىڭ ئەرەبچە ئوقۇلۇشىدىن چىققان گۈزەللىكنى ئۇنىڭ خۇدادىن چۈشۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئىسپاتى دەپ قارىشىدۇ. ھاپىزلار قۇرئاننى مەسچىتتە ياكى رادىئودا ئوقۇغىنىدا مەندىمۇ شۇنداق ھېسسىيات پەيدا بولغانىدى. ئەمما فرانسۇز تىلىدىكى تەرجىمىسىنى ئوقۇغىنىمدا مەزمۇنلىرىدىن ھەم بېشىم قاتتى ھەم ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتىم. ئېتىقادىمنى قاتتىق قاراق تەۋرەتكەن ئىش «سۈرە ئەھزاب» (33-)نى ئوقۇشۇمدىن بولدى. مۇھەممەد «پەيغەمبەر ۋەھيي بىلەن» ئۆزىگە ئوغۇل بولغان زەيدنىڭ ئايالىنى ئۆز ئەمرىگە ئالغانىكەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايالى توققۇز ئىدى. مۇھەممەد ئۈچۈن ۋە باشقا بەندىلەر ئۈچۈن باشقا-باشقا ئۆلچەم بار ئوخشايدۇ.

ئون ئالتە ياشقا كىرگىنىمدە بۇ ئايەتلەر ئۈستىدە قايتا-قايتا ئويلىنىپ جاۋاب تاپالماي گۇمانغا چۆمدۈم ۋە كۆڭۈل ئازابى ئىچىدە بىرنەچچە ئاينى ئۆتكۈزدۈم. قۇرئان ئەرەبچىدە گۈزەل بولغىنى بىلەن، بۇنىڭ ئۆزىلا خۇدادىن كەلگەنلىكىنىڭ تولۇق ئىسپاتى بولالمايدۇ. مەن يەنە كېلىپ ئىسلامنىڭ غالىبىيەتلىرى توغرىسىدا ئويلىناتتىم — خۇدانىڭ قولى جەزمەن ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى! ئەمما بۇددىزم، ھىندۇ دىنى ۋە كوممۇنىزم قاتارلىقلارنىڭمۇ غالىبىيەتلىرى بار. كاللامدا چېكىش خىياللار داۋاملىشاتتى، روزا تۇتۇشتىن، نامازلاردىن توختىدىم، پەقەتلا ئاتامنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن جۈمە نامىزىغىلا قاتنىشاتتىم.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، مەن مەسچىتتە بولۇپ ئاتامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىمدا ئويلىنىپ قالدىم: «جەننەت، دوزاخ مەۋجۇتمۇ؟ ئۆلۈشىمىز بىلەن غايىب بولىمىزمۇ؟» دەپ ئويلىدىم. ئاندىن: «خۇداغا خىزمەت قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى يولى باشقا ئىنسانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش» دەپ ئويلىدىم. مەن ئاللىبۇرۇن تىبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشكە بەل باغلىغانىدىم. ئەمدى مەن ئۆزۈمنى

باشقىلارنىڭ ئازاب-ئاغرىقلىرىنى يېنىكلىتىشكە بېغىشلىدىم. كېيىن بۇ يولنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم، ئەمما مەن باشقىلاردا كۆرگەن شەخسىيەتچىلىك ۋە تاماخورلۇق ئاخىر ئۆزۈمدە پەيدا بولغانىدى. كەلگۈسىم ئۈستىدە مېنى نامەلۇم بىر غەم-غۇسسە چىرمىۋالغانىدى — مەن ھاياتىمدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەمەنمۇ، ياكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايمەنمۇ؟ ياكى دائىم تايىنى يوق ئادەم بولۇپ قالىمەنمۇ؟ يەنە كېلىپ مەن ئۆزۈمنى پەس چاغلايتتىم؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلار بىلەن سۆزلەشكىنىمدىمۇ بەك كېكەچلەپ كېتەتتىم. شۇڭا ئۆگىنىشتە، ئۆزۈمنىڭ ساۋاقداشلىرىمدىن ياخشى ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تىرىشاتتىم. مەن: «ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئىمتىھانلاردا بىرىنچى بولسام، بەختلىك بولىمەن» دەپ ئويلايتتىم. گەرچە مەن ئۇنىڭغا ئېرىشكەن بولسامۇ، مەندە غەلىبە ھېسسىياتى ۋە خۇشاللىقى بولمىدى. «ئالىي دەرىجىلىك» ئىمتىھانلاردىمۇ ئوخشاش بولدى. ئاندىن مەن يەنە: «ئاجايىپ دۆلەت بولغان ئەنگلىيەگە بارسام ئاندىن خۇشاللىققا ئېرىشەرمەن. شۇ يەردە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ يانچۇقى دۆك ئوقۇغۇچى بولىمەن، ئۆز ھاياتىمنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولىمەن» - دەپ ئويلىدىم.

دەرۋەقە ئاتا-ئانامدىن ئايرىلغىنىمغا قايغۇرغان بولسامۇ، ئەمما قەلبىم چوڭ ئارزۇ-ئىنتىزارلارغا تولغان ھالدا ئەنگلىيەگە سەپەر قىلدىم. بىراق ھاۋاسىنىڭ سوغۇقلۇقى، كىلىماتىنىڭ ھۆللۈكى، قونالغۇ تېپىشتىكى قىيىنچىلىقلار ۋە ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنىڭ ناتونۇشلۇقى بىلەن مېنىڭ يېڭى دۆلەتتە تۇرۇشتىكى ھاياجانلىقلىرىم بەك تېزلا پەسەيدى. ماڭا يۆلەك بولغۇدەك ئادەم يوق ئىدى. يوغان زاللاردا، يۈزلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا لېكسىيەلەرنى ئاڭلىشىم كېرەك ئىدى؛ ھەممە ئىش ماڭا خۇددى «ماشىنا ئادەمنىڭ تۇرمۇشى»دەك تۇيۇلاتتى. مەن دائىم يالغۇز يۈرەتتىم؛ شاۋقۇنلار قاپلىغان مىغ-مىغ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا نائۈمىد غېرىبلىكتە قالدىم. دوستلۇقنى، ئىلىپەتچىلىكنى ئىزدىدىم؛ لېكىن پەقەتلا تەكەللۇپكىلا ئېرىشتىم. مەن شۇنچىلىك مەيۈسلىنىپ كەتتىمكى، فاكۇلتېت مودىرىنى ئىزدەپ ئۇنىڭغا تىبابەتچىلىكنى تاشلايمەن دەپ ئېيتتىم. ئۇ مۇنداق يېنىكلىك قىلماسلىقىمنى، تىبابەتچىلىك بىرىنچى يىلدا مانا شۇنداق ئادەمنى مەيۈسلەندۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇڭا مەن كۆڭلۈمدە: «خاتىرجەملىككە،

كۆڭۈل ئازادلىقىغا مەن قاچانمۇ ئېرىشىمەن؟ خۇشاللىق مەن ئۈچۈن پەقەت خام خىيالدىن ئىبارەتمۇ؟» دەپ ئويلىساممۇ ئۆگىنىشنى توختىتىپ قويمىدىم.

بىر كۈنى ئەتىگەندە شۇنداق ئۈمىدسىز كەيپىياتتا سىنىپنىڭ سىرتىدا جىم سۇۋاننىي ئىسىملىك ئەنگلىيەلىك بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. بىز بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن بىز دائىم كۆرۈشۈپ، سىياسىدىن تارتىپ دۇنيادىكى ھەممە ئىشلار توغرىسىدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن پاراڭلىشىدىغان بولدۇق. ئۇنىڭ كۆزقارىشى ئىجابىي ۋە جۇرئەتلىك ئىدى، بۇنىڭدا ئۇنىڭ خۇداغا باغلىغان چانلىق ئېتىقادى ھەممىدىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەنىدى. باشقا ئوقۇغۇچىلار پەقەتلا «ھەپتە ئاخىرىدىكى دەم ئېلىش» ئۈچۈن ياشايتتى. ئۇلارنىڭ «شەنبىلىك ئويناش»لىرى توغرىسىدىكى ئېيتقانلىرى ماڭا شەرمەندىچىلىك ھەم يىرگىنچلىك تۇيۇلاتتى. ئۇلار كۆپ ۋاقتىنى ئۇخلاش بىلەن، قالغىنىنى ھاراقكەشلىكتە، پاھىشۋازلىقتا ئۆتكۈزەتتى. ئاقىۋىتى «ھاراقكەشلىك باش ئاغرىقى» ۋە قورقۇنچلۇق «دۈشەنبە ئەتىگەنلىك ھالسىزلىق»ى بولاتتى. «ھايات دېگەنگە نېمىدېگەن كۆپ ھەجۋىيلىك ئارىلاشقان-ھە!» دەپ ئويلايتتىم. بىراق مېنىڭ ھاياتىممۇ ئۇلارنىڭكىدىن ياخشى دېيەرلىك ئەمەس ئىدى. ھاياتىمنى قانداق قىلىپ مۇكەممەل ۋە ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈشنى بىلمەيتتىم.

بىر قېتىم جىم مېنى ئۆز «مۇخلىس جامائىتى»نىڭ ياشلار گۇرۇپپىسىغا تونۇشتۇردى. بۇ ياشلارنىڭ ئۆزگىچىلىكى، خۇش خۇيلۇقى مېنى تەسىرلەندۈردى. ئۇلارنىڭ بىرىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسام ئۇ جاۋابەن ئەيسا مەسىھنىڭ ئۇلارنىڭ رەب-قۇتقۇزغۇچىسى بولغانلىقى بۇنىڭ سەۋەبى، دېدى. مەن ئۇنىڭ مەنىسىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەقلى بار كىشىلەرنىڭ خۇدانىڭ ئىنسان كەبى ئەيسا مەسىھ دېگەن بىر ئوغلى بار دەپ ئىشىنىشى بىمەنىلىك دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدىم. جىم ماڭا بىر ئىنجىلنى سوۋغا قىلدى، ئەمما ئۇ كونا ئىنگلىز تىلىدا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ماڭا ئوقۇپ چۈشىنىش بەك قىيىن كەلدى. بىرنەچچە بابنى ئوقۇغاندىن كېيىن تاشلىۋەتتىم.

بىر شەنبە كۈنى مەن ئۇنىۋېرسىتېتتىكى «مەسىھ يولىنى تۇتقان ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى»نىڭ بىر يىغىنىغا قاتناشتىم. بەرگەن ۋەزنىڭ كۆپىنچىسى ئېسىمدە

قالماپتۇ، ئەمما يىغىن ئاخىرلاشقاندا «ئېتىقادنىڭ ھالقىلىق مەسىلىسى» دېگەن بىر كىتابچىنى ئېلىۋالدىم. قايتىپ كېلىپلا ئۇنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

يازغۇچى ئىنسانىيەتنىڭ خۇداغا ئاسىيلىق قىلىشىنىڭ نەتىجىسىدە ئۇنىڭ بىلەن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن شۇنچە ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلغان. بىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ھازىر مۇھەببەتلىك ماھىيەتتە ئەمەس، بەلكى قانۇني ماھىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى. خۇدا بىزنى ئۇنىڭ بىلەن مەجبۇري ھالدا ئەپ بولۇشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇ «ماشىنا ئادەملەر»گە ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئىشىنىپ تاللىغان ۋە چىن قەلبىدىن ئۆزىنى سۆيىدىغان ئىنسانلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى بولۇشىنى خالايدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن مۇكەممەل، ئادىل بولۇپ بىزنىڭ ئۇنىڭدىن گۇناھىمىز بىلەن ئاسىيلىق قىلىشىمىزغا سەل قارىمايدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ بىزنىڭ ھالاك بولۇشىمىزنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇ ھەممىمىزنى سۆيىدۇ. ئۇ مۇشۇنداق «ئىنسان ئۆچۈن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق»قا يۈزلىنىپ، ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان، بىردىنبىر قىلالايدىغان ئامالنى قىلغان. ئۇ بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئوغلى شۇنداقلا كالامى (سۆزى) بولغان مەسىھ ئەيسانى ئەۋەتىپ ئىنسان بولۇشقا چۈشۈرگەن؛ مەسىھ ئىنسانىيەت سالاھىيىتىگە كىرىپ ئەر-ئاياللارنىڭ گۇناھىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىگە قويۇلۇشىغا يول قويىدى. شۇڭلاشقا، ئۇنىڭغا ئويدۇرما توقۇلۇپ ئەرز قىلىنىپ ئاددىي جىنايەتچى سۈپىتىدە ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن، شۇنداق قىلىپ بارلىق گۇناھلىرىمىزنىڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خۇدا ئۆزىنىڭ ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى ۋە ھەم گۇناھنى جازالايدىغان مۇتلەق ئادىللىقىنى كۆرسەتتى. خۇدا مەسىھ ئارقىلىق بىزگە ئۆز كەچۈرۈمىنى ئايان قىلىپ، بىزنى ئۆز يېنىغا يېقىنلىشىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. يازغۇچى يەنە: — «ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە سىزدە نېمە ئىنكاس بولىدۇ؟ سىزنىڭ باشقىلارغا كۆسەتكەن مۇھەببىتىڭىز، كۆيۈنۈشىڭىز رەت قىلىنغان بولسا قانداق بولار ئىدى؟» — دەپ يازغان.

ئىلگىرىكى بىرنەچچە يىللىق ھاياتىم كۆز ئالدىمغا كېلىپ خۇدانىڭ مۇھەببىتىنى ۋە مېنى يوشۇرۇنچە يېتەكلىگەن قولىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئاۋارىچىلىككە يولۇققىنىمدا ئۇ دۇئالىرىمنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، مەن ئۇزۇن

ئۆتمەيلا ماڭا كۆرسەتكەن رەھىمدىللىكىنى ئۇنتۇپ قالغانىدىم. مەسىھ ئەيساغا بولغان قارشىلىقلىرىمنى، يەنە بىر قېتىم «مۇقەددەس كەچلىك تاماق»نى ئۇنى مازاق قىلىش ئۈچۈن يىگەنلىكىمنى ئېسىمگە كەلتۈردۈم. لېكىن ئۇ تېخىچە مېنى سۆيۈپ ماڭا كۆيۈمچانلىق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ماڭا تىزلىنىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىشىمدىن باشقا يول قالمىغانىدى.

بۇ بىر تىنچسىز كېچىدىن كېيىنكى يەكشەنبە ئىدى. ئاتا-ئانام مېنىڭ مەسىھكە باغلىنىشىم بىلەن ئائىلىمىزگە كېلىدىغان خورلۇقلارغا قانداق پوزىتسيە تۇتار دېگەن خىيال ئىچىدە مۇخلىس جامائىتى يىغىنىغا بېرىپ قاتناشتىم. شۇنچە سۆيگەن ئادەملىرىمگە قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن؟ ئوقۇش پۇلى ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئاتامنىڭ قولىغا قارايتتىم، ئىستىقبالىم زادى قانداق بولىدۇ؟ مەسىھي دوستلىرىم ماڭا ھەممە غەم-ئەندىشەڭنى مەسىھكە يۈكلە، ئۇ ساڭا كۈچ بېرىدۇ، دەپ دەۋەت قىلىشتى؛ ئەمما ئۇلار ئەنگلىيەلىك بولغاچقا، مەسىلەمنىڭ ئېغىر ماھايىتىنى تەبىئىيكى بىلمەيتتى. بارا-بارا خۇداغا تايىنىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆگەندىم، ئۇنىڭ مەسىھدە بولغان مېھىر-شەپقىتىنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈشى بىلەن دادىل بولۇپ مەسىھ توغرۇلۇق گۇۋاھ بولۇشقا باشلىدىم، گلاسگاۋ شەھرىدە بولغان يۇرتداشلىرىمنىڭ ھەممىسى بۇنىڭدىن خەۋەر تاپتى. ئۆزۈم بالدۇر مەسىھلىك ئېتىقادى توغرۇلۇق — ئىنجىلنىڭ بايانلىرىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى، مەسىھ ئەيسانىڭ «خۇدانىڭ ئوغلى» بولغانلىقى ۋە ئۆلۈمىنىڭ مەنىسى، خۇدادىكى «ئۈچىنىڭ بىرلىكى» توغرۇلۇق نۇرغۇن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. بۇ ئېتىقادىم ئورۇنلۇق، ئەقلىغا سىغىدۇ دەپ ئۆزۈمنى رازى قىلىشىم كېرەك ئىدى؛ ئېتىقاد كۆڭۈلدىكى ئىش بولسىمۇ، مەنىۋىي جەھەتتىن ئەجىر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئېتىقادىمنى چۈشىنىشىم ۋە ھازىرقى زامانىۋىي دۇنيادا ياشاشقا تېگىشلىك مۇناسىۋەتىمنى تېپىشىم كېرەك ئىدى.

ئۆزۈمنى مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق خۇداغا تاپشۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبى، مەن ئۇنىڭ مەسىھتە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىگە ئۈچرىشىمدىن بولغان. كېيىن بېشىمدىن ئۆتكۈزگەنلىرىم ۋە ھازىرمۇ ئۆتكۈزىۋاتقانلىرىم كۆرگەن شېرىن چۈشلىرىمدىنمۇ ئارتۇق. خۇدانى، مېنى سۆيىدىغان ۋە ماڭا كۆيۈنىدىغان ئاتام دەپ تونۇپ يەتتىم، بۇ پەقەتلا مەسىھ ئەيسانىڭ بەرگەن تەلىمى بىلەنلا ئەمەس، يەنە مەسىھنىڭ

ئۆزىنى ئۆچ كۆرىدىغان كىشىلەرگە بولغان مېھرىلىك مۇئامىلىسى ئارقىلىقمۇ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، مەسىھ ئەيسانىڭ زاككاي ئىسىملىك باجگىر (ئىنجىل، «لۇقا» 19-باب) ۋە سامارىيەلىك ئايال (ئىنجىل، «يۇھاننا» 4-باب) قاتارلىقلارغا ئوخشاش كىشىلەرگە قىلغىنىدەك.

شۇڭا مەن ئۆز ھاياتىمدا خۇدانىڭ پىلان-ئىرادىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ قۇدرىتىنى يەتكۈزىدىغان مېھىر-شەپقىتى بىلەن ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا كىرىشتىم. پەقەت نەرسە-كېرەكلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى خۇدا بىلەن ئالاقە باغلاشنىڭ كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىدىن، ئادەمنى يېڭىباشتىن روھلاندۇرىدىغانلىقىدىنمۇ دۇئا قىلىمەن. خۇدانىڭ مېنىڭ ئۆز ئەينىمنى مېنى سۆيۈشكە ۋە قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشكەنلىكىمنى بىلگىنىم ئۈچۈن، مەن ئۆزۈمنى «ئۆز ئەينىدە» قوبۇل قىلىشنى ئۆگەنگەنمەن (مەسىلەن، مەن ئەسلىدە ئىمتىھانلاردا بىرىنچى بولمىسام بولمايدۇ دەپ يۈرگەنىدىم. ئەمما ھازىر مەيلى بىرىنچى بولاي، ئەڭ ئاخىرى بولاي، خۇدانىڭ ماڭا شۇنداق ئەقىل-پاراسەت بەرگىنى ئۈچۈن تەشەككۈر قىلىمەن). بۇنىڭ بىلەن ئۆز ئۆزۈمنى بىلىشتىكى ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان سەرگۈزەشتىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلىدىم. ئۆتكەندە ئۆزۈمدە غىل-پال قىلىپ كۆرۈنگەن قابىلىيەتلەر ۋە يوشۇرۇن كۈچلەر نامايان بولۇشقا باشلىدى. كۆڭلۈمدىكى «ئۆز ئۆزۈمنى پەس كۆرۈش تۇيغۇچى» يېڭىلدى، دۇدۇقلاپ سۆزلىشىم ئاساسەن تۈگىدى.

مەسىھكە باغلىنىش ماڭا نىسبەتەن روھىي، ھېسسىي، ئىدىيىۋى جەھەتتىن تولۇق ئويغىنىش بولدى. نۇرغۇن كۆڭۈلدىكىدەك دوستلۇققا ئېرىشتىم. ئەسلىدە مەن ھىندى مىللىتىدىن بولغاچقا، ئافرىقىلىقلار ۋە ياۋروپىلىقلار ئارىسىدا ئۆزۈمنىڭ ئىرق-مىللەت مەسىلىسىگە بەك سەزگۈر ئىدىم؛ ئەمما ھازىر ھەرقانداق ئىرق، ھەرقانداق مىللەت مۇخلىسلىرى ئارىسىدا ھېچقانداق ئىرق-مىللەت سەزگۈم يوق. بۇ «مەسىھدىن ئورتاق نېسىۋىدە بولۇش»نىڭ كارامىتى شۇنچە ئاجايىب بولغانكى، مەن ئۇنىڭ سەۋەبىنى ھەمىشە ئىزدەپ يۈرەتتىم. ئاخىرىدا جاۋابىنى ئىنجىل «ئەفەسۇسلۇقلارغا يازغان مەكتۇپ»، 2-بابتىن تاپتىم: «**سىلەرنىڭ شۇ چاغدا مەسىھسىز بولۇپ، ئىسرائىلنىڭ پۇقرالىقىنىڭ سىرتىدا**

تۇرۇپ، ۋەدىلەرنى ئېلىپ كەلگۈچى ئەھدىلەرنى يات بىلىپ، بۇ دۇنيادا ئۈمىدسىز ھەم خۇداسىز ياشىغىنىڭلارنى ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار؛ لېكىن ئەسلى يىراقلاردا بولغان سىلەر ھازىر مەسىھنىڭ قېنى ئارقىلىق يېقىن قىلىندىڭلار؛ چۈنكى ئۇ بىزنىڭ ئىناقلىقىمىزدۇر، ئۇ ئىككى تەرەپنى بىر قىلىپ ئوتتۇرىدىكى ئارا تامنى چېقىۋەتتى؛ يەنى، ئۆز ئەتلىرى ئارقىلىق ئۆچمەنلىكنى تۈگىتىپ، بەلگىلىمىلەرنى كۆرسەتكەن ئەمرلەرنى يەتكۈزگەن قانۇننى بىكار قىلىپ، ئىككى تەرەپنى ئۆزىدە يېڭى بىر ئادەم قىلىپ ياراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىناقلىقنى ئاپىرىدە قىلدى؛ كرېستكە مىخلىنىپ مۇشۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆچمەنلىكنى قەتل قىلىپ، ئىككىسىنى بىر تەندە خۇدا بىلەن ئەپلەشتۈردى؛ ئاندىن ئۇ كېلىپ، يىراقلاردا تۇرغان سىلەرگىمۇ ئىناقلىق خۇش خەۋىرىنى جاكارلىدى، يېقىندىكىلەرگىمۇ ئىناقلىقنى جاكارلىدى. چۈنكى ھەر ئىككىمىزنىڭ ئۇنىڭ ئارقىلىق بىر روھتا ئاتا ئالدىغا كىرىش ھوقۇقىمىز باردۇر».

مەيلى ئۇنىڭ ئىرقى، مىللىتى، ياكى ئۇ ساۋاتلىق ياكى ساۋاتسىز بولسۇن، مەن ھەرقاچان ئۆزۈمنىڭ ئېتىقادىنى ئەتىۋارلايدىغان، خۇدانى سۆيىدىغان بىر مەسىھ مۇخلىسىدىشىم بىلەن كۆرۈشسەم دەرھال ئارىمىزدىكى بىر رىشتىنى ھېس قىلىمەن.

مەسىھنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى ۋە بەختىنىڭ سىرىنى ئۆگەنمەكتىمەن — كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى «ياز ۋە قىش»لارنىڭ ھەممىسىدە ھەممىدىن قادىر خۇدانىڭ ئۆزگەرمەس سۆيگۈسى ۋە كۆيۈنۈشى باردۇر. غالىبىيەت، مەغلۇبىيەت ئوخشاشلا ئۇنىڭ چەكسىز مۇھەببىتىنىڭ يورۇقلۇقى بىلەن قارىغاندا بۇ مۇھەببەت شۇ ئىشلارنىڭ ئىچىدە تۇرغانلىقى كۆرۈنىدۇ. ھازىر مەن كەلگۈسىگە غەم-ئەندىشە بىلەن ئەمەس، بەلكى تولۇق مۇقەررەر ئۈمىدۋارلىق بىلەن تەلپۈنىمەن، شۇنداق بولغاندىلا ھاياتقا كارامەت ۋە ستىخىيىلىك يەتكۈزۈلىدۇ.

# 10. نىگېرىيەدىن بىر ھېكايە

*«پۈتۈن شەھەرگە ئاقساقال بولغان»*

*«سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلار مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى غەيرىي دىنلىك ئەمەسمىدى؟ ئۇلار سىلەرنىڭ غەيرىي دىنلىك بولۇۋېرىشىڭلارنى مەجبۇرلىغانمۇ؟» ئۇلار سىلەرنى ئىسلام دىنىغا بويسۇنۇشقا يول قويىدى، چۈنكى سىلەر بۇنداق قىلىشنى توغرا دەپ ئىشەندىڭلار. مەن قەلبىمدە ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن تۇرسام، سىلەر مېنى يەنە مۇسۇلمان بولۇۋېرىشقا مەجبۇر قىلساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن گۇناھ ئەمەسمۇ؟»*

بىر مەسىھ مۇخلىسىنىڭ بارلىق كىشىلەرگە كۆرسەتكەن مېھىر-مۇھەببىتى ۋە كۆيۈمچانلىقى ئافرىقىدىكى نىگېرىيەلىك تىيامىيۇ ئاكىنلادەنى ئەيسا مەسىھنىڭ قۇتقۇزغۇچى-نىجاتكار ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ مەسىھ ئەيسانىڭ يولىغا كىردى، بۇ ئىش ئۆز ئانىسىنىمۇ تەسىرلەندۈردى. ئۇ ھازىر ئىبادان دېگەن چوڭ شەھەردىكى بەزى مۇخلىسلار جامائەتلىرىگە ئاقساقاللىق قىلىدۇ.

تىيامىيۇ ئاكىنلادە 1935-يىلى تۇغۇلغان. ئانىسى يۇرتىدىكى چوڭ مۇسۇلمان جەمئەتلىرىدىن بىرىنىڭ بېشى بولۇپ، «مەن ئۆز ئوغلۇمنى ھەرگىز ئاددىي يۇقرالار ئوقۇيدىغان باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتمايمەن» دەپ، تىيامىيۇنى كىچىك ۋاقتىدىلا ئىسلام شەرىئىتى كۆچلۈك بولغان مەدرىستە، ئەڭ بىلىملىك خەلپەتتىن قۇرئان ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئەمما تۆت يىلدىن كېيىن ئانىسى سىرتقا سودىغا چىقىپ كەتكەندە، ئائىلىسىدىكىلىرى تىيامىيۇنى ئاددىي بىر باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى. ئانىسى قايتىپ كەلگەندە بۇ رىئاللىققا بويسۇندى.

بىراق ھەر كۈنى كەچتە تىيامىيۇ مەكتەپتىن چۈشۈپ يەنە بۇ دىنىي مەكتەپكە بېرىپ ئۆگىنەتتى. ئۇ ئون تۆت ياشقا كىرگەندە شۇ چاغدىكى نىگېرىيەدە ئېقىپ يۈرگەن مەسىھ مۇخلىسلىرىغا قارشى سۆز-ئىبارىلەرنى بىلىپ قالدى. ئۆزىدىكى مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل)نى ئېلىپ ئۇنىڭدىكى مەسىھ مۇخلىسلارغا قارشى ئىشلىتىلىدىغان ئايەتلەرنىڭ ئاستىغا قېرىنداش بىلەن سىزدى. تەۋراتتا خاتىرىلەنگەن مۇسا پەيغەمبەرنىڭ يەھۇدىيلارغا بەرگەن يۇيۇنۇش توغرىسىدىكى تەلىملىرىنى، ئىنجىلدىن مەسىھ ئەيسا مۇخلىسلىرىنىڭ پۇتىنى يۇغانلىقىنى ئوقۇپ، بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق مەسىھ مۇخلىسلىرىغا: «سىلەر نېمىشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش نامازدىن ئىلگىرى شۇنداق تەرەت ئالمايسىلەر؟» دەپ زەربە بەرمەكچى بولدى.

ئەمما بۇ شەھەردىكى مۇخلىسلار جامائىتىنىڭ بىر ئاقساقىلى ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن دوست ئىدى، نەتىجىدە تىيامىيۇ مۇخلىسلار جامائىتىدىكى بەزى ئوغۇل باللار بىلەن ئويناشقا باشلىدى ۋە بۇ ئاقساقالنىڭ ئۆيىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا دىققەت قىلدى. ئۇ بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن بارلىق مېھمانلارغا قىلغان سەمىمىي مۇئامىلىسىنى — ئۇلار بىلەن پاراڭلاشقانلىقىنى، ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ھال-ئەھۋالىنى سوراپ ياردەم بەرگەنلىكىنى كۆرەتتى. ئۆزىنى ئوقۇتقان خەلپەت بولسا، ئۇنى ئىزدەپ كەلگەن كىشىلەرگە جادۇگەرلىك قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. بەزىدە كىشىلەر ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ ئۆزلىرىگە ئامانلىق تىلىتەتتى، بەزىدە باشقىلارغا يامانلىق تىلەپ، ئەپسۇن ئوقۇتاتتى. تىيامىيۇ بۇ ئىشلاردىن ئۆز خەلپىتىنىڭ ئەلنىڭ ھالىنى ئەمەس، بەلكى ئۆز مەنپەئىتىنى ئويلايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن تىيامىيۇ ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەر توغرىسىدا بارغانسېرى ئويلىنىدىغان بولۇپ قالدى. مۇقەددەس كىتابنى كۆرۈشكە قىزىقىپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭدا مەسىھ مۇخلىسى بولۇش ئارزۇسى تۇغۇلدى؛ ئەمما ئاتىسىغا دېيىشكە پېتىنالمىدى. ئاران دېگەندە ئۇ مەسىھ مۇخلىسى بولغان بىر دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر يىل تۇرۇپ ئۇنىڭدىن ئىنجىلنى ئۆگەندى. ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن ئۇ بىر مۇسۇلمانلار باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇشقا تەيىنلەندى. ئۇ يەردە «تېنىدە بار، روھىدا يوق» نامازنى ئوقۇشقا ۋە مەسچىتكە بېرىشكە مەجبۇر

بولدى. ئۇ يەكشەنبە كۈنى يۇرتتىكى مۇخلىسلار يىغىنىغا قاتنىششقا پېتىنالماي، مۇخلىس بولغان يىراقتىكى بىر تۇغقىنىنى يوقلاپ بارغاچ ئۇنىڭ بىلەن يىغىنغا يوشۇرۇنچە باراتتى. شۇ يەردىكى ئاقساقالغا ئۆزىنىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈش ئارزۇسىنى ئېيتتى. ئۇ ئون توققۇز ياشقا كىرگەندىلا ئاندىن يوشۇرۇنچە چۆمۈلدۈرۈلدى.

ئاتىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئائىلە يىغىنى چاقىرىپ، كېلەركى جۈمە تىيامىيۇنى ئۆزى مەسچىتكە ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈشىنى «يۇيۇپ تاشلاپ» قايتىدىن مۇسۇلمان قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. تىيامىيۇ ئۇلارنىڭ مۇزاكىرىسىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ، ئاخىرىدا: «سىلەرنىڭ ئاتا-ئاناڭلار مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى غەيرىي دىنلىك ئەمەسمىدى؟ ئۇلار سىلەرنىڭ غەيرىي دىنلىك بولىۋېرىشىڭلارنى مەجبۇرلىغانمۇ؟ ئۇلار سىلەرنى ئىسلام دىنىغا بويسۇنۇشقا يول قويدى، چۈنكى سىلەر بۇنداق قىلىشنى توغرا دەپ ئىشەندىڭلار. مەن قەلبىمدە ئەيسانىڭ قۇتقۇزغۇچى-مەسىھ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەن تۇرسام، سىلەر مېنى يەنە مۇسۇلمان بولۇۋېرىشقا مەجبۇر قىلساڭلار، بۇ سىلەر ئۈچۈن گۇناھ ئەمەسمۇ؟» — دېدى.

ئائىلىسىدىكىلەر خاپا بولغان بولسىمۇ، ئوغلىنىڭ قارار-ئىرادىسىگە قاراپ ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. تىيامىيۇ يېڭىدىن ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى تېپىپ، ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئۇ ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن ئەپلىشىپ قالدى ۋە ئۇلارنى يوقلاپ باردى، ئەمما ئۇ نىجاتكارى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمايتتى. ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھېيتى بولغاندا، ئائىلىسىدىكىلەرگە بىر ئاز پۇل بەردى.

تىيامىيۇ كېيىنچە مۇخلىسلارنىڭ جامائىتىگە ئاقساقاللىق خىزمىتىنى قىلىشقا تاللاندى، ئۇنىڭ ئاقساقاللىقىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغان بىر يىغىن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تىيامىيۇنىڭ بەزى دوستلىرى نۇرغۇن نەسىھەتلەر بىلەن ئاتىسىنى بۇ يىغىنغا قاتنىششقا قايىل قىلدى. بۇ دادىسى ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق مەسىھ مۇخلىسلار مەدھىيە-ئىبادىتىگە قاتنىششى ئىدى. شۇ يىغىندا جامائەت «مۇقەددەس كەچلىك تاماق»نى يېدى، ئاتىسى بۇنىڭغا قاراپ بەك تەسىرلەندى. ئۇ بۇ ئىشنى چۈشەنمىگەن بولسىمۇ، بۇنىڭدىن خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى كۆردى. ئۇ: «كېيىنكى ھەپتىدە مەن سەن

بىلەن مۇخلىس يىغىنىغا قاتنىشىمەن» ـــ دېدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇ دۇنياغا ئۆزىنىڭ مەسىھ ئەيسانىڭ ئەگەشكۈچىسى بولغانلىقىنى جاكارلىدى. تىيامىيۇنىڭ ئائىلىسىدە ئانىسىدىن باشقا ھەممىسى ئۆزلىرىنى مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق خۇداغا تاپشۇردى.

تىيامىيۇ ئاقساقاللىق ۋەزىپىسى بىلەن بىر يۇرتتىكى جامائەتكە خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىندى. ئۇ يۇرتقا كېلىپلا جامائەت ئارىسىدا چوڭ ۋە قاتتىق جېدەل بولغانلىقىنى بىلدى. ئەمما ئۇ سەۋر-تاقەتلىك بىلەن ئىنجىلدىكى ئارام-تىنچلىق يەتكۈزىدىغان ئايەتلەرنى ئوقۇپ ئۇلارنى بىر-بىرى بىلەن ئەپلەشتۈردى. ئۇ باشتىن باشلاپلا مەسىھنىڭ يولىنى تۇتقۇچىلارغا كۆيۈنگىنىگە ئوخشاشلا شۇ يۇرتتىكى مۇسۇلمانلارغىمۇ كۆيۈندى. ئۇلار ئۇنىڭ ئەسلىدە مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭدىن گۇمانلاندى. ئەمما ئۇ ئۇلار بىلەن تالاشمىدى. ئۇ مەسىھ ئەيساغا ئېتىقاد قىلغۇچىلارنى قانداق يوقلىغان بولسا مۇسۇلمانلارنىمۇ شۇنداق يوقلىدى. ئۇ پۈتۈن يۇرتتىكىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالدى ـــ يېڭى تاشيول ياسىغىنىدا ئۇلارغا گۈرجەك ياردەم بەردى، ھامىلىدار بولغان ئاياللارنىڭ شىپا تېپىشقا باشقا يۇرتقا بېرىش ئاۋارىچىلىكىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن بىر «تۇغۇت شىپاخانىسى» بەرپا قىلىشقىمۇ ياردەملەشتى. ياشلارغا خىزمەت پۇرستى يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنى بېلىق باقىدىغان كۆلچەك ياساشقا ئىلھاملاندۇردى؛ بەزىدە شەھەر شېيخى ۋە مەسلىھەتچىلىرى بىلەن شەھەر ئەھۋالىنى مەسلىھەتلەشكىلى مەھكىمىگە باراتتى. كىشىلەر: «بۇ ئادەم خرىستىئانلارنىڭ خىزمەتچىسى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن شەھەرنىڭ خىزمەتچىسى.» دېيىشەتتى. تىيامىيۇنىڭ ھاياتى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ مەسىھ ئەيسانىڭ بۇ دۇنيادىكى ھەربىر ئادەمگە بولغان مۇھەببىتىنى ئېپادىلەيدۇ ۋە ئايان قىلىدۇ.

# 11. پاكىستاندىن بىر ھېكايە

*«نىجات ۋە ئامانلىق بەرگۈچى»*

*«بۇ كىتاب بەك ئۇلۇغ. ھەممىدىن قادىرنىڭ ماڭا ئاتا قىلغىنىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشنى خالايمەن»*

«شېھىت» دېگەن نام ھەممە ئادەمگە لايىق بولىۋەرمەيدۇ، يەنى ئۆزىنىڭ بەگباشلىقىدىن ياكى خۇدانىڭ يولىدىن باشقا يولنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلگەن كىشىلەرگە بېرىلىش توغرا كەلمەيدۇ. ئەمما «دىن»نى تاشلاپ ئۆزىنى مەسىھ ئەيساغا باغلاپ ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرنىڭ تىزىملىكى نۇرغۇن ھەقىقىي شېھىتلەرنى، جۈملىدىن چۆمۈلدۈرۈشنى قوبۇل قىلىشقا پۇرسەت بولمىغان، «دىندارلار» تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن نامسىز كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كامار زىئا دېگەن قىز بولسا ئۇلاردىن بىرى. ئۇ مەسىھ مۇخلىسى بولغان بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ساپ ھاياتىدىن مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل)نى ئوقۇشقا جەلپ قىلىنغان. ئۇ ئوقۇش داۋامىدا مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزىنى خۇداغا بىردىنبىر يېقىنلاشتۇرالايدىغان قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن. كۆپ يىل ئۆتمەيلا ئۇ پاكىستاندا بىر نامەلۇم قاتىل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

«مەن ئون يەتتە ياشقا كىرگەندە جەنۇبىي ھىندىستاندىكى ھۆكۈمەت ئاچقان مەكتەپتە سەككىزىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقانىدىم. شۇ چاغدا ئاتام كېسەل بولۇپ قېلىپ ئوقۇشتىن ۋاقىتلىق ئايرىلدىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە ئوقۇش ئۈچۈن ئۆيۈمگە يېقىن بىر مەسىھ مۇخلىسى مەكتىپىگە ئەۋەتىلدىم. بۇ مەكتەپكە بېرىشىم بىلەنلا مەن بىر ئوقۇتقۇچىغا ناھايىتى قىزىقىپ قالدىم. ئۇ مەن بىلىدىغان بارلىق كىشىلەردىن پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. مەن ئۇنىڭ مۇلايىملىقىغا، ئوقۇغۇچىلارغا

بولغان مېھرىبانلىقىغا ۋە خىزمىتىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىغا دىققەت قىلىپ يۈرەتتىم. ئۇنىڭ ھاياتى مەندە شۇنچە چوڭقۇر تەسىرات ھاسىل قىلغانكى، مېنى قاتتىق ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. «بىر ئىنسان بالىسى قانداقسىگە شۇنداق بولالىسۇن؟» دەپ قايتا-قايتا ئويلاندىم. كېيىن تونۇپ يەتتىمكى، بۇ ئىشلار خۇدانىڭ روھى ئۇنىڭدا بولغانلىقىدىن بولغان.

بۇ مەكتەپتە مەن مۇقەددەس كىتابنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم. ھەر ھەپتىدە ئىككى كۈن «كونا ئەھدە» تەۋرات ۋە زەبۇرنى، ئىككى كۈن «يېڭى ئەھدە» ئىنجىلنى ئۆگىنەتتۇق. قالغان كۈنلەردە بىز «يادلاش» دەرسلىرى بىلەن بولاتتۇق. مۇقەددەس كىتابتىن ناخشىلارنى ئۆگىنىپ يادلايتتۇق. دەسلەپتە مەن ئانچە قىزىقمىدىم، بەلكى ئېرەنسىزلىك بىلەن ئۆگەندىم. مەن خەقلەر خىرىستىئانلارنى «كۇپۇرلۇق قىلغۇچىلار» دەپ ئاتىغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ كىتابىغا تېگىپ كېتىشنىمۇ خالىمايتتىم.

بىر كۈنى بىز تەۋراتتىكى «يەشايا پەيغەمبەر» دېگەن قىسمىنىڭ 53-بابىنى ئۆگەندۇق، بۇ ماڭا بەك تەس كەلدى. ئەمما بۇ كىتاب مىلادىيەدىن 700 يىل ئىلگىرى يېزىلغانىدى، ئۇنىڭدىكى مەسىھ ئەيسانىڭ كەلگۈسىدە تارتىدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن ئالدىن بېشارەت بېرىلگەن ئۇنىڭدىكى شۇ بابنى ئۆگىنىش داۋامىدا خۇدا ماڭا ئۆز ئىلتىپاتىنى كۆرسەتتى. بۇ كىتابتىن ھەقىقىي ھايات ۋە كۈچ-قۇدرەتنى تاپقىلى بولىدىغانلىقى ئايان بولدى. مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلۈپ مەڭگۈ ھايات بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدىم. شۇنىڭ بىلەن خۇدا قەلبىمگە ئېتىقاد ئاتا قىلىپ، مەسىھ ئەيسانى مېنىڭ قۇتقۇزغۇچىم، گۇناھلىرىمنى كەچۈرگۈچى بولۇشقا ئەۋەتكەنلىكىگە ئىشەندىم. پەقەت ئۇ بولسىلا مېنى مەڭگۈلۈك ئۆلۈمدىن قۇتقۇزالايتتى. مەن پەقەت شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ شۇنچە رەزىل گۇناھكار ئىكەنلىكىمنى تونۇپ يېتىشكە باشلىدىم. ئىلگىرى مەن ئۆزۈمنىڭ قىلغان «ياخشىلىقلىرىم» ياكى قىلغان «ساۋابلىق ئىشلىرىم» مېنى قۇتقۇزىدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم.

شۇنىڭدىن باشلاپ بىر يېڭى كۈچ-قۇدرەت مەندە پەيدا بولدى. شەيتان ئۆز تور-زەنجىرلىرىنى ئېلىپ مېنى تۇتۇۋالماقچى بولغان بولسا، مەن ئىنجىلنى ئوقۇپ مەسىھ ئەيسانى تاياندىم قىلدىم. مەسىھ ئەيسانىڭ يولىدا ماڭغانلىقىم ئۈچۈن

قارشىلىققا ئۇچرىدىم، ئۆيۈمدىن، ئائىلىدىكىلىرىمدىن ئايرىلىشقا توغرا كەلدى. مەسىھ ئەيسا مېنى ئۆزىنىڭ بىر مۇخلىسىنىڭ ئۆيىگە يەتكۈزدى، مەن ئۇلار بىلەن بىللە تۇردۇم. مەن سۇغا چۆمۈلدۈرۈلدۇم. شۇ تاپتا مەن تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئېيتالايمەنكى، مەسىھ ئەيسا نىجات ۋە ئاراملىق بەرگۈچىدۇر. شۇڭلاشقا خاتىرجەملىكنى بۇ دۇنيا بېرەلمەيدۇ؛ ئۇ خۇدانىڭ ئاتا قىلغان سوۋغىتىدۇر».

بۇلار كامارنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان خاتىرىسى. ئەمەلىيەتتە ئۇ مەسىھ مۇخلىسى بولغاندىن كېيىن، ئۆيىدە تۇرغان يەتتە يىل ئىچىدە باشقا مۇخلىسلار بىلەن مۇڭدىشىپ ئورتاقلىشىش پۇرسىتى بولۇپ باقمىغان. ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى بىر كىچىك ئىنجىل ئىدى. يوشۇرۇن ھالدا ئوقۇغان بۇ ئىنجىل يەتتە يىل مابەينىدە ھېچ دوستى بولمىغان ئۇنىڭ ئېتىقادىغا كۈچ بېرىپ كەلگەنىدى. يەتتە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنى ئۆيلىمەكچى بولدى. شۇڭا ئۇ بىلەن ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، بىر مەزگىلگىچە بىر مۇخلىس دوستى بىلەن تۇردى. ئۇنىڭ بەزى ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئانىسى بىلەن كۆرۈشكىلى باردى.

ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ بىر دوختۇرخانىدا سېستىرا بولدى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ نۇرغۇن مۇخلىس دوستى بولۇپ، كۆڭلىنى ئىنتايىن خۇشال ئۆتكۈزدى. ئۇ باشقا ئېتىقادچىلارغا، ھەتتا نۇرغۇن ئاقساقاللارغا قارىغاندا تەۋرات ۋە ئىنجىلدىن خېلىلا چوڭقۇر چۈشەنچىلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇ مۇقەددەس كىتابقا بەك ئامراق بولۇپ، چۆمۈلدۈرۈلۈشىدىن ئىلگىرىمۇ: «خۇدا مېنى مۇقەددەس كىتابنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇشۇمنى خالايدۇ. بۇ كىتاب بەك ئۇلۇغ. ئۇنىڭ ماڭا ئاتا قىلغىنىنى باشقىلارغا كۆرسىتىشنى خالايمەن» — دېدى. كېيىن ئۇنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېغىر سىناق بولدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ، ئۆزىگە گۇمانىي سوئاللارنى قويدى. لېكىن خۇدا سىناقتا ئۇنىڭغا غەلىبە ئاتا قىلدى ۋە كېسىلىنى ساقايتتى.

يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ بىر دوستى بىلەن «پانجاب» دېگەن رايونغا «سىق دىنى»دىكىلەر بىلەن مەسىھنىڭ شان-شەرەپلىرى، مېھىر-شەپقەتلىرىنى ئورتاقلىشىش مەقسىتىدە باردى. ئۇلار «پانجابچە» كىيىم كىيىپ، يېزىلارغا

بىرىپ ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى ئۇلار بىلەن ئورتاقلاشتى. پانجاب تىلى ئۇلار ئۆچۈن تەسىرەك كەلدى. ئەمما ئۇلار پانجابدىكى كۆپىنچىسى كەمبەغەل ۋە ساۋاتسىز مۇخلىس جامائەتلىرى بىلەن نۇرغۇن كۈنلەرنى بىللە ئۆتكۈزدى، ئۇلار بىلەن ئىنجىلدىكى چوڭقۇر سىرلار ئۈستىدە سىرداشتى. بۇ مۇخلىسلار پانجاب تىلىدا مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا بەك ئامراق ئىدى، كامار ئۇلارغا جور بولۇپ دۇمباق چېلىشىپ بەردى. مەيلى بەزىدە ئەھۋالى بەك قىيىن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا ئىنتايىن خۇشال يۈرەتتى.

ئۇنىڭ ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا تېزدىن قايتىپ كەل دەپ قايتا-قايتا خەت يازدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن بەك كۆرۈشكۈسى بار بولۇپ، يولۇك-تاقلىرىنى سومكىغا قاچىلىدى؛ ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى بىئارام بولغاچقا، ئۇزۇنغىچە دۇئا قىلدى. دۇئادىن كېيىن ئۇ ئولتۇرۇپ ئۆيدىكىلەرگە خەت يازدى. خەتتە ئاساسەن: «قايتىپ بارسام، مۇنداق ئىككى شەرتىم بار؛ بىرى، مەسىھنىڭ ئادىمى سۈپىتىدە ياشاشقا يول قويۇش؛ ئىككىنچىسى، مېنى توي قىلىشقا مەجبۇرلىماسلىق» دېگەن مەزمۇن بار ئىدى. خەت زاكاز قىلىپ سېلىنغان بولسىمۇ، جاۋاب خەت كەلمىدى.

ئاردىن بىر ئاي ئۆتۈپ، بىر كۈنى كەچتە ئۇ جامائەتنىڭ بىر پائالىيىتىدە قاچا-قومۇچلارنى يۇيۇشقا ياردەملەشكەندىن كېيىن، ئۆز تۇرالغۇسىغا خۇشال ھالدا ئۇخلاشقا چىقىپ كەتتى. ئۇ كۈنى مېھمانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. لېكىن مېغمانلار ئارىسىغا بىر دۈشمەن سوقۇنۇپ كىرىۋالغان بولسا كېرەك. ئەتىگەندە كامار ناشتىغا كەلمىدى. دوستلىرى كېلىپ قارىسا كېچىدە بىرسى ئۇنىڭ بېشىغا ئىنتايىن ئۆتكۈر بىر ئەسۋاب بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى.

ئۇنىڭ جەسەتى ساخىۋالدىكى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىندى. نۇرغۇن مەسىھىيلەر ۋە مۇسۇلمانلار دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى. مۇراسىمدا ئىنجىلدىكى: «ئۆلگۈچە ماڭا سادىق بول. ئۇ چاغدا مەن ساڭا ھاياتلىق تاجىنى كىيدۈرىمەن» دېگەن پاساھەتلىك سۆز ئوقۇلدى.

ساقچىلار ئەنزىنى تەكشۈرۈپ ئۆيىگە كەلدى. يىپ ئۇچىنى تېپىش ئۈچۈن كامارنىڭ كىتاب-خەتلىرىنى بىر-بىرلەپ ئوقۇدى. بەلكىم ئۇلار بۇ خەتلەرنى ئۈمىدسىزلەنگەن ئاشىقنىڭ خېتى بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەمما ھېچنېمىنى تاپالماي، ئۆي ئىگىسىگە: «ئەپەندىم، ھېچقانداق يىپ ئۇچى تاپالمىدۇق. بۇ قىز پەقەتلا مەسىھىڭىزگە ئاشىق بولغان» ــــ دەپ دوكلات قىلدى. ساخىۋالدىكى مەسىھىيلەر ئۆزلىرى بەرپا قىلغان دوختۇرخانىدىكى خىزمەتچىلەرگە ۋە بىمارلارغا ئاتالغان بىر دۇئاخانا ياسالدى، كامار ئۈچۈن تىكلەنگەن بۇ خاتىرە ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

# 12. «مەن پاك-مۇقەددەس بىر خۇداغا قانداقمۇ يېقىن تۇرالايمەن؟» (تانزانىيەدىن، يەنى سابىق «زانزىبار»دىن بولغان گۇۋاھلىق)

*«نۇرغۇن كىشىلەر بېشىغا ئېغىرچىلىق چۈشكىنىدىلا ئاندىن خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، بىراق مەن بۇ دۇنياغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇرمۇشۇم تىنچ-خاتىرجەم ۋە راھەتلىك بولغىنىدىمۇ ئېتىقادىمنى مەسىھكە باغلىدىم».*

سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تۈرمىگە سولانغان ئافرىقىدىكى زانزىبارلىق (زانزىبار ھازىر تانزانىيە دېگەن دۆلەتنىڭ بىر رايونى) ناتانىئال ئىدارۇس بىر ئاجايىب تۈرمىداش — «ئىنجىل مۇقەددەس» بىلەن تونۇشقان. ئۇنىڭ كىتابىتا يېزىلغان ھەقىقەتلەرگە بولغان چۈشەنچىسى بارا-بارا چوڭقۇرلىشىپ، ئاخىرىدا ئۇ مەسىھ ئەيسانى گۇناھكارلارنىڭ بىردىنبىر قۇتقۇزغۇچىسى، شۇڭا مېنىڭمۇ قۇتقۇزغۇچىم دەپ قوبۇل قىلغان. ئائىلىسىدىكىلەر غەم-قايغۇغا چۈشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارشىلىقى بىلەن ئۇنىڭ چۆمۈلدۈرۈلۈپ ئېتىقادىنى ئېتىراپ قىلىشىغا ئۇزۇن ۋاقىت كەتكەن. لېكىن ئاخىرىدا ئۇ مەسىھ ئەيساغا باغلىغان ئېتىقادىنى ئوپئوچۇق ئېتىراپ قىلىپ، چوڭقۇر شادلىق ۋە قانائەت تاپقان.

— بەش ياش ۋاقتىمدىن تارتىپ قۇرئاننى ئەرەب تىلىدا ئوقۇشنى ئۆگەندىم. يۇرتۇم ئىسلامىيەتتىكى بىرنەچچە ئۇلۇغ ئالىم چىققان يەر ئىدى. ھەر كۈنى ئەتراپىمىزدىكى نۇرغۇن ئېگىز مۇنارلاردىن مەزىنلەرنىڭ جاراڭلىق ئاۋازلىرى ياڭراپ تۇراتتى. مەن بولسام موللا بولۇشقا ئىنتايىن ئىنتىلەتتىم. مەن سوئال سورىغۇچىلارنى ئانچە ياقتۇرمايدىغان بىر مۇھىتتا ئوقۇۋاتقان ناھايىتى يۇۋاش ئوقۇغۇچى ئىدىم. ئۆگىنىش ماڭا قىيىن كەلگەن بولسىمۇ، تەلىيىمنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى شۇكى، مۇئەللىمىم بىزنىڭ يېقىن تۇغقىنىمىز ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا

ئائىلىمىز «شارىق»لەر (خەقلەر مۇھەممەدنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى دەپ قارىغان) جەمەتىدىن چىققان بولۇپ، بىزدىكى سۈننىي ئېقىمىدىكى مۇسۇلمان جامائىتىدە ئىمتىيازلىق ئورۇندا تۇراتتى.

زانزىباردىكى ئەرەب سۇلتانلىقىنى ئۆرۈۋەتكەن 1964-يىلدىكى ئىنقىلابتا، سىياسىي كېلىپ چىقىشى تۈپەيلىدىن مەن ئون تۆت ئايغىچە تۈرمىگە سولاندىم. ئون بەش كىشى بىلەن بىر ئۈچ مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تار گۇندىخانىغا سولاپ قويۇلدۇم. بىر كۈنى، تورۇستىن سىم-سىم يامغۇر ئۆتۈپ تۇرغان سالقىن تاڭ سەھەردە، پالىسمىنىڭ يېنىدا تۇرغان كىچىك بىر كىتابنى بايقاپ قالدىم. مانا بۇ مېنىڭ «ئىنجىل»نى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. تۈرمىداشلىرىمىنىڭ ھېچقايسىسى بۇ كىتابنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيتتى، مەن: — «(«قىزىل كرېست»)نىڭ بىرەر زىيارەتچى مۇشۇ يەرگە قويۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدىم. ھەر كۈنى گۇندىخانىدىن سىرتقا چىققان ۋاقتىمدا بۇ كىچىك كىتاب ماڭا ئەڭ يېقىن ئۈلپەت بولاتتى. مەن ھەر كۈنى ئۇنى ئوقۇپ تۇراتتىم. ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ كەتتىم.

كېيىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تەس بىر مەسىلىگە يولۇقتۇم: «خۇدا بىر بولسا، قانداقمۇ «ئۈچتە بىرلىك» بولالىسۇن؟» دەپ ئۆزۈمدىن سورىدىم. گەرچە ئىقتىدارىم يەتمەيدۇ دەپ ئويلىغان بولساممۇ، مەسىھ ئەيسانىڭ قىلغان ئۇلۇغ خىزمىتىنى ھەم مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ دائىرىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قارارىغا كەلدىم. مەن مۇقەددەس كىتاب بولغان تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدىكى مەزمۇنلاردىن گۇمانلانمىغانىدىم ۋە ياكى بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ: «مەسىھ ئەيسا توغرىسىدىكى كىتاب (ئىنجىل) ئۆزگەرتىۋېتىلگەن» دېگەن كۆزقارىشىغىمۇ ئىشەنمىگەنىدىم. ماڭا ياردەم بېرىدىغان ئادەم يوق ئىدى، شۇ يەردىكى بىردىنبىر مەسىھ مۇخلىسى زىنداندىكى ناھايىتى ئالدىراش بىر خىزمەتچى ئىدى. ئەمما خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن، بىرسى مېنى دارىبسسالامدىكى بىر سىرتتىن ئوقۇش مەكتىپىنىڭ «مۇقەددەس كىتاب ئۆگىنىش» كۇرسىغا تونۇشتۇرۇپ قويىدى. تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگىنىمدىن كېيىن مەن بۇ كۇرس ئارقىلىق ئۆگىنىشىمنى داۋاملاشتۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەن كەچلىك ئىسلامىي ۋەزلەرنى ئاڭلاپ تۇردۇم.

شۇ مەزگىلدە مەن خۇدا ئىنسانغا ئاشكارىلىغان ھەقىقەتنى بىرقەدەر چوڭقۇر چۈشەندىم ۋە ئەيسا مەسىھ مېنىڭ ئورنۇمدا جازالىنىپ، قۇربانلىق بولغانلىقىنى ۋە بۇ قۇربانلىق ئارقىلىق خۇدا گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، خۇدانىڭ كىشىلەرگە يېڭى ھايات بەرمەكچى بولغانلىقىغا ئىشەندىم. بۇ يولدا خۇدانىڭ ماڭا كۆرسەتكەن يوليورۇقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئاجايىپ ئىشلارنى يازسام، بىرنەچچە توم كىتاب بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بېشىغا ئېغىرچىلىق چۈشكىنىدىلا ئاندىن خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى قوبۇل قىلىدۇ، بىراق بۇ دۇنياغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تۇرمۇشۇم تىنچ-خاتىرجەم ۋە راھەتلىك بولغىنىدىمۇ مەن ئېتىقادىمنى مەسىھكە باغلىدىم. خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن مېنىڭ خۇدانى تونۇشۇمنى تۇساپ كەلگەن، مېنى چىرمىۋالغان ھەربىر ئاسارەتتىن ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇردۇم. بۇ ئىشتا مۇقەددەس كىتابنىڭ مۇھىم رولى بار ئىدى. باشتىن باشلاپلا مەن ئىنجىل «مەكتۇپلىرى»دىكى ئىككى ئايەتتىن ناھايىتى تەسىرلەنگەندىم. ئۇنىڭ بىرسى: —

«چۈنكى خۇدانىڭ نىجاتنى بارلىق ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىدىغان مېھىر-شەپقىتى ئايان بولدى؛ ئۇ بىزگە ئىخلاسسىزلىق ۋە بۇ دۇنيانىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى رەت قىلىپ، ھازىرقى زاماندا سالماق، ھەققانىي، ئىخلاسمەن ھاياتنى ئۆتكۈزۈشىمىز بىلەن، ئۇلۇغ خۇدا، نىجاتكارىمىز ئەيسا مەسىھنىڭ شان-شەرەپ بىلەن كېلىدىغانلىقىغا بولغان مۇبارەك ئۈمىدىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈشنى ئۆگىتىدۇ» (ئىنجىل، «تىتۇس» 2-باب، 11-ئايەت).

يەنە بىرسى ئاگاھ بولۇپ: —

«شۇنچە ئۇلۇغ قۇتقۇزۇش-نىجاتقا ئېتىبار بەرمىسەك، بىز قانداقمۇ جازادىن قېچىپ قۇتۇلالايمىز؟! چۈنكى بۇ نىجاتنىڭ خەۋىرى دەسلەپتە رەب ئارقىلىق ئۇقتۇرۇلغان، ھەم ئۇنىڭ ھەقلىقىنى بىۋاسىتە ئاڭلىغانلارمۇ بىزگە تەستىقلىغان» (ئىنجىل، «ئىبرانىيلارغا»، 2-باب، 3-ئايەت)

بەزىلەر ماڭا ئەسقېتىپ قالار دەپ بىرنەچچە كىتابنى ئارىيەتكە بەردى. ئەمما

ئۆزۈمنىڭ ئۆي-پىكىرلىرىمنى ۋە مەسىلىلىرىمنى بىردىنبىر يېشىپ بەرگۈچى پەقەت مۇقەددەس كىتاب ئىكەن دەپ قارىدىم، باشقا كىتابلاردىن بارا-بارا كۆڭلۈم سوۋۇپ قالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا دارېسسالامدىكى «سىرتتىن ئوقۇش مەكتىپى»نىڭ مۇدىرى ماڭا بىر پۈتۈن «مۇقەددەس كىتاب»نى بەردى.

بۇنى ئوقۇپ ئۆزۈمنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىمنى، ھەر ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا كەلگىنىدە بىر گۇناھلىق تەبىئىتىگە ۋارىس بولىدىغانلىقىنى ئۆگەندىم. بۇنى ئىنسانىيەتنىڭ ئاساسلىق بىردىنبىر مەسىلىسى دەپ تونۇپ يەتتىم. ئىنجىلدا، «يۇھاننا (1)»، 1-باب، 5-6 ئايەتتە يېزىلغانىدەك: —

«بىز ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان ھەم سىلەرگە بايان قىلىدىغان خەۋىرىمىز مانا شۇدۇركى، خۇدا نۇردۇر ۋە ئۇنىڭدا ھېچقانداق قاراڭغۇلۇق بولمايدۇ. ئەگەر بىز ئۇنىڭ بىلەن سىرداش-ھەمدەملىكىمىز بار دەپ تۇرۇپ، يەنىلا قاراڭغۇلۇقتا يۈرسەك، يالغان ئېيتقان ۋە ھەقىقەتكە ئەمەل قىلمىغان بولىمىز».

مۇشۇنىڭدىن بىز ئادەملەرنىڭ قاراڭغۇلۇقتا ماڭىدىغان گۇناھكارلار ئىكەنلىكىنى، ئەمما خۇدانىڭ ئادەملەردىن پۈتۈنلەي باشقىچە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا نۇر ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق بىللە ئۆتەلمىگىنىدەك، خۇدا ۋە گۇناھمۇ بىللە بولالمايدۇ. گۇناھىم تۈپەيلىدىن خۇدادىن ئايرىلىپ سۈرگۈن قىلىنغان گۇناھكار بولغان مەن بىر پاك، مۇقەددەس خۇدا بىلەن قانداقچە يېقىن تۇرالايمەن؟

«مۇشۇ سۆز ئىشەنچلىك ۋە ھەر ئادەم ئۇنى قوبۇل قىلىشى تېگىشلىكتۇر — «مەسىھ ئەيسا گۇناھكارلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلدى!»» (ئىنجىل، «تىموتىيغا (1)» 1-باب، 15-ئايەت). شۇڭا، مەن ئەسلىدە مۇھەممەددىن پەس تۇرىدىغان بىر پەيغەمبەر دەپ قارىغان بۇ مەسىھ ئەيسانى، ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئەڭ چوڭ مەسىلىمىزنى ھەل قىلىش ئۈچۈن خۇدانىڭ ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچىسىدۇر، دەپ چۈشەندىم.

زانزىباردىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا مەسىھكە بولغان ئېتىقادىمنى ئېتىراپ قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئانام شارىفلار جەمەتىدىن بولغانلىقىمىزنى خۇدادىن كەلگەن بەرىكەت دەپ قارايتتى. شۇڭا مەسىھكە بولغان ئېتىقادىم

چوقۇم ئۇنىڭغا بىرخىل ھەسرەت ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولۇپ ئەسلىدىلا ئاكامنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم ئېتىقادلىرى ئۇنىڭغا قاتتىق ئازاب ئېلىپ كەلگەنىدى. مېنىڭ تۈرمىدە ياتقىنىم ئۇنىڭ ئازابىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋەتكەنىدى. مېنىڭ ئازاد قىلىنغانلىقىم ئۇنىڭ بىردىنبىر خۇشاللىقى ئىدى. ئىنجىلنى ئوقۇغىنىمغا قەدەر، ئۇ ماڭا ئەسلىدە ئۆگەتكەن ئېتىقادنى داۋاملاشتۇرۇشۇم ئۇنىڭغا تەسەللىمۇ بەرگەنىدى.

مېنىڭ يېقىن بىر دوستۇم بىرىنچى بولۇپ مېنىڭ مەسچىتكە بارماي پات-پات مۇقەددەس كىتاب ئوقۇيدىغانلىقىمنى، يەكشەنبە كۈنى مەسىھ مۇخلىسلارنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىدىغانلىقىمنى بايقاپ قالدى. ئائىلىدىكىلىرىم بۇ ئىش توغرۇلۇق مەن بىلەن مۇزاكىرە قىلىشقا يىغىن چاقىردى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكى بىلەن ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشتىم، يەنە كېلىپ مەن ئۇلارغا مېنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغىنىمغا قارشى بولساڭلار، مۇزاكىرىنى ئېتىقادىمنىڭ توپ سەۋەبلىرى ۋە ئۇلى بولغان ھەقىقەتكە قارىتىشىڭلار كېرەك، دېدىم. لېكىن بۇنىڭ ئورنىدا ئۇلار بىر شەيخ تەييارلىغان دىمىدى قىلغان سۈنى ماڭا بەردى، ئۇلار بۇ مېنىڭ پوزىتسىيەمنى ئۆزگەرتىدۇ دەپ ئىشەنگەنىدى. ئەمما ئۇنىڭ ماڭا ھېچقانداق تەسىرى يوق ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇخلىس دوستلىرىم ماڭا قۇتقۇزغۇچىمنىڭ نامىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشتىن قورقماسلىقىمغا ئىلھام بېرىدىغان خەتلەرنى يېزىپ تۇراتتى. مەن دەسلەپتە دارېسسالامغا، ئاندىن كېنىيەگە باردىم. كېنىيەدە نۇرغۇن ئافرىقىلىق ۋە ياۋروپالىق مۇخلىسلار بىلەن ئورتاقلىشىشتىن بەھرىمەن بولدۇم. ئاندىن يەنە ئاتامنىڭ يۇرتى بولغان شىمالىي ئافرىقىدىكى ئادەنگە باردىم. شۇ چاغدىكى جىددىي ۋەزىيەت ئىچىدە مەن مەسىھكە بولغان ئېتىقادىمنى ئېتىراپ قىلىپ دېڭىزدا چۆمۈلدۈرۈلدۇم. سۇغا چۆمۈلدۈرۈش بولسا بىزنىڭ كونا گۇناھلىق تەبىئىتىمىزدىن ئايرىلىپ، مەسىھ ئەيسا بىلەن ئۆلۈپ، دەپنە قىلىنىپ ۋە يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەنلىكىمىزنى، تىرىلگەنلىكىمىزنى بىلدۈرىدۇ. مەن ئۆچۈن ھاياتىم تولۇق مەنە-ئەھمىيەتكە ئېرىشكەن بولۇپ، خۇدانى مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق تولۇق سۆيىمەن، كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ قۇربانلىق قېنى بەرگەن نىجات-ئازادلىقىم ۋە شاد-خۇراملىقىم بىلەن خۇدانى مەدھىيەلەيمەن. چىن كۆڭلۈمدىن،

بۇ دۇنيادىكى ھەربىر ئەر-ئايال، ئوغۇل-قىزلار بۇ نىجاتلىق يولنى تاپسۇن، مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق خۇدادىن بولغان شادلىقتىن بەھرىمەن بولسۇن دېگەن ئارزۇيۇم بىلەن دۇئا قىلىمەن.

# 13. تانزانىيەدىن بىر ھېكايە

*«مەسىھ ماڭا مەنىلىك ھايات ئاتا قىلدى»*

*«كۆڭلۈم نېمىنى تارتسا شۇنى قىلاتتىم، ئەمما ئۆيلىمىغان يەردىن بىر ئىشتىن كېيىن شۇنداق قىلغىنىمدىن ئۆزۈمنى قۇيۇقۇرۇق ھېس قىلدىم»*

ئەرەب مىللىتىدىن بولغان تانزانىيەلىك تالىب بارۋانىغا نىسبەتەن ھايات پۈتۈنلەي مەنىسىز بىلىنگەنىدى. ئەمما بەزى خىزمەتداشلىرى ئارقىلىق ئۇ خۇداغا تايىنىشقا باشلىدى. ئۇ ھازىر شىمالىي ئافرىقىدا مەسىھ مۇخلىسى جامائەتلىرى ئارىسىدا خىزمەت قىلىدۇ.

«ئاتا-بوۋىلىرىم ئەرەبىستاندىكى ئوماندىن بولۇپ، جاھان كېزىپ زانزىبار (ھازىرقى تانزانىيە)گە كەلگەن. ئۇلار شۇ يەردىكى ئافرىقىلىقلار بىلەن توي قىلىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. ئاتا-ئانام ماڭا بەك كۆيۈنەتتى، ئانام تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. ئۇ مېنى دىنىي مەكتەپكە ئەۋەتتى، مەن قۇرئاننى ئوقۇشنى (مەنىسىنى چۈشەنمىگەن ھالدا)، بەش ۋاق ناماز ئوقۇشنى، رامزاندا روزا تۇتۇشنى، زاكات بېرىشنى ئۆگەندىم. ئون نەچچە ياشقا كىرگەندە دۇنيانى كېزىش ئىستىكىم پەيدا بولدى. ئاخىر ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ، ھىندىستاندىكى بومباي (ھازىرقى مۇمباي) شەھىرىگە باردىم. شۇ يەردە مەن يۇك پاراخوتىدا ئاشخانا مۇلازىمەتچىسى بولۇپ، دۇنيانى بىر قېتىم ئايلاندىم. ئاندىن مەن ئۆيگە قايتتىم، ئەمما بىر يىلدىن كېيىن يەنە سەپەرگە چىقىپ، ھىندىستانغا ۋە پارس قولتۇقىغا باردىم. بىرنەچچە جايدا ئىشلەپ پۇل تېپىپ، ئاندىن ئەنگلىيەگە بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇش ئۈچۈن باردىم. بىراق نىشانىمغا يېتەلمىدىم، لوندوندا كەيپ-ساپا تۇرمۇشقا ئۆگىنىپ قالدىم. كۆڭلۈم نېمىنى تارتسا شۇنى قىلدىم، ئەمما ئۆيلىمىغان يەردىن شۇنداق «ئويناش»تىن كېيىن

شۇنداق قىلغىنىمدىن ئۆزۈمنى قۇپقۇرۇق ھېس قىلدىم.

بىر كۈنى ئۆزۈمنىڭ مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈۋاتقان تۇرمۇشۇمدىن مۇتلەق بىزار بولۇپ، شەرقىي لوندوندىكى بىر قەھۋەخانىغا كىردىم. بىر كىشى كىرىپ ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىگە كىرىش توغرۇلۇق ۋاراقلارنى تارقاتتى. شۇ چاغدا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى ئىدىم، پەقەتلا ھازىرقى ئەھۋالىمنى ئۆزگەرتەلىسەملا مەيلى، دەپ ئويلايتتىم. شۇنداق قىلىپ مەن ئەنگلىيە ھاۋا ئارمىيىسىگە كىردىم، ئاساسىي تەربىيە ۋە ئېلېكترون تەربىيىسىنى ئالغاندىن كېيىن مەن لىۋىيەگە ئەۋەتىلدىم. بۇ ھاۋا ئارمىيىسىدىكى تۇرمۇش ماڭا ياقتى، نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن دوست بولدۇم. يوھان ئىسىملىك بىر ئەنگلىيەلىك بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولدۇم. بىز پات-پات توبرۇك شەھىرىگە سۇ ئۈزۈشكە ياكى سەيلە قىلىشقا بىللە چىقاتتۇق.

بىر كەچتە مەن بەش كىشىلىك چېدىرىمىزگە قايتىپ كىرسەم، يۇھان تىزلىنىپ دۇئا قىلىۋېتىپتۇ. مەن بەك ھەيران قالدىم، چۈنكى مەن ئەزەلدىن يۇھاننى «دىندار» دەپ ئويلىمايتتىم. ئۇنىڭ بىزدەك تۆت تومپاينىڭ ئالدىدىلا تىزلىنىپ دۇئا قىلغان جۈرئىتىگە قايىل بولدۇم. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەنلا مەن ئۇنىڭدىن دىندار بولۇپ چىققانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدىم. ئۇ، بۇ ئىشنىڭ دىن بىلەن مۇناسىۋەتسىزلىكىنى، ئۇنىڭ ھازىرقى ھاياتىدا مۇقەددەس روھنىڭ بارلىقىنى ماڭا دەپ بەردى. بۇ ماڭا غەلىتە ۋە يېڭىلىق تۇيۇلغاچقا، ئۇ مەن بىلەن ئولتۇرۇپ ماڭا چۈشەندۈردى: — ئىنسانلار گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن خۇدادىن ئايرىلىپ قالغان، شۇڭا ھەممە ئادەم دوزاخقا كىرىشكە تېگىشلىك ئىدى. ئەمما خۇدا ئىنسانغا بولغان مۇھەببىتىدىن گۇناھسىز بولغان مەسىھ ئەيسانى ئەۋەتتى، مەسىھ ئەيسا گۇناھلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆز زىممىسىگە ئارتىپ ئورنىمىزدا كرېستكە مىخلىنىپ قۇربانلىق بولدى. بىزنىڭ دوزاخقا كىرىشكە تېگىشلىك بولغان جازايىمىزنى ئۇ ئۈستىگە ئالدى. ھازىر كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلسىلا، مەسىھ ئۇلارغا گۇناھىنىڭ كەچۈرۈمىنى ھەم مۇقەددەس روھ ئېلىپ كېلىدىغان مەڭگۈلۈك ھاياتنى ئاتا قىلىدۇ، دېدى.

پەرمانلىرىغا رىئايە قىلمىسام، مەن يەنىلا ئىسلامنىڭ ئەقىدىلىرىگە ئىشىنەتتىم. مەن مەسىھ ئەيسانى ئىبراھىم، نۇھ ۋە مۇسا ھەزرەتلىرىگە ئوخشاش پەيغەمبەر دەپ ئىشىنەتتىم. مەسىھ ئەيسا خۇدانىڭ ئوغلى دېيىلسە ماڭا كۇپۇرلۇق

بولاتتى. شۇڭا مەن: ــ ئۆزلىرىنى «خرىستىئان» دەپ ئاتىغان نۇرغۇن ئەللەردىكى كىشىلەر «ئەيسانىڭ نامىدا» ئىرقىي كەمسىتىشنى ساقلاپ باشقىلارغا كۆپ يامان ئىشلارنى قىلماقتا دەپ، يوھاننىڭ تەلىمىگە رەددىيە بېرەتتىم. «مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا بۇنداق ئىش يوق» دەپ تۇرۇۋالاتتىم (ئەمەلىيەتتە مەن ھازىر مۇسۇلمانلاردا بۇنداق ئىشلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدىم ــ ئەرەبلەرنىڭ بەدۇئىن ۋە كابىلىيلەرگە، پاكىستانلىقلارنىڭ بېنگاللىقلارغا، تۈركىيەلىكلەرنىڭ كۇردلارغا بولغان مۇئامىلىرى قاتارلىقلار). ئەمەلىيەتتە بۇ چاغدا بەزى مەسىھ مۇخلىسلىرى مەن ئۈچۈن دۇئا قىلاتتى.

بىر كۈنى ئانچە قىزىقمىغان بولساممۇ، يوھاننىڭ گېپى بىلەن يەنە بىر مۇخلىس پېترۇس ئىسىملىك بىرسى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇ ستارشىي سېرژانت بولسىمۇ، ئەمما مەن تونۇيدىغان باشقا سېرژانتلارغا ئوخشىمايدىغان يەرلىرى بار ئىدى. ئۇ قولىدا مۇقەددەس كىتابنى تۇتۇپ تۇرۇپ، تەۋرات ۋە زەبۇرلاردىن ئەيسا قۇتقۇزغۇچى-مەسىھنىڭ دۇنياغا كېلىدىغانلىقى، قىلىدىغان ئىشلىرى، ئۆلۈمى، دەپنە قىلىنىدىغانلىقى، تىرىلدۈرۈلىدىغانلىقى ۋە ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدىغانلىقىنىڭ ھەممىسى ئالدىن بېشارەت بېرىلگەنلىكىنى ماڭا بايان قىلدى. ئىنجىل خاتىرىسىدە بۇ بېشارەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە بولغانلىقىنى ماڭا چۈشەندۈردى. ئاخىرىدا ئۇ ئىنجىلدىكى «ۋەھىي» دېگەن ئاخىرقى قىسىمنىڭ 3-بابىنى كۆرسىتىپ: ــ

«مانا، مەن ھازىر ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ، ئىشىكنى قېقىۋاتىمەن. ئەگەر بىرى ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئىشىكنى ئاچسا، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ مەن بىلەن بىللە غىزالىنىدۇ»

دېگەننى ماڭا ئوقۇپ بەردى. بۇ سۆزلەر قەلبىمنى قاتتىق بىئارام قىلدى. باشقىلارنىڭ «خرىستىئانلارنىڭ ئىنجىلنى ئۆزگەرتىپ يازغان» دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان بولساممۇ، مەن ئىنجىلدىكى بۇ سۆزنى ھەقىقەت دەپ تونۇدۇم. مەسىھ ئەيسا كۆڭلۈمنىڭ ئىشىكى سىرتىدا تۇرۇپ قېقىۋاتقانلىقىنى، بۇ ئىشىكنى ئاچالايدىغان ياكى يېپىقلىق قالدۇرىدىغان بىردىنبىر ئادەم مەن ئۆزۈم ئىدىم. شۇ چاغدا مېنىڭ بىر قارارغا كەلگۈم يوق ئىدى، شۇڭا مەن پېترۇسقا خوش دەپلا كېتىپ قالدىم.

ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇكى، مەن بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن دەرھال كىنوغا باردىم. ئەمما مەسىھنىڭ: «مەن ھازىر ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ...» دېگەنلىرى كاللامدا تەكرارلىناتتى. مەن ئۆز ئۆزۈمگە بۇنداق قىلىشىم ئەخمەقلىق، ھەممىسى ئۆتۈپ كېتىدۇ، دەيتتىم. كىنوخانىدىن چىقىپ، مەست بولۇپ ھەممىنى ئۇنتاي دەپ كۇلۇبقا بارماقچى بولدۇم. ئەمما شۇ ئەتراپتىكى بىر خارابە كەپىگە كىرىپ قالدىم. شۇ يەردە مەن پۈتۈنلەي تۈگەشكەن ھالدا ئۆزۈمنى كونترول قىلالماي قالدىم. مەن تىزلاندىم: «رەب ئەيسا مەسىھ، مەن سېنىڭ گۇناھلىرىم ئۈچۈن كرېستكە مىخلىنىپ قۇربانلىق قىلىنغانلىقىڭنى بىلدىم. سەن گۇناھدىن بىردىنبىر قۇتقۇزغۇچىدۇرسەن. مەن ھازىر ئۆز ھاياتىمنىڭ ئىشىكىنى ئاچاي، ھاياتىمغا، قەلبىمگە كىرىپ ئۆز رەببىم ۋە قۇتقۇزغۇچىم بولغىن» دەپ دۇئا قىلدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم بىلەن چوڭقۇر بىر خاتىرجەملىك، چوڭ بىر خۇشاللىق مېنى چىرمىۋالدى. گۇناھلىرىم كەچۈرۈم قىلىندى دەپ بىلدىم، بۇ خەيرلىكنى، گۈزەللىكنى ھەممە ئادەم بىلەن ئورتاقلاشقۇم كەلدى.

بۇ چوڭ بۇرۇلۇشتىن بىرئاي كېيىن تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن بەش يىل ئايرىلغان يۇرتۇم زانزىبار (تانزانىيە)گە ئاتا-ئانامنى يوقلاپ كەلدىم. مەن: «ئائىلىدىكىلىرىم ۋە يۇرتداشلىرىم مېنىڭ مەسىھ مۇخلىسى بولغانلىقىمدىن خەۋەر تاپسا، نېمە ئىش يۈز بېرەر» دەپ قورقتۇم. يۇرتۇمدا كىشىلەر: «غەرب جاھانگىرلىكى» بىلەن مەسىھ مۇخلىسى، يەنى «خرىستىئان» بولۇش ئەمەلىيەتتە بىر گەپ، دەپ قارايتتى. ئاپام ۋە ئائىلىدىكىلىرىمنىڭ مېنى كۆرگەندىكى خۇشاللىقىغا قاراپ مەسىھ مۇخلىسى بولغانلىقىمنى ئۇلاردىن يوشۇرماقچى بولدۇم. ئەمما بىر سائەت ئۆتمەيلا ئۆيلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى، مەن مەسىھ ئەيساغا بولغان ئېتىقادىمنى ئېلان قىلايمۇ ياكى رەت قىلايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ قالدىم. مەن ئېلان قىلدىم. ئائىلىدىكىلىرىم: «بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپ ماڭگا ھەيران قالدى. ئۇلار بەك ئازابلاندى. مەنمۇ ئاپام ئۈچۈن شۇنداق ئازابلاندىم. مەسىھ مۇخلىسى بولمىغان كىشى مەسىھ مۇخلىسلىرىنىڭ خۇداغا ۋە مەسىھ ئەيساغا باغلىغان مۇھەببىتىنى ئائىلىسىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىگە باغلىغان مۇھەببىتىدىن (مەيلى ئۇلارنى شۇنچە سۆيۈشىدىن قەتئىينەزەر) ئۈستۈن قويۇشى كېرەكلىكىنى بەلكىم چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. قىسقىسى، ئاپاممۇ، مەنمۇ كۆز يېشى قىلدۇق،

ئازابلانىدۇق، ئۆزئارا چۈشىنىشەلمىدۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن خۇدانى ماڭا بەك يېقىن دەپ ھېس قىلىپ كەلدىم. مېنىڭ ئەڭ قىيىنچىلىق چاغلىرىمدا ئۇنىڭ يېقىنلىقى ئىسپاتلانغاندى.

ھازىر ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۆزۈمنىڭ «ئىشىكىم»نى ئۇنىڭغا ئاچقانلىقىمدىن قىلچە پۇشايمىنىم يوق. رەببىم ماڭا قالتىس، تولىمۇ سۆيۈملۈك ئېتىقاددىش لىۋانلىق بىر ئائىلىنى نېسىپ قىلدى، بىزنى خۇدادىن بەك مىننەتدار قىلغان ئىككى بالىمىز بار. مەن ھازىر ئەنگلىيەدىكى ئېلېكترون زاپچاسلىرى شىركىتىدە ئىشلەيمەن، ئەنگلىيەدىكى مۇخلىس جامائەتلىرى ئىچىدىمۇ ۋەز ئېيتىش بىلەن بولۇپ تۇرىمەن. ئائىلىم بىلەن ئىككىمىز شىمالىي ئافرىقىغا بېرىپ ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى تارقىتىشنى بەك خالايمىز، ئەمما ھازىرغىچە ئۇ يەرگە بېرىپ خىزمەت قىلىش پۇرستى چىقمىدى.

مەسىھكە باغلىغان ئېتىقادىم ماڭا كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشكە ياردەم بېرىدۇ. بۇرۇن بولسا تۇرمۇشۇم بەك زېرىكەرلىك، غەمكىن ۋە مەنىسىز بولغانىدى، ھازىر ھاياتىمىزنىڭ ئەھمىيەتلىك بولۇۋاتقانلىقىدىن خۇشالمەن، رەب ماڭا يۈز بېرىدىغان ھەرقانداق ئەھۋالدىن غەم قىلماسلىقنى ئۆگەتكەن. بۇنىڭ ئورنىدا، ھەرقانداق ئىشنى مەيلى چوڭ مەيلى كىچىك بولسۇن دۇئايىمدا ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشنى ئۆگەندىم. مەيلى ئۇلار مېنى نېمە دېسۇن ياكى نېمە قىلسۇن، ئۇ مېنى ھېچكىمدىن نەپرەتلەنمەسلىكنى ئۆگەتكەن. كۆڭلۈمدە مال-مۈلكۈمنىڭ بار-يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى خۇداغا تامامەن تايىنىشتىن كەلگەن چوڭقۇر ئامانلىق، ئەندىشىسىز، خاتىرجەم بىر ھېسسىيات بار.

مەسىھ مۇخلىسلىق تۇرمۇشى ئاسان بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ماڭا نىسبەتەن ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قالتىس، ئەڭ ھاياجانلىق ۋە قانائەتلىنەرلىك تۇرمۇش. شۇڭا پۇرسەت كەلسىلا، خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسادا ئىنسانلارغا كۆرسەتكەن مېھىر-مۇھەببەت خۇش خەۋىرىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشىش مەن بىلەن ئائىلىمنىڭ ئەڭ چوڭ خۇشاللىقىمىزدۇر.

# 14. ئىلگىرىكى دەۋردىن كەلگەن يەنە بىر سادا (پاكىستاندىن بىر گۇۋاھ)

*«ھاياتىنىڭ بۇلىقىنى تاپتىم»*

*«مەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل)نى ئوقۇشتىن قورققانلىقى توغرىسىدا بىشىمنى قاتۇردۇم. شۇڭا مەن كۆپرەك سالماقلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇقەددەس كىتابنى ئۆگىنىش قارارىغا كەلدىم، شۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن قادىر خۇداغا ماڭا يوليورۇق بەرگەي دەپ دۇئا قىلدىم. ئوقۇغانسېرى مەسىھ مۇخلىسلىرىنىڭ تۇتقان ئېتىقادىغا بولغان قارشىلىقىمنىڭ ھەممىسى ئۆچۈپ كەتتى»*

ئاسلام خان ياش ۋاقتىدا قىران يىگىت بولۇپ، تولىمۇ تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. دىنىي بەس-مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ تۇرغاچقا، مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل)غا رەددىيە بېرىش ئۈچۈن ئۇنى ئوقۇپ تەكشۈردى. ئەكسىچە كۆزى ئېچىلىپ خۇدانىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان، مەسىھ ئەيسادا بولغان خالىسانە كەچۈرۈمنى — ھېچقانداق ئادەم ئۆز ئەجرى بىلەن ئېرىشەلمەيدىغان سوۋغىنى كۆردى. ھايات ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىباشتىن باشلاندى. شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ ئۇ مەسىھ ئەيسادىكى خۇش خەۋەرنى ئۆز ھاياتىغا تەۋەككۈل قىلىپ دائىم تارقىتىپ تۇردى. ئۇ نۇرغۇن يىللار پاكىستاندىكى مۇخلىس جامائەتلەر ئارىسىدا ئاقساقال بولۇپ تەلىم بېرىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلدى.

مەن پاكىستاننىڭ گۇجرات ئۆلكىسىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇسۇلمان ئائىلىدىن چىققانمەن. ئاتام يەر ئىگىسى بولۇپ، ئائىلىمىز يۇرتىمىزدىكىلەر ئارىسىدا ئەڭ مەرتىۋىلىكلەرنىڭ بىرى ئىدى. مەن ئائىلەمدە بىرلا ئوغۇل بولۇپ، ئاتام دۇنيانىڭ ئەڭ ئېسىل نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئېلىپ بېرەتتى.

ئۇنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئۇ ماڭا ئەڭ ياخشى تەربىيەنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ماڭا ئىسلام ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بىلىملىك بىر ئۆلىمانى تەكلىپ قىلغانىدى. ئاتام سۈننىي ئېقىمىدىكى مۇسۇلمان بولۇپ، مېنى ئۆز دىنىنىڭ گۈزەللىكىنى چۈشىنىشىمنى ۋە ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشۈمنى خالايتتى.

يېزىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگىنىمدىن كېيىن، ئاتام راجاستاندا (ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا) ھۆكۈمەت مەرتىۋىسىنى قوبۇل قىلدى. شۇ يەردە مەن بىر مەسچىيلەر باشقۇرىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردىم. بۇ مەكتەپتە «مۇقەددەس كىتاب»تىكى دەرسلەر مەسىھ مۇخلىس بولغانلارغا ھەم مۇخلىس ئەمەسلەرگە ئوخشاشلا ئۆتۈلەتتى. مەن بۇنى خالىمىدىم، گەرچە باش مۇدىر ماڭا بېسىم ئىشلەتكەن بولسىمۇ، شۇ دەرسلەرگە قاتنىشىشنى قەتئىي رەت قىلدىم. ئۇنىڭدىن باشقا، تەبىقە-مەرتىۋەمدىن شۇنچە پەخىرلەندىمكى، كەمبەغەل ئائىلىلەردىن چىققان شۇ مەكتەپتىكى «خىرىستىئان» ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئارىلىشىشنى ياخشى كۆرمىدىم. مەسىھيلەرگە قىزىقمىدىم، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا مېنى جەلپ قىلغۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى. شۇ چاغدا مەن: «ئەنگلىيەلىكلەر بۇ دۆلەتنىڭ نامرات تۇرمۇشتا قالغان خەلقلىرىگە پارا بېرىپ ئۇلارغا ئۆز تۇرمۇشىدىكى ئادەتلەرنى ۋە دىنىنى قوبۇل قىلدۇرماقتا بولسا كېرەك» دېگەن ئويدا ئىدىم.

شۇ مەزگىلدە ئىسلام دىنىدىن چىققان بىر ئىنجىل شەرھچى راجاستانغا كەلدى، ئۇ بىزنىڭ شەھىرىمىزگىمۇ كەلدى. يۇرتىمىزدىكى مەسىھ مۇخلىسلىرى ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق قىلىشقا پۇرسەت بېرىش ئۈچۈن بىرنەچچە يىغىن ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مەن ئاتام بىلەن بۇ يىغىنلارنىڭ بەزىلىرىگە قاتناشتۇق، ئاتام شۇ ۋەز ئېيتقۇچىغا بىرنەچچە قىيىن سوئاللارنى قويدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ ئادەم سوئاللارغا ئانچە ئەتراپلىق جاۋاب بېرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن «خىرىستىئانلار» ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا بولغان نەپرىتىم چوڭقۇرلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەندە مەسىھ مۇخلىسى ئاقساقاللىرىنى ۋە ئىنجىل تارقاتقۇچىلارنى رەسۋا قىلىش ۋە ئۇلارغا ئاۋارىچىلىك كەلتۈرۈش ئادەت بولۇپ قالدى. ئىسلام دىنى بىردىنبىر توغرا ئېتىقاد، دۇنيادىكى ئەڭ پەزىلەتلىك يول ئىكەنلىكىگە چىڭ ئىشەنچىم بار ئىدى.

شۇ كۈنلەردە ھىندى دىنىدىكى «ئاريا ساماج» دېگەن بىر مەزھەپنىڭ بەزى

ئەزالىرى يۇرتىمىزغا كەلدى. ئۇلارنىڭ مەقستى مالكانا مىللىتىدىكىلەرنى ھىندى دىنىغا قايتىدىن بويسۇندۇرماقچى ئىدى. بۇ مالكانا مىللىتى ئەسلىدە ھىندى دىنچىلىرى بولۇپ، كېيىن ئىسلامغا بويسۇندۇرۇلغانىدى. بۇ «قايتا بويسۇندۇرۇش» ھەرىكىتى «شۇدھى» دەپ ئاتىلاتتى، مەنىسى «ساپلاشتۇرۇش» (ھىندى دىنىغا قايتىدىن بويسۇنۇش). مەن ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتنى توساش بەك مۇھىم ئىش ئىدى، شۇڭا مەن دەرھال ئاريا ساماجغا قارشى ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن كۆرەشكە ئاتلاندىم. رەقىبلىرىم بۇنىڭدىن مېنى چوڭ بىر دۈشمەن دەپ قاردى، شۇڭا ھەرخىل يول بىلەن ماڭا زىيان يەتكۈزمەكچى بولدى. بىر كۈنى ئۇلار مەن ئۈچۈن ئۇخلاۋاتقان كەچكە يوشۇرۇنچە كېلىپ ئۆگزىنى بۇزۇپ، مېنى ئېغىر زەخىملەندۈردى. نەتىجىدە بىرنەچچە كۈن كارىۋاتتا يېتىپ قالدىم. بۇ ۋەقە مېنىڭ غەيرىي دىنچىلارغا بولغان نەپرىتىمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئاريا ساماجدىكىلەرگە قارشى تۇردۇم.

بۇ ۋەقەلەر مېنى مۇسۇلمان دىنداشلىرىمغا ۋەكالەتەن ۋەز ئېيتقۇچى قىلدى. داڭقىم يىراققا تارقىلىپ، ھىندىستاندىكى «بارلىق دىندارلارنىڭ چوڭ مەجلىسى»گە قاتنىشىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ مەجلىس ئاريا ساماج تەرىپىدىن ھىندىستان ماينپۇر ناھىيىسىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھەرخىل دىن ئەھلىلىرى تەكلىپ قىلىنغانىدى. مەن ئۈچۈن ياخشى ئىش ئىدى، چۈنكى ئۇ مېنىڭ باشقا ئېتىقادلارنى تەكشۈرۈشۈمگە تۈرتكە بولاتتى. ئۇلارنىڭ كىتابچىلىرىنى، تەشۋىق ۋاراقلىرىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنى تەكشۈرۈپ تەنقىد قىلىشقا باشلىدىم. ئاساسىي مەقستىم ئېۋەن تېپىش ۋە ئەجدادلىرىمنىڭ دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئۆز ئۆزۈمگە ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت ئىدى. ھىندى دىنى ئەسەرلىرى روھىي ئاچلىقىمنى قانائەتلەندۈرەلمىدى؛ لېكىن تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلغا ئازراق قىزىقىپ قالدىم.

بىر كۈنى ئاتام مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇۋاتقانلىقىمنى بايقاپ بەك بىئارام بولۇپ كەتتى. ئۇ مېنى بۇنىڭدىن قول ئۈزۈشكە بۇيرۇدى، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ مېنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇپ «خرىستىئان»غا ئايلىنىپ قېلىشىمدىن قورقىدىغانلىقى ئاشكارلاندى. مەن ئۇنداق ئويلىمىدىم، ئەمما مەن مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتاب (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل)نى ئوقۇشتىن قورقىدىغانلىقى توغرىسىدا بېشىمنى

قاتۇردۇم. شۇڭا مەن كۆپرەك سالماقلىق ۋە ئەستايىدىللىق بولۇپ مۇقەددەس كىتابنى ئۆگىنىش قارارىغا كەلدىم، شۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن قادىر خۇداغا ماڭا يولىيورۇق بەرگەي دەپ دۇئا قىلدىم. بالىلاردەك سەبىيلىك بىلەن ئۇقۇغىنىمدا، شۇ مۇقەددەس كىتابلار ۋۇجۇدۇمغا تەسىر قىلىشقا باشلىدى، مۇقەددەس روھنىڭ كارامىتى بىلەن ئوقۇغانسېرى مەسىھ مۇخلىسلىرىنىڭ تۇتقان ئېتىقادىغا بولغان قارشىلىقلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇچۇپ كەتتى.

مۇقەددەس كىتابنى ئۆگىنىش جەريانىدا مەسىھلىك ئېتىقادىنىڭ يوشۇرۇن سىرلىرى ماڭا ئايان بولۇشقا باشلىدى. بايقىغانلىرىم ئاتامنىڭ ئۇ توغرىسىدىكى ئۇقۇملىرىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان چىقتى. بۇ مۇقەددەس كىتابنىڭ دۇنيادىكى بىردىنبىر نىجاتنى ئاشكارىلىغان، خۇدانىڭ ئىنسانغا باغلىغان سۆيگۈسىنى ۋەھىي قىلغان بىردىنبىر كىتاب ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇ مەن ئۈچۈن بىر يوشۇرۇن گۆھەر بولۇپ، ئادەمنى گۇناھنىڭ لەنىتىدىن خالاس قىلىدىغان، ئادەمگە مەڭگۈلۈك ھايات بەخش ئېتىدىغان مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق بولغان نىجاتنى كۆرسەتكەنلىكى ماڭا ئايان بولدى. «**شۇڭا ئەمدى بىرسى مەسىھدە بولسا، ئۇ يېڭى بىر يارىتىلغۇچىدۇر! كونا ئىشلار ئۆتۈپ، مانا، ھەممە ئىش يېڭى بولدى**» (ئىنجىل، «كورىنتلىقلارغا 2-مەكتۇپ»، 17:5)

مەن ھازىر نىجات (قۇتقۇزۇلۇش)نىڭ خۇدادىن كەلگەن بىر سوۋغات ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. «ساۋابلىق ئىشلار» ياكى ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئېرىشىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. روسۇل پاۋلۇسنىڭ ئادەمنىڭ تەبىئىتى توغرىسىدىكى سۆزلىرى بۇنداق خاتالىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تولىمۇ ئۈنۈملۈك ئاگاھلاندۇرۇش بولىدۇ: «ئىچىمدە، يەنى مېنىڭ ئەتلىرىمدە ھېچ ياخشىلىقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى بىلىمەن؛ چۈنكى ياخشىلىق قىلىش نىيىتىم بار بولسىمۇ، ئۇنى قىلالمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈم خالىغان ياخشىلىقنى قىلماي، ئەكسىچە خالىمىغان يامانلىقنى قىلىمەن. ...نېمىدېگەن دەردمەن ئادەممەن-ھە! ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان بۇ تېنىمدىن كىممۇ مېنى قۇتقۇزار؟» (ئىنجىل، «رىملىكلارغا» 7-بابتىن)

«چۈنكى بارلىق ئىنسانلار گۇناھ سادىر قىلىپ، خۇدانىڭ شان-

شەرىپىگە يېتەلمەي، ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولدى» (ئىنجىل، «رىملىقلارغا» 3-باب، 23-ئايەت)

خۇلاسەم شۇكى، ھېچقانداق ئادەم ئۆز تىرىشچانلىقى بىلەن نىجاتقا ئېرىشەلمەيدۇ. ھەتتا قۇرئاننىمۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ گۇناھكار بولىدىغانلىقىنى، گۇناھسىز ۋە ساپ بولغان كىشى پەقەت بىر، يەنى ئەيسا مەسىھ ئىكەنلىكىنى ماڭا ئۆگەتتى. رەب ئەيسا مەسىھ ئۆز ۋاقتىدىكى تەنقىدچىلەرگە «قايسىڭلار مېنى گۇناھى بار دەپ دەلىللىيەلەيسىلەر، قېنى؟ ھەقىقەتنى سۆزلىسەم، نېمە ئۈچۈن ماڭا ئىشەنمەيسىلەر؟» دەپ ئوپئوچۇق سورىغان (ئىنجىل «يۇھاننا»، 8-بابتىن). شۇڭا مەن پەقەت مەسىھنىڭلا ساپ ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ ساپلىقى خۇدانىڭ ساپلىقى ئىكەنلىكىگە چىڭ ئىشەندىم. نىجات-قۇتۇلۇش بولسا خۇدانىڭ سوۋغىتىدۇر، ئۇ پەقەت مەسىھ ئەيسا ئارقىلىقلا كېلىدۇ.

بۇ سىر ماڭا ئاشكارىلانغاندىن كېيىن مەن باشقا كىتابنى كۆرمەي، پەقەتلا تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل دېگەن مۇقەددەس كىتابقا كۆڭۈل قويدۇم. مەن گۇناھكارنىڭ پاسكىنىلىقىنى يۇيىۋېتىدىغان، ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك ھايات ئاتا قىلىدىغان ھاياتنىڭ يولىنى، يەنى مەسىھ ئەيسانى تاپتىم. بۇلارنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈش بىلەن مەن ھەم ھەسرەتتە قالدىم ھەم خۇشال بولدۇم. ھەسرىتىم بولسا مەن ھازىر ئەجدادلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم؛ خۇشاللىقىم بولسا قۇتقۇزغۇچىم، نىجاتكارىم رەب مەسىھ ئەيساغا ئېرىشتىم. شۇڭا شۇ مەزگىلدە خۇدادىن يولىيورۇق ئېلىش ئۈچۈن كۆپىنچە ۋاقتىمنى دۇئا قىلىش ۋە مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدۇم.

بىر كۈنى مۇقەددەس كىتابنى ئېچىپلا كۆزۈم رەب ئەيسانىڭ تەسەللى يەتكۈزىدىغان سۆزلىرىگە چۈشتى: «ئەي جاپاكەشلەر ۋە ئېغىر يۈك يۈكلەنگەن ھەممىڭلار! مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ئاراملىق بېرەي!» (ئىنجىل، ماتتا، 11-باب، 28-ئايەت). رەبنىڭ ئۆزى ماڭا تەسەللى ۋە ئارام-تىنچلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. كېيىن مەن بىر ئاقساقال مۇخلىسنى تېپىپ ئۇنىڭدىن مېنى چۆمۈلدۈرۈشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ ئېتىقادىمنىڭ راست ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، 1928-يىلى

8-ئاينىڭ 27-كۈنى مېنى چۈمۈلدۈردى.

كېيىن ھاياتىمدا يېڭى سەھىپە ئېچىلدى. ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنىڭ ھەممىسى مەندىن مۇناسىۋەتنى ئۈزدى، مېنى تاشلىۋەتتى. ماكانسىز سەرگەردان بولۇپ قالدىم. ئايالىم شۇ چاغلاردا ماڭا يېقىنلاشمايتتى، لېكىن مەن ئۇنىڭغا دۇئا قىلدىم، ئۇمۇ مەسىھ ئەيسانىڭ مۇخلىسى بولۇشقا باشلىدى. ئۇ مەسىھنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن ئىككىمىز بىللە رەب ئۈچۈن خۇش خەۋەر تارقىتىش خىزمىتىنى قىلدۇق. پاكىستاندىكى بىرنەچچە يەرلەردە بۇ خىزمەتلەرنى قىلدۇق. بۇنى يازغان ۋاقتىتا بىز لاھور شەھىرىدە مۇخلىس جامائىتىنىڭ «سوراش ئورنى»نى تەشكىللەۋاتقان ۋە باشقۇرىۋاتقاندۇق. بۇ مەركەزدە بىز خۇدانىڭ مەسىھ ئەيسا بىزگە ئاتا قىلغان سۆيگۈسىنىڭ كارامەت خۇش خەۋىرىنى ئىزدىگۈچىلەر ۋە مەسىھ ئېتىقادى توغرۇلۇق سوئال سورىغۇچىلار بىلەن ئورتاقلىشىمىز.

# 15. «بۇ دەل مېنىڭ بارلىق تەقەززالىقىمدۇر»

## ھىندونېزىيەدىن بىر ھېكايە

*«ئۆزۈمنىڭ خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە، نىجاتلىق مېھىر-شەپقىتىگە ئېرىشكىنىم، مېنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن چۈشەنچىگە ئىگە بولغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ شۇنچە ئۇلۇغ بولغانلىقىدىندۇر، دېيىشىم كېرەك».*

مەرىيەم ياش ھىندونېزىيەلىك بولۇپ، مۇقەددەس كىتابقا تاسادىپىي ۋە مەقسەتسىز ئۇچرىشىپ قالغان. ئۇ مۇقەددەس كىتاب ھەم ئۆزى بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىغان مەسىھ مۇخلىسلىرىنىڭ دوستلۇقى ئارقىلىق مەسىھكە جەلپ قىلىنغان. ئاخىرىدا ئۇ ھالقىلىق قەدەمنى بېسىپ، يېڭى ئاراملىق ۋە قانائەتنى تاپقانىدى. شۇڭلاشقا ئۇ «مەسىھ ئەيسانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ئىچىدە» تۇرۇپ ياشاشقا ۋە مەسىھ ئەيسانىڭ بۇ مۇھەببىتىنى تېخى تونۇپ يەتمىگەن كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئىنتىلگەنىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، بىر كىشى مەلۇم ئېتىقادنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن ئانچە-مۇنچە خەۋەردار بولغاندىلا ئاندىن شۇ ئېتىقادقا ياكى ئۇنىڭدىكى يول-تەرىقىگە جەلپ قىلىنىدۇ. ئەمما ئۆزۈمنىڭ كەچۈرمىشلىرىم پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى قەلبىمدىكى رەزىللىكنى ھازىر بايان قىلىشتىن تولىمۇ نومۇس دەپ ھېس قىلىمەن. ئەمما بۇ خاتىرەم ئۆز ھاياتىمنى ئەكس ئېتتىدىغان ئەينەك بولۇشى كېرەك؛ شۇڭا ئۆزۈمنىڭ خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە، نىجاتلىق مېھىر-شەپقىتىگە ئېرىشىشىم، مېنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن چۈشەنچىگە

ئىگە بولغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ شۇنچە ئۇلۇغ بولغانلىقىدىندۇر، دېيىشىم كېرەك.

مەن مۇسۇلمان ئائىلىدە تۇغۇلغانلىقىم ئۈچۈن تەبىئىيكى ئىسلام شەرىئىتىگە رىئايە قىلىشقا كۈچۈمنىڭ بارىچە ئىنتىلەتتىم. ئاتا-بوۋىلىرىمدىن تارتىپ ئىسلام دىنىغا ئىشىنىپ كەلگەن بىر ئائىلىنىڭ بۇلارنىڭ تەسىرى، تەربىيىسى ئاستىدا ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەي، باشقىچە يول تۇتۇشى مۇمكىنمۇ؟ مېنىڭدىن، ئىسلامنى ئەينى ۋاقىتتا ياخشى چۈشەنگەنمۇ-يوق، ياكى ئىسلام سېنى مەڭگۈ نىجاتقا ئېرىشتۈرەلەمدۇ-يوق دېگەن مەسىلە توغرۇلۇق خەۋىرىڭ بارمىدى؟ — دەپ سوراپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. جاۋابىم شۇكى، «يوق».

ئىسلامنىڭ تەلەپ-ئەقىدىلىرىنى ياخشى دەپ بىلەتتىم؛ ھەقىقەتەن بەزى جەھەتلەردە مەسىھ ئەيسانىڭ تەلىملىرىدىن ئانچە چوڭ پەرقلىرى يوق ئىدى. مەسىلەن، مەسىھ ئەيسانىڭ «تاغ ئۈستىدە بەرگەن تەلىملىرى» (ئىنجىل، «ماتتا» قىسمى، 5-7-بابلار)گە ئوخشاش ئىسلامدىمۇ ئۆزىمىزنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكى، بەزى ئەھۋال ئاستىدا نېمە قىلىشىمىز كېرەكلىكى قەيت قىلىنغان ياخشى دەۋەتلەرنى تاپالايمىز. ئەمما مۇسۇلمان بولۇپ قىلغان ئىشلىرىمنىڭ قانداق نەتىجىسى بولار دېگەن مەسىلە توغرۇلۇق دائىم بېشىمنى قاتۇراتتىم. مەن قايتا-قايتا ئويلىغان ئىككىنچى مەسىلە شۇكى، مېنىڭ ئىسلام يولىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشىمنىڭ سەۋەبى پەقەتلا كىچىكىمدىن تارتىپ شۇنداق تەربىيە ئالغانلىقىمدىن ئىبارەت، خالاس؟ ئەمەلىيەتتىنمۇ، ئەھۋال ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مېنىڭ دىنىغا ئىشىنىش-ئىشەنمەسلىكىم بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوقتەك كۆرۈنەتتى. ئېھتىمال مەن بۇنداق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىردىنبىر ھىندونېزىيەلىك ئەمەستۇرمەن، چۈنكى بۇ مەملىكەتتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەمر-مەرۇپلەرگە ماڭا ئوخشاشلا رىئايە قىلىدۇ — چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ئاتا-ئانىسىدىن قوبۇل قىلغان ئىمانى بولغانلىقىدىندۇر، خالاس.

گەرچە تولۇق تەسۋىرلەپ بېرەلمىسەممۇ، مېنىڭ مەسىھلىك ئېتىقادقا قانداق جەلپ قىلىنغانلىق جەريانىنى سىزگە دەپ بەرگۈم بار. مەن دائىم بۇنداق ئىشنىڭ مەندە يۈز بەرگەنلىكىدىن ھەيران قالىمەن، ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى،

بۇ خۇدانىڭ مېنى قۇتقۇزۇشتىكى پىلانى ئىدى. مېنىڭ مەسىھ ئەيسانىڭ يولىغا كىرىش جەريانىم بەك ئاددىي بولدى. مۇقەددەس كىتابنى (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل) كۆتۈرىۋالغان بىر ئادەم ئاكامنى يوقلاپ كەلدى، ئۇلار ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقان ۋاقىتتا مەن ئۇ كىتابنى ئوقۇدۇم. مەن ئۇنى ئوقۇپ ئىنتايىن ھۇزۇرلاندىم، يەنە كېلىپ ئۇنىڭدىن نۇرغۇن چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ئەمما كۆپ ئوقۇيالمىدىم. ئۇ ئادەم كىتابنى ئېلىپ كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا شۇنچە قىزىقىپ قالغانىدىم، ئۇنى ئوقۇشقا شۇنچە تەقەززا بولدۇم، مەسىھ مۇخلىسى جامائىتىنىڭ ئاقساقىلىنى تېپىپ ئۇنىڭدىن بىر مۇقەددەس كىتابنى ئارىيەتكە ئالدىم. ئۇ مېنىڭ مەسىھىي ئەمەسلىكىمنى بىلىپ ھەيران قالدى.

مۇقەددەس كىتابنى قايتا-قايتا ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى سىرلارنى كۆپرەك چۈشىنىشكە تولىمۇ تەقەززا بولدۇم. تەۋراتتىكى «يارىتىلىش» ۋە ئىنجىلنىڭ «ماتتا» دېگەن قىسىملىرى بولۇپمۇ مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، ئوقۇغانلىرىمنى ئىشلىتىشكە ئارزۇيۇم كۈچلۈك ئىدى. ئەمما بۇ توغرىسىدا ھېچكىمگە گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ياردەم تەلەپ قىلىدىغان ياكى مەسىھ مۇخلىسى تۇرمۇشى توغرىسىدا سورايدىغان دوستۇممۇ يوق ئىدى. ئۆز كۆڭلۈم توختاۋسىز ھالدا مېنى مەسىھ مۇخلىسى جامائىتىگە قاتنىشىشنى دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، مۇخلىس جامائىتىنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىشتىن ئۆزۈمنى تارتتىم.

ئاخىر مەن گەرچە بىرمۇ مۇخلىس يىغىنىغا قاتنىشىپ باقمىغان، مەسىھىيلەرنىڭ ئەقىدە-يوسۇنلىرىدىن خەۋەرسىز بولساممۇ، ئۆزۈمنىڭ مەسىھكە باغلىغان ئېتىقادىمنى ئېتىراپ قىلىپ، مەسىھىي مەكتەپتىكى ياش مۇخلىسلار ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر كۇرسقا قاتناشتىم. بىر يىلدىن كېيىن ياتاقلىق مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدۇم. بىزنىڭ ياتاقتىكى باشقا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى مۇخلىسلار بولۇپ، ئۇلار يىغىنغا بارغاندا مەنمۇ بىللە باردىم. بۇ بولسا ئۆز ھاياتىمنى خۇداغا تاپشۇرىدىغان جەريانىنىڭ باشلىنىشى ئىدى. مەن ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئىشەنگۈچىلەر بىلەن يېقىن ئالاقىلىشىشنى قارار قىلدىم. يىغىنلاردا ئاكتىپ رول ئويناشقا، ئاتا-ئانامنىڭ ئالدىدا ئېتىقادىمنى ئېتىراپ قىلىپ، جۈرئەتلىك ۋە تىنچ، ئوچۇق-ئاشكارا ياشاشقا باشلىدىم.

يولۇمدا تۇسالغۇلار تېخى كۆپ ئىدى، چۈنكى ئۆيۈمدىكىلەر مېنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچىلار چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولغىنىمنى بىلگەندىن كېيىن، گەرچە ئۇلار يىغىنغا قاتنىشىشقا ۋە شۇ يەردىكى ھەرىكەتلەرگە ئارىلىشىشىمغا قارشىلىق قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇلار مېنى چۆمۈلدۈرۈلۈشكە رۇخسەت قىلمىدى (مەن تېخى ئون سەككىز ياشقا كىرمىگەن). شۇ چاغدا مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىشنى خالىمىدىم. مەن چۆمۈلدۈرۈلۈشنىڭ ئۆزى مەسىھ ئەيساغا بولغان ئېتىقادىمىزنىڭ ئاساسى ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدىم؛ يىغىنغا قاتنىشىش ۋە مۇخلىس جامائىتى ئىچىدە پائالىيەتتە بولۇشنى داۋام قىلدىم، مېنىڭ نۇرغۇن مۇخلىس بولغان دوستلىرىم بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەسىھ مۇخلىسلىرىنىڭ «ئۆملۈكىنى» بىلگەنسېرى مېنى بەك جەلپ قىلغانىدى. مەسىھكە ئىشىنىشتىن ئىلگىرىكى پۈتۈن تەشنالىقىم دەل شۇ ئىدى.

تۆت يىلدىن كېيىن، گەرچە ئېتىقادىم سەۋەبىدىن ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بولساممۇ، چىن قەلبىم، پۈتۈن جېنىم، قەتئىي ئىرادە بىلەن چۆمۈلدۈرۈلۈشنى تەلەپ قىلدىم، مۇخلىسلار تەلىپىمنى قوبۇل قىلدى. مەن چۆمۈلدۈرۈلدۈم. بۇ باسقۇچتىن كېيىن مەن باشقا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ كەچۈرىدىغان سائادەتلىك تۇرمۇشىغا تەشنا بولدۇم. مەندە زور خۇشاللىق، چوڭقۇر خاتىرجەملىك، تولۇق قانائەت ۋە غەيۇرلۇق پەيدا بولدى. ئۆزۈمنىڭ بۇ ئېتىقادنى نېمىشقا قوبۇل قىلغانلىقىمنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئېھتىمال بۇنى چۈشىنىشكە پەقەت بىرمۇ سەۋەب كۆرسىتىپ بېرەلمەيمەن، چۈنكى خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئەزەلدىن ھازىرقىدەك شۇنچە يېقىن بولۇپ باقمىغان. ئىشقىلىپ كۆڭلۈمدە خاتىرجەملىكنىڭ بولۇشى خۇدانىڭ پىلانىغا كۆپرەك بويسۇنغانلىقىمدىندۇر.

خۇدا ئالدىدا تۇرۇشقا لايىق كىشى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغانلىقىم ئۆز-ئۆزۈمدىنمۇ؟ مەن گۇناھكار بولغانلىقىمنى چۈشەنگەنلىكىم ئۈچۈن پەخىرلىنىشىم كېرەكمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما مەن مەندىن ئىلگىرىكى باشقا مۇخلىسلارنىڭ مەسىھ ئەيسانىڭ مۇھەببىتى ئىچىدە ياشىغىنىدەك ياشاش تەشنالىقىم بار، چۈنكى مەسىھ مۇخلىسى بولۇپ بېشىمدىن ئۆتكۈزگەن ئىشلار ئىلگىرىكى ئىشلارغا زادى ئوخشىمايدۇ. مەن خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ

ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدىم. خۇدا دۇئالىرىمنى ئاڭلاپ جاۋاب بېرىپ كەلدى. بۇلار بولسا مەسىھ ئەيسانىڭ مۇھەببىتى ئىچىدە ياشىغىنىمدىن كېيىنكى ماڭا كەلگەن چوڭ ئىلھام ئىدى.

خۇدانىڭ نىجاتى (قۇتقۇزىدىغانلىقى)نىڭ خۇش خەۋىرىنى تېخى ئاڭلاپ باقمىغان كىشىلەرگە ياردەم بېرىش ئارزۇيۇم ئىنتايىن كۈچلۈك. خۇدا بۇ دۇنياغا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچىسىنى تېخى تونۇمايدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نىجاتىنى تېخى قوبۇل قىلمىغان ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە غەمخورلۇق قىلمىساق بولمايدۇ. شۇنچە كۆپ كىشىلەر خۇدانى تونۇيمەن دېگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ توغرىسىدا ئانچە-مۇنچە خەۋىرىلا بار، خالاس. ئۇلار ئۇنىڭ ئىنسانغا سوۋغات قىلماقچى بولغان نىجاتىنى تېخى قوبۇل قىلمىغان. ئۇلارنىڭ خۇش خەۋىرنى چۈشىنىشكە تېخى كۆڭلى ئېچىلمىدى، بۇ بەك ئېغىر مەسىلە. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ «ساۋابلىق ئىش»لىرىنى خۇدانى خۇرسەن قىلىشقا يېتەرلىك دەپ قارايدۇ، ئەمما قىلغان ئىشلىرىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بارلىقىنى چۈشەنمەي، خۇدانىڭ سەلتەنىتىگە بىر كۈنى ئېرىشەلەيدىغان ياكى ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى تېخى بىلمەيدۇ. شۇنداق ئادەملەرگە مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق خۇدانى ھەقىقەتەن تونۇتۇشقا ئىنتىلىشىمىز كېرەك.

ئامىن!

# 16. ۋاڭ مىڭداۋ بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىيارەت

تۆۋەندىكىسى، مۇخبىرنىڭ مەسىھ مۇخلىسى جامائەتلىرىدە ناھايىتى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئىنجىل شەرھچىسى ھەم جاكارلىغۇچىسى جوڭگولۇق ۋاڭ مىڭداۋ بىلەن ئۆتكۈزگەن زىيارەت خاتىرىسى. بۇ كىشى ئىنجىلدىكى خۇش

خەۋەرنى تارقاتقانلىق سەۋەبىدىن تۈرمىدە جەمئىي يىگىرمە ئۈچ يىل ياتقان. بۇ ئۇزۇن يىللار جەريانىدا، ئۇ بىر قېتىم ناھايىتى قاتتىق بېسىم ئاستىدا مەسىھ ئەيساغا بولغان ئېتىقادىنى ئىنكار قىلىپ، بىر پارچە «ئىقرارنامە» يازغان. شۇڭا ئۇ قويۇپ بېرىلگەن. كېيىن ئۇ ئىقرارنامە يازغىنىغا قاتتىق پۇشايمان قىلغان ۋە توۋا قىلغان، ئاندىن ئۇ يازغان ھېلىقى «ئىقرارنامە»سىنى بىكار قىلدىغانلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا جاكارلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قايتا قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان.

ئۇ بۇ تۈرمىنى «ماڭا نۇرغۇن ساۋاق بەرگەن، بۈيۈك بىر ئۇنىۋېرسىتېت» دەپ تەسۋىرلىگەن. ۋاڭ مىڭداۋ خۇدا توغرۇلۇق يىگىرمە نەچچە كىتاب يازغان. بۇ كىتابلار شاڭگاڭ ۋە سىنگاپوردا نەشر قىلىنغان. ئۇ 1993-يىلى ۋاپات بولغان.

سوئال: — «غەرب دۆلەتلىرىدە نۇرغۇن مەسىھ مۇخلىسلىرى ئۈچۈن، ئۆزىنى خارلىغان ياكى ئۆزىگە ناھەقچىلىق قىلغان كىشىلەرنى كەچۈرۈۋېتىشنىڭ ئۆزى قىيىن بىر مەسىلە. سىز ئۆزىڭىزگە زىيانكەشلىك قىلغان كىشىلەرنى قانداقمۇ كەچۈرۈۋېتەلەرسىز؟»

جاۋاب: — «ماڭا زىيانكەشلىك قىلغانلارنىڭ سەۋەنلىكىنى ئېسىمدىن چىقىرىۋەتتىم. ئۇلارنى پۈتۈنلەي كەچۈرىۋەتتىم. چۈنكى رەب ئەيسا مەسىھ بىزگە ئېيتقانكى، «ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ دۇئا قىلغىنىڭلاردا، بىرەرسىگە غۇمىڭلار بولسا، ئۇنى كەچۈرۈڭلار. شۇ چاغدا، ئەرشتىكى ئاتاڭلارمۇ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرۈم قىلىدۇ. لېكىن سىلەر باشقىلارنى كەچۈرۈم قىلمىساڭلار، ئەرشتىكى ئاتاڭلارمۇ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرۈم قىلمايدۇ» (ئىنجىل، «ماركۇس» 11-بابتىن). شۇڭا، بىز ھەرقانداق ئادەمدىن نەپرەتلەنسەك بولمايدۇ. ماڭا زىيان يەتكۈزگەن ھەربىر ئادەمنى كەچۈرەلەيمەن. مۇشۇنداق بولۇشۇم كېرەك، چۈنكى مەن ئۆزۈمۇ چوڭ بىر گۇناھكارمەن. خۇدا مېنى كەچۈرۈم قىلغان يەردە، مەن قانداقسىگە باشقىلارنى كەچۈرەلمەيدىكەنمەن؟»».

سوئال: — «تۈرمىدىكى چېغىڭىزدا، يېنىڭىزدا ئوقۇغۇدەك بىرەر مۇقەددەس كىتاب بارمىدى؟»

جاۋاب: «يوق. مەن تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن يىگىرمە ئۈچ يىل ئون ئاي جەريانىدا، مەندە ھېچقاچان بىرمۇ مۇقەددەس كىتاب ۋە ياكى ئۇنىڭ بىرەر قىسمىمۇ بولغان ئەمەس. ھەتتا بىرەر ئايەتنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان».

سوئال: — «سىز ئەسلىدە مۇقەددەس كىتابنىڭ بىرنەچچە قىسىملىرىنى يادلىۋالغان، شۇنداقمۇ؟»

جاۋاب: — «ھەئە، شۇنداق. مەن مۇقەددەس كىتابنىڭ نۇرغۇن قىسىملىرىنى، جۈملىلىرىنى يادلىۋېلىپ، ئېسىمدە چىڭ ساقلىغان. مەن ئۆزەمنى مۇقەددەس كىتاب بىلەن بەك يېقىن تونۇش ئادەم دەپ ھېسابلىمايمەن. ئەمما نۇرغۇن ئۇزۇن ئابزاسلارنى يادقا ئېلىشقا ئۆزۈمنى كۆندۈرۈۋالغاندىم. شۇڭا تۈرمىدىكى چاغلىرىمدا ئۇ ئايەتلەرنى ئاسانلا ئېسىمگە كەلتۈرەلەيتتىم. گەرچە يېنىمدا مۇقەددەس كىتاب يوق بولسىمۇ، لېكىن باردەكلا تۇراتتى، چۈنكى نۇرغۇن ئايەتلەر ئېسىمدە ساقلاقلىق ئىدى. مېنىڭدە مۇقەددەس كىتاب بار بولغان بولسا، ئەلۋەتتە تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. بەزىدە بەزىبىر تەپسىلىي يەرلىرىنى ئېسىمگە كەلتۈرەلمەيتتىم. ئەمما مۇھىم تەلىملىرىنى ھەم خۇدانىڭ ئىنسانغا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئەسلەپ، ئۇلارنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنى ئويلاش بىلەن ئۇزۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزەتتىم. مەن ئىلگىرى نۇرغۇن مەدھىيە ناخشىلىرىنىمۇ خەنزۇچە ھەم ئىنگلىزچە يادلىۋالغاندىم. بۇ ناخشىلارنىڭ پۈتۈن كۇپلېتىنى ئەمەس، بەلكى ئىككى-ئۈچ كۇپلېتلىرىنى يادلىيالايتتىم. مەن تۈرمىدە شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت يېتىشمىنى ھەرگىزمۇ ئويلاپ باقمىغاندىم. ئۇزۇن يېتىشمىنى بىلگەن بولسام، ئىنتايىن كۆپ ئايەتلەرنى، مەدھىيە ناخشىلارنى يادلىۋالغان بولاتتىم».

سوئال: — «سىز تۈرمىدە مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئېيتاتتىڭىزمۇ؟»

جاۋاب: — «ھەئە. ئەمما مەن باشقىلارغا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن دەپ پەس ئاۋازدا ئېيتاتتىم. مەن ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئېيتاتتىم. مەن: «مەن مەسىھ ئەيسانىڭ قويىندا» ھەم «قۇتقۇزغۇچىم مېنى يېتەكلەپ يولدىن ئۆتكۈزىدۇ» دېگەن ناخشىلارنى بەك ياخشى كۆرەتتىم.

سوئال: — «ئاشۇ جاپالىق يىللاردا ئېتىقادىڭىزدا قانداقمۇ چىڭ تۇرالىدىڭىز؟ نېمە ئىش سىزگە مەدەت بەردى؟ مۇقەددەس كىتابنىڭ پەۋقۇلاددە سۆزىمۇ؟»

جاۋاب: — «مۇقەددەس كىتابتىن يادلىۋالغان نۇرغۇن ئايەتلەر ماڭا كۈچ بەردى.

ئەمما پەۋقۇلئاددە بىر سۆزمۇ بار. ئۇ تەۋراتتىكى «مىكاھ پەيغەمبەر» قىسمىنىڭ 7-بابىدىكى: —

«بىراق مەن بولسام، پەرۋەردىگارغا قاراپ ئۈمىد باغلايمەن؛
نىجاتىمنى بەرگۈچى خۇدانى كۈتىمەن؛
مېنىڭ خۇدايىم مېنى ئاڭلايدۇ.
ماڭا قاراپ خۇش بولۇپ كەتمە، ئى دۈشمىنىم؛
گەرچە مەن يىقىلىپ كەتسەممۇ، يەنە قوپىمەن؛
قاراڭغۇلۇقتا ئولتۇرسام، پەرۋەردىگار ماڭا يورۇقلۇق بولىدۇ.
مەن پەرۋەردىگارنىڭ غەزىپىگە چىداپ تۇرىمەن —
چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئالدىدا گۇناھ سادىر قىلدىم —
ئۇ مېنىڭ دەۋايىمنى سوراپ، مەن ئۈچۈن ھۆكۈم چىقىرىپ يورگۈزگۈچە كۈتىمەن؛
ئۇ مېنى يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ؛
مەن ئۇنىڭ ھەققانىيلىقىنى كۆرىمەن...»».

سوئال: — «سىزنىڭ تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن ئەڭ بەختلىك ۋاقتىڭىز قايسى؟»

جاۋاب: — «ماڭا بېرىلگەن سىناق ۋە زەربىلەر كۆپەيتىلگەنسېرى، خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن مېھىر-شەپقىتى شۇنچە زور بولدى.

مەن بىر قېتىم ئېزىپ كېتىپ، رەببىمدىن تانغانىدىم. ئەمما شۇ قېتىمقى ئېزىشتىن كېيىن، مۇقەددەس كىتابنىڭ ئۇلۇغ سۆزلىرى دائىم ئېسىمگە كېلىۋېلىپ، ماڭا قايتا كۈچ بەرگىلى تۇردى. خۇدا ئۆزىنىڭ سۆزى بىلەن مېنى قايتا ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى. روسۇل پېترۇسمۇ رەب ئەيسادىن بىر قېتىم تېنىۋالغانىدى. مەن بولسام، ئۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل تېنىپ گۇناھ سادىر قىلدىم. ئەمما خۇداغا تەشەككۇر، روسۇل پېترۇس ئاچچىق ياش تۆكۈپ، تۇۋا قىلغاندىن كېيىن كەچۈرۈم قىلىنغان. ئەمما مەندە بولسا كۆز ياشلار يوق ئىدى، لېكىن كۆڭلۈم ئېغىر دەرد-ئەلەمگە تولغانىدى. ئاخىرى مەن ئۆزۈمنىڭ گۇناھلىرىمنى ئىقرار قىلىپ، تۇۋا قىلدىم. رەببىم مېنىمۇ كەچۈرۈم قىلدى. ئېچىنىشلىق ھالدا يولدىن ئېزىپ كەتكەن بولساممۇ، روسۇل پېترۇستەك مەنمۇ ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، رەبنىڭ يېنىغا قايتالىدىم. پېترۇسنىڭ بېشىدىن

ئۆتكەن بۇ ئەھۋال مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ، ماڭا تەسەللى بەردى. بۇ، بىر ئادەم يىقىلىپ كېتىشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى تونۇپ يېتىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رەبنىڭ بۇ ئادەمنىڭ ئاجىزلىقىغا خاتىمە بېرىپ، ئۇنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىشى بىلەن ئۇنى كۈچلۈك قىلالايدىغان قابىلىيىتىنىڭمۇ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. روسۇل پاۋلۇس: «(ماڭا ئامانەت قىلىنغان) مۆشۈ ۋەھىيلەرنىڭ زور ئۇلۇغلۇقى تۈپەيلىدىن كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن ئەتلىرىمگە سانجىلغان بىر تىكەن، يەنى مېنى ئۇرۇپ تۇرسۇن دەپ شەيتاننىڭ بىر ئەلچىسى ماڭا تەقسىم قىلىنغان؛ بۇنىڭ مەقسىتى، مېنىڭ كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈندۇر. بۇنىڭ توغرىسىدا ئۈچ مەندىن كەتسۇن دەپ رەبگە ئۈچ قېتىم يېلىندىم؛ لېكىن ئۇ ماڭا: «مېنىڭ مېھىر-شەپقىتىم ساڭا يېتەرلىك؛ چۈنكى مېنىڭ كۈچ-قۇدرىتىم ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىدا تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ» — دېدى. شۇڭا مەن مەسىھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ۋۇجۇدۇمدا تۇرسۇن دەپ ئاجىزلىقلىرىمدىن ماختىنىشنى تېخىمۇ خۇشلۇق بىلەن تاللىۋالىمەن؛ شۇڭا مەن مەسىھ ئۈچۈن ئاجىزلىقلارنى، ھاقارەتلەرنى، قىيىنچىلىقلارنى، زىيانكەشلىكلەرنى ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى خۇرسەنلىك دەپ بىلىمەن. چۈنكى قاچان ئاجىز بولسام، شۇ چاغدا كۈچلۈك بولىمەن» — دېگەن (ئىنجىل، «كورىنتلىقلارغا» 2-مەكتۇپ، 12-بابتىن).

مەن ئۆزۈم بىر مەزگىل مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغانىدىم، ئەمما خۇداغا شۈكرى، مەغلۇبىيىتىم خۇدانىڭ مېھىر-شەپقىتى بىلەن غالىبىيەتكە ئايلاندى. مەن بۇ دۇنياغا، پەقەت رەببىم توغرىسىدىلا چوڭ سۆزلىيەلەيمەن. بۇ بارلىق غەلىبىلەرنىڭ غالىبىيەتچىسى يالغۇز ئۇدۇر. خۇدا يەرەمىيا پەيغەمبەر ئارقىلىق مۇنداق دېگەن: —

«دانا كىشى دانالىقى بىلەن، كۈچلۈك كىشى كۈچلۈكلىكى بىلەن، باي بايلىقلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ ماختانمىسۇن؛ پەخىرلىنىپ ماختانغۇچى بولسا شۇنىڭدىن، يەنى مېنى، يەر يۈزىدە مېھىر-مۇھەببەت، ئادالەت ۋە ھەققانىيلىقنى يۈرگۈزگۈچى مەن پەرۋەردىگارنى تونۇپ يەتكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ ماختانسۇن؛ چۈنكى مېنىڭ خۇرسەنلىكىم دەل مۇشۇ ئىشلاردىندۇر، — دەيدۇ پەرۋەردىگار».

مەن پەقەت ئېغىر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىنلا خۇدايىمغا قانداق تايىنىشنى ئۆگەندىم. شۇڭا، مەن بوگۈن ئۆزۈمنىڭ كۈچى ۋە ئىرادىسىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدايىمدىن پەخىرلىنىپ چوڭ سۆزلەيمەن — يىقىلىپ كەتكىنىمدىن كېيىن ئۇنىڭ مېنى يەنە قانداق قىلىپ، ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ، كۈچلۈك ئادەم قىلغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەيمەن. مەن بوگۈن يىگىرمە يىل ئىلگىرىكى ئۆزۈمدىن كۈچلۈكمەن».

سوئال: — «بۇ ئۇزۇن يىللار جەريانىدا، سىز باشقا ئىشەنگۈچىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرالىدىڭىزمۇ؟»

جاۋاب: — «مەن سىرتتىن ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدىم. ئائىلەم بىلەن ئوغلۇمدىن باشقا، ھېچكىمنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىم يوق. ئەمما ئۇ ئىككىسى خەتكە ئارتۇقچە گەپ يازالمايتتى. مەنمۇ شۇنداق ئىدىم، مۇشۇنداق قىلغاندىلا خېتىم ئاسان يوللىناتتى. شۇڭا مەن سىرتتىكى ئىشلاردىن تامامەن دېگۈدەك خەۋەرسىز ئىدىم.

سوئال: — «رەب ئۆز ئىرادىسى بىلەن سىزنى تۈرمىدە يېتىشقا بۇيرۇغان. بۇنىڭدا بىر خاتالىق بار دەپ قارامسىز؟».

جاۋاب: — «ياق. خۇدا ھېچبىر خاتالىق ئۆتكۈزمىگەن. بىز ئىنجىلدىكى رىملىق جامائەتكە يېزىلغان مەكتۇپتىن: «**شۇنداقلا شۇنى بىلىمىزكى، پۈتكۈل ئىشلار خۇدانى سۆيىدىغانلارنىڭ، يەنى ئۇنىڭ مەقسەت-مۇددىئاسى بويىچە چاقىرىلغانلارنىڭ بەخت-بەرىكىتىگە بىرلىكتە خىزمەت قىلماقتا» دەپ بىلىمىز**».

سوئال: — «سىز تۈرمىدە ياتمىغان بولسىڭىز، رەبنىڭ خىزمىتىدە تېخىمۇ كۆپرەك بولغان بولمامتىڭىز؟»

جاۋاب: — «ياق، مېنىڭ تۈرمىدە ياتقاندىكى قىلغان خىزمىتىم، تۈرمىدە ياتمىغاندىكى قىلغان خىزمىتىمدىن كۆپ ھەم ئۈنۈملۈك بولدى».

سوئال: — «سىز تۈرمىدە ياتقىنىڭىزدا كۆپ تاياق يېدىڭىزمۇ؟»

جاۋاب: — «كەچۈرۈڭ، بۇ توغرىسىدا گەپ قىلغۇم يوق. ھەممىنى خۇدا بىلىدۇ. كەلگۈسىدىكى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئاشۇ چاغلاردىكىگە قارىغاندا كۆپ ياخشى بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، شۇڭا ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ

ئۆلتۈرۈشنى خالىمايمەن».

— «رەھمەت سىزگە. قىلغان سۆزلىرىڭىز بىزگە چوڭقۇر ئىلھام بولسۇن!».

تۆۋەندىكى «گوۋاھلىقلار» شەرقىي جۇڭگودىكى بىر «مەسىھ مۇخلىس جامائىتى»دىكىلەرنىڭ بايان قىلغان بەزىبىر ئىش-ۋەقەلىرىدىن ئېلىنغان. بۇ ئىشلاردىن خۇدانىڭ ئۆز قوۋمىغا يەتكۈزگەن مېھىر-شەپقىتىنى ۋە مۇشۇ ئىشلار ئارقىلىق ئۇنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بولغان مېھىر-مۇھەببىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق كۆپ قىممەتلىك بايانلار «جۇڭگودىكى مەسىھ مۇخلىس جامائەتلىرىنىڭ يېقىنقى ئەھۋاللىرى» دېگەن بىر كىتابچىدىن تېپىلىدۇ.

# 17. راك كېسەللىكىنىڭ ساقايتىلىشى

«بىزنىڭ ئىچىمىزدە خۇاڭ فامىلىلىك بىر ئەپەندى بار. ئۇ ئەسلىدە بۇتپەرەس ئىدى. ئۇ بۇددا دىنىدا چىڭ تۇرغانىدى. كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاشقازىنى ھېچقانداق تاماقنى سىڭدۈرەلمەي، كۆڭلى ئېلىشىپ، قۇسۇپلا يۈرەتتى. ئۇ دوختۇرغا ئۆزىنى ئۆزۈل-كېسىل تەكشۈرتكۈزگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جىگەر راك كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى توغرىسىدىكى دىئاگنوزنى ئالدى ھەم كېسەللىكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ، داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتى.

خۇاڭ ئەپەندى ئۆز يۇرتىغا يېقىن بىر يېزىغا بېرىپ، شۇ يەردە ئۆز ئۆلۈمىنى كۈتتى. ئۇ تۇرۇۋاتقان يەردە يەنە بىر دوختۇرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ، بىر تەكشۈرتۈپ بېقىش ۋە ياكى ھاياتىنى ئۇزارتىدىغان بىر دورا ئېلىش ئۈمىدىدە ئۇنىڭغا كۆرۈندى. بۇ دوختۇر بولسا مەسىھ مۇخلىسى ئىدى. بۇ دوختۇر ئالدىنقى دوختۇرنىڭ «جىگەر

راك، ئاخىرقى باسقۇچ، داۋالاپ ساقايتىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەن دىئاگنوزىنى يەنە بىر قېتىم جەزملەشتۈردى.

بۇ مەسىھىي دوختۇر خۇاڭ ئەپەندىگە ھاياتنى ئۈزارتىدىغان دورىنىڭ يوقلىقىنى، لېكىن ئۇنىڭ مەسىھ ئەيساغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا تايانسا مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن تەپسىلىي ھالدا ئۇنىڭغا ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى چۈشەندۈردى ۋە ئۇنىڭغا رەب ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىشنى دەۋەت قىلدى. دوختۇر ئۇنىڭغا: خۇدا مەسىھ ئەيسانى پۈتۈن ئىنسانىنىڭ رەببى ۋە قۇتقۇزغۇچىسى قىلىپ تىكلەپ، ئۇنى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈپ، ئالەمنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئورنىغا كۆتۈردى، دەپ چۈشەندۈردى. شۇڭا ئەيسا ئۆزى خالىسىلا، ھەرقانداق كېسەلنى ساقايتىدىغان قۇدرەتكە ئىگە. «ئەمما مەسىھ ئەيسانىڭ سىزنىڭ كېسىلىڭىزنى ساقايتىش-ساقايتماسلىقى مۇھىم ئەمەس» — دېدى دوختۇر، «مۇھىمى، سىزنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشىڭىز».

«مەن مەسىھ ئەيساغا ئىشىنىشنى خالايمەن» — دېدى خۇاڭ ئەپەندى. دوختۇر يەنە بىر مەسىھ مۇخلىسىنى چاقىرتىپ كىردى، ئۈچەيلەن ئىشخانىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خۇاڭ ئەپەندى مەسىھ ئەيسادا يېڭى بىر ئادەم بولۇپ چىقتى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىشى بىلەن ئائىلىگە مەسىھ ئەيساغا ئىشەنگەنلىكىنى ئېيتتى، ھەم ئائىلىدىن ئۆيدىكى ھەممە مەبۇدنى كۆيدۈرۈپ تاشلىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئائىلە يولدىشىنىڭ ئۈمىدسىز ئەھۋالىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى.

شۇندىن باشلاپ، خۇاڭ ئەپەندىنىڭ ئەھۋالى كۈندىن كۈنگە تېخىمۇ ناچارلىشىپ كەتتى. ھەر كۈنى كەچتە، ئۇ ئائىلە بىلەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىللە دۇئا قىلاتتى. ئۇ جىسمانىي جەھەتتىن بېشىدىن ئازابلىق ئىشلارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن رەبكە رەھمەت ئېيتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاغرىقى دەھشەتلىك تۈتقاندى. ئائىلە ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازراق قۇۋۋەتلىك توخۇ شورپىسى قىلىپ بەردى، ئەمما كېسەل تېخىمۇ يامانلىشىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ كېيىنكى نەچچە ھەپتە ئىچىدە تېخىمۇ

ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ دەپنە تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى. جەسەت ساندۇقىنىمۇ ئېلىپ قويىدى، ھەتتا بىر دۆڭنىڭ يېنىدىن گۆر كولاپمۇ قويدى.

ئۇ بىر كېچىسى ئۇخلاۋېتىپ، چۈشىدە ئاپئاق تون كىيىۋالغان بىر كىشىنى كۆردى. بۇ كىشى قولىدا پىچاق تۇتقان ھالدا تۇراتتى. ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپلا، خۇۋاك ئەپەندى ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى. بىراق ئاق تونلۇق كىشى ئۇستىۋاللىق بىلەن ئۇستۈنلۈككە ئېرىشىپ، ئۇنىڭغا پىچاقنى تەڭلىگۈزدى. ئەتىسى ئۇ سائەت سەككىزدە ئويغاندى. ئويلىمىغان يەردىن، ئۇزۇندىن بېرى تۇنجى قېتىم قورسىقى ئاچقاندەك بولدى. ئازراق توخۇ شۇرپىسى ئىچكەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ئۇخلاپ قالدى. ئويغانغىنىدا ئالامەت بىر كۆرۈنۈشنى كۆردى؛ ئىككى ئاق تونلۇق كىشى كارىۋىتىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. بۇ ئىككى كىشى ئۇنىڭغا: «سەن ساقايدىڭ» — دېدى. ئۇ قولى بىلەن ئۆزىنى سىلىغانىدى، بەدىنىدىكى ئىششىقنىڭ يانغانلىقىنى بايقىدى. ئۇنىڭ قورسىقى ناھايىتى ئېچىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ چوڭ بىر چىنە تاماقنى يەۋەتتى. ئۇنىڭ ئاكىسى ئۇنى «ئاخىرقى قېتىم يوقلاش ئۈچۈن» كەلگىنىدە، ئىنىسىنىڭ تېتىك ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن ھەيران قالدى. ئۇ ئىنىسىغا ئاخشامقى بولغان ئىشلارنى بايان قىلىپ، تېنىنىڭ پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ۋەقەنى بىلىپ، مەبۇدلىرىنى چېقىپ تاشلاپ مەسىھ مۇخلىسى بولۇشقا باشلىدى.

# 18. «ھەيران قالدىم!»

# (ئىرلاندىيىدىن گۈۋاھلىق سۆزلەر)

*«مەن تۇرمۇشتا ئىزدەپ يۈرگەن، قەلبىم سىزمىگەن تەشنانى تاپتىم. بۇ ئەرشتىكى ئاتام، مەسىھ ئەيسادا ئاشكارىلانغان ھەممىدىن قادىر خۇدا ئىدى...»*

ھەيرانمەن! راست، مەن ھەقىقەتەن ھەيران قالدىم. مەن دەل ئۆزۈم ئىزدىگەن نەرسىنى تاپتىم. كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئىزدەپ تاپالىشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، ئەمما كۆتۈلمىگەن يەردىن ئىزدەپ يۈرگەن نەرسەم، يەنى ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى تېپىۋالغىنىمدا، بېشىم ئاسمانغا تاقاشقۇدەك دەرىجىدە خۇشال بولۇپ كەتتىم.

ياشلارنىڭ كۆپىنچىسىگە ئوخشاش، مەن ئىزدەنمەكتە ئىدىم، ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتىنى ئازراق بولسىمۇ چۈشىنىۋېلىشقا تىرىشىۋاتاتتىم. ياشلىقتا بولىدىغان زوقلار، شۇنداقلا بارغانچە ئېشىۋاتقان بىلىملەر مېنىڭ كۆڭلۈمنى تەشنا قىلىدىغان: «مەن زادى كىم؟» «نېمىشقا بۇ دۇنياغا كەلگەنمەن؟» دېگەن سوئاللىرىمغا قانائەتلەندۈرگۈدەك جاۋاب بېرەلمەيتتى.

ئويۇن-تاماشا، تانسا كېچىلىكى، ھاراق ئىچىش، ھەرخىل ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتلەرگە دوست-بۇرادەرلىرىم بىلەن بىللە قاتنىشىش، يېگىدىن ئېرىشكەن ئەركىنلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياشلىق ھاياتىمغا خېلى كۆپ زوق تۇيغۇلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئەمما كۆڭۈللۈك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ تۇرغان بولساممۇ، شۇنداقلا نۇرغۇن كىشىلەر ماڭا ھەمراھ بولغان بولسىمۇ، لېكىن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بىرخىل يالغۇزلۇق تۇيغۇسى بار ئىدى، شۇنداقلا ئېرىششىم مۇمكىن بولمايدىغان نېمىدۇر بىر نەرسىگە چوڭقۇر تەشنالىقىممۇ بار ئىدى. كۆتۈلمىگەن يەردىن مەن ئۇ نەرسىنى تېپىۋالدىم. ئاھ، شۇ چاغدىكى شادلىقىم ئالەمگە سىغماي قالدى بولغاي!

بۇنىڭدىن بەكرەك كارامەت ئىش شۇكى، بۇ شادلىقنى ئويلىمىغان يەردىن تاپتىم.

ئىسمىمنى بىلگەندىن تارتىپ مەن خۇداغا ۋە ئۇ ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچىسى «مەسىھ» ئەيساغا ئىشىنىپ كەلدىم. مەن خۇدادىن قورقاتتىم؛ خۇدادىن بولغان شۇ قورقۇنچۇم دەرۋەقە مېنى گۇناھنىڭ ئەڭ رەزىللىرىدىن ساقلاپ كەلگەنىدى. ئەمما ماڭا نىسبەتەن خۇدا بەك يىراق ئىدى. ئىنسانلار ئۇنى تونىيالايدۇ، دەپ ئويلاپ باقمىغانمەن. ئۇ بولسا ئەرشتە، پاك-مۇقەددەس، كۈچ-قۇدرەتلىك، ئۇلۇغ. مەن بولسام يەردە، كىچىك، ئەرزىمەس، گۇناھكار. ئەمما ئۇشتۇمتۇت ئۇ مەسىھ

ئەيسا ئارقىلىق ماڭا ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى. چوڭقۇر ھاڭلاردىن ئۇنىڭ مېنى تارتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم، ئەمما بۇلارنى چۈشەنمىدىم. دەسلەپتە خۇدانىڭ چاقىرىقىنى ئۆزۈمدىكى دىن بىلەن ئارىلاشتۇردۇم. ئەسلىدە مەن بۇ دىنىي پائالىيەتلەرنى ئاساسەن توغرا دەپ قارايتتىم. ئەمما ئۇلارنى زېرىكەرلىك ۋە بەربىر قەلبىمدىكى ئىزدىنىشلىرىم بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارايتتىم. مەن «خۇدا» ۋە «دىن» چوقۇم بىر، دەپ قارايتتىم. خۇدا مەندىن يىراق، ئۇنى تونۇغىلى بولمايتتى ــ بىراق توساتتىن، ئۇنى تونۇپ قالدىم. مەن ئۇنى «ئاتام» دەپ تونۇدۇم، ئۇنىڭ ماڭا باغلىغان مۇھەببىتىنى بىلدىم. مەن بىر مەست بولۇپ قالغان، ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ئادەمدەك بولۇپ قالدىم، قەلبىم بولسا يېقىنلاشقىلى بولىدىغان، مۇھەببەتلىك، كارامەت، ئۇلۇغ بىر خۇدانى تونۇش بىلەن تولغانىدى. ماڭا بۇنداق كارامەت ئىشلار قانداقلارچە نېسىپ بولغاندۇ؟!

بۇ شادلىقنى تېپىشىمنىڭ جەريانى مۇنداق: —

بىر يىل ئىلگىرىلا ئۆزۈم ئۆز دىنىي ئېتىقادلىرىمغا سادىقلارچە بېرىلىشكە ئەستايىدىللىق بىلەن تىرىشقانىدىم. گەرچە مەن ئەسلىدە ھەقىقەتەن خۇداغا ئېتىقاد قىلغان بولساممۇ، بۇ ئىشنى دىنىي تۇرمۇشۇمغا مۇناسىۋەتسىز دەپ قارايتتىم. شۇ چاغدا بەزى ئۆزۈم ھۆرمەتلەيدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن يەنە «تىرىشىش»قا دەۋەت قىلىنىپ رىغبەتلەندۈرۈلدۈم، دەسلەپكى ئۈچ ئايدا مەن قەلبىمنىڭ بارىچە ئىنتىلىپ تۇردۇم. نەتىجىدە كۆڭلۈم تېخىمۇ قۇرۇق بولۇپ قالدى، دىننى گەرچە ياخشى ئىش دەپ قارىغان بولساممۇ، مېنى ئۆزگەرتەلمىدى، كۆڭلۈمدە ياكى ھاياتىمدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالمىدى.

مەن يۈرتۈمدىن سىرتلارغا باردىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەقىقەتەن ئاقكۆڭۈل، مېھرىبان ۋە ھەققانىي بەزى كىشىلەرگە ئۇچرىدىم. ئۇلار دوستانە ھالدا خۇدا توغرىسىدا گەپ قىلاتتى، خۇدانى «ئاتا» دەپ ئاتاپ سۆزلەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنىڭ مەركىزى ۋە نىشانى خۇدا ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەيتتى. مەن بىر يىل ئىلگىرىكى ئۈچ ئايلىق ئىنتىلىشىمنى ئېسىمگە ئېلىپ، مۇنداق تىرىشىشىمنىڭ ماڭا ھېچقانداق پايدىسى بولمىغۇدەك دەپ ئويلاپ، ئۇ ئادەملەرنى

ساراڭ ياكى ھېچ بولمىغاندا ئەخمەق دەپ قاربدىم.

ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، گۇناھ ئىنسانلارنى خۇدانى تونۇشتىن يىراقلاشتۇردىكەن، ئەمما ئەيسا مەسىھ ئىنسانلارنىڭ گۇناھىنىڭ يۈكىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش ۋە ئىنسانلارنى ئەرشتىكى ئاتىسى بولغان خۇدا بىلەن يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ دۇنياغا كەلگەنىدى. مەن بۇ بۇرۇنقى تەلىملەرنى بەك غۇۋا ئەسلىيەلەيتتىم، ئەمما بۇ ئىش ھاياتىمغا ئەسلىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ھازىر مەن بىر كىشىنىڭ مەسىھ ئەيسانىڭ گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن مېنىڭ ئورنۇمدا كرېستتا مىخلىنىپ قۇربان بولغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلەۋاتقىنىنى ئاڭلىۋاتقانىدىم. توساتتىن مەن ئەيسانىڭ مەن ئۈچۈن قۇربانلىق بولغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدۇم. گۇناھلىرىمنىڭ رەزىللىكىنى ھېس قىلىپ، ئەيسا مەسىھكە چىدىماي قالدىم. ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن مۇھەببىتىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى شۇنچە ئۇلۇغ، شۇنچە كارامەت ئىكەن دەپ ئويلىدىم. «شۇنچە پاك، شۇنچە مۇقەددەس، شۇنچە ياخشى بىر كىشىنىڭ گۇناھىمنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ مېنىڭ ئورنۇمدا ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇشى ئادىللىق ئەمەس، ئۇنىڭدىن كۆرە مەن دوزاختا چۆشكىنىم تۈزۈك!» دەپ ۋارقىرىدىم. لېكىن ئۇنىڭ مۇھەببىتى شۇنچە بۈيۈككى، ئۇنى رەت قىلغىلى بولمايتتى، مەن پەقەتلا «رەھمەت، رەھمەت، رەھمەت» دېگەننى قايتا-قايتا دەپ، يەنە «مەن سېنىلا دەپ ياشاشنى خالايمەن» — دېيەلىدىم. مەن شۇ چاغدا خۇدا ھەقىقەتەن ھايات، ئۇ قەلبىمدە ۋە تۇرمۇشۇمدا مەن بىلەن بىللە ئىكەن دەپ تونۇدۇم.

شۇ يولدا مەن كۈتۈلمىگەن يەردىن خۇدانى تونۇدۇم. ئۇنىڭ ماڭا يېقىن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ دۇئالىرىمنى ئاڭلاپ ۋە جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلدىم. قەلبىمگە گەپ قىلىدىغان مۇقەددەس كىتاب بولغان تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىللار ئۇنىڭ ماڭا قىلغان تىرىك سۆزى بولۇپ قالدى. دەسلەپتە مەن خۇدانىڭ مەن ئۈچۈن شۇنداق ئاجايىپ ئىشلارنى قىلغانلىقىنى زادى چۈشەنمىگەنىدىم. ھەممىدىن قادىر خۇدانى بۇنداق ساددا ھالدا تونۇيالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىشكە پېتىنالمىغانىدىم. ئەمما ئۇنىڭ مەن بىلەن بىللە بولغانلىقىدىن ئىبارەت سېزىم، ئۇنىڭ مۇھەببىتى ۋە پاك-مۇقەددەسلىكى ماڭا تاغدەك كۈرۈنۈپ تۇراتتى. مەن

خۇدانى تونۇدىم. مەن ھەممىدىن شەرەپلىك، ھەممىدىن جۇلالىق مېھىر-مۇھەببەتنى تونۇدۇم.

مەن ھاياتىمدا ئىزدەپ يۈرگەن، قەلبىم سەزمىگەن تەشنانى تاپتىم. بۇ ئەرشتىكى ئاتام، مەسىھ ئەيسادا ئاشكارىلانغان ھەممىدىن قادىر خۇدا ئىدى. ئۇ ھازىردىن باشلاپ ھاياتىمدىكى بىر ھەقىقەت، ئۇ مېنى دوست تۇتقان، ماڭا يېقىن، مەڭگۈ ئايرىلماس بولغۇچىدۇر.
بۇ قىرىق يىل ئىلگىرىكى ئىش. ھېچنېمە ئۆزگەرگەن ئەمەس. بۈگۈن ئۇ ماڭا تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ كۆيۈمچان، تېخىمۇ سۆيۈملۈك، تېخىمۇ مېھرىبان، تېخىمۇ مېھىر-شەپقەتلىك كۆرۈنىدۇ.

# 19. خۇدا ۋەدىسىدە تۇرىدۇ!

***بۇنىڭدا بايان قىلىنىدىغان گۇۋاھلارنىڭ كۆپىنچىسى جۇڭگونىڭ «ئىچكى موڭغۇلىيە» ئاپتونوم رايونىنىڭ باموڭ ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەردۇر. بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن خەنزۇ موماي «بى ئانا» ھازىر بولسا جەننەتكە كەتتى. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقەتەن ئىككىنچىلىكىگە شۇ يەردىكى نۇرغۇن ھايات كىشىلەر، بولۇپمۇ شۇ يەردىكى «مەسىھ مۇخلىسلار» ھازىرمۇ گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ، ئۇلارمۇ بۇ ئىشلارنىڭ كۆپىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. يەنە نۇرغۇن كىشىلەر «بى ئانا»نىڭ بەك سەممىي، بەك ئاق كۆڭۈل كىشى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق قىلالايدۇ. بۇ باياننى «بى ئانا» ئۆزى «مەسىھ مۇخلىس يىغىنى»دا، يەنى 1989-يىلىدا سۆزلەپ بەرگەن، بۇنى بىرەيلەن كېيىنكىلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن نەق مەيداندا ئەينەن خاتىرىلەپ قالدۇرغان.***

«— ئىسمىم «بى ئانا». بۇ يەردىكى نۇرغۇن كىشىلەر مېنى شۇنداق دەپ چاقىرىدۇ. مەن بۇ يىل 82 ياشقا كىردىم. مەن 1907-يىلى بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتا-ئانام خرىستىئان (مەسىھ مۇخلىسى) بولۇپ،

ياش ۋاقتىمدىن تارتىپ تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلدىكى سۆزلەر ۋە تەلىملەر ماڭا چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن. مەن يەتتە ياشقا كىرگىنىمدە، مەسىھ ئەيسانىڭ پۈتۈن ئىنسان ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنىپ، ئىنسان گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ چۈشەندىم. مەن ئۆزۈمنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىمنى ئېتىراپ قىلىپ، خۇداغا تىزلىنىپ ئۇنىڭ مېنى كەچۈرۈم قىلىشىنى، ماڭا بىر يېڭى دىلنى، يېڭى روھنى مۇقەددەس روھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئارقىلىق ئاتا قىلىشىنى دۇئا قىلىپ ئۆتۈنگەنىدىم. ئۇ مېنىڭ كىچىك بالىلىق دۇئايىمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغان. مەن دەرھال گۇناھلىرىمنىڭ كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىنى، خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنىڭ كۆڭلۈمدە بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم.

خۇدا مۇقەددەس كىتابتا، بولۇپمۇ ئىنجىلدا بىزگە نۇرغۇن قىممەتلىك ۋەدىلەرنى بېرىدۇ. مەسىھ ئەيسا خۇدانىڭ مۇقەددەس روھى توغرىسىدا مۇنداق دېدى: —

(مۇشۇ يەردە بى ئانا ئىنجىلنىڭ «يۇھاننا» قىسمىدىن تۆۋەندىكى ئايەتلەرنى بىزگە ئوقۇپ بەردى)

(مەسىھ ئەيسا مۇنداق دېگەن:) —

«مېنى سۆيسەڭلار، ئەمرلىرىمگە ئەمەل قىلىسىلەر. مەنمۇ ئاتىدىن تىلەيمەن ۋە ئۇ سىلەرگە باشقا بىر يارىدەمچى ئاتا قىلىدۇ. ئۇ سىلەر بىلەن ئەبەدگىچە بىرگە بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەقىقەتنىڭ روھىدۇر؛ ئۇنى بۇ دۇنيادىكىلەر قوبۇل قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنى نە كۆرمەيدۇ، نە تونۇمايدۇ. بىراق سىلەر ئۇنى تونۇيسىلەر، چۈنكى ئۇ سىلەر بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىدۇ ھەم سىلەردە ماكان قىلىدۇ.

مەن سىلەرنى يېتىم قالدۇرمايمەن، يېنىڭلارغا يەنە قايتىپ كېلىمەن. ئازغىنا ۋاقىتتىن كېيىن، بۇ دۇنيا مېنى كۆرمەيدۇ، لېكىن سىلەر كۆرىسىلەر. مەن ھايات بولغانلىقىم ئۈچۈن، سىلەرمۇ ھايات بولىسىلەر. شۇ كۈندە مېنىڭ ئاتامدا بولغانلىقىم، سىلەرنىڭ مەندە بولغانلىقىڭلار ۋە مەنمۇ ھەم سىلەردە بولغانلىقىمنى بىلىسىلەر. كىم ئەمرلىرىمگە ئىگە بولۇپ ئۇلارنى تۇتسا، مېنى سۆيگۈچى شۇ بولىدۇ. مېنى سۆيگۈچىنى ئاتاممۇ سۆيىدۇ، مەنمۇ ئۇنى سۆيىمەن ۋە ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا ئايان قىلىمەن...

بىركىم مېنى سۆيسە، سۆزۈمنى تۇتىدۇ؛ ئاتاممۇ ئۇنى سۆيىدۇ ۋە ئاتام بىلەن ئىككىمىز ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماكان قىلىمىز. مېنى سۆيمەيدىغان كىشى سۆزلىرىمنى تۇتمايدۇ؛ ۋە سىلەر ئاڭلاۋاتقان بۇ سۆز بولسا مېنىڭ ئەمەس، بەلكى مېنى ئەۋەتكەن ئاتىنىڭكىدۇر. مەن سىلەر بىلەن بىللە بولۇۋاتقان چېغىمدا، سىلەرگە بۇلارنى ئېيتتىم. لېكىن ئاتا مېنىڭ نامىم بىلەن ئەۋەتىدىغان ياردەمچى، يەنى مۇقەددەس روھ سىلەرگە ھەممىنى ئۆگىتىدۇ ھەم مېنىڭ سىلەرگە ئېيتقان ھەممە سۆزلىرىمنى ئېسىڭلارغا كەلتۈرىدۇ.

سىلەرگە خاتىرجەملىك قالدۇرىمەن، ئۆز خاتىرجەملىكىمنى سىلەرگە بېرىمەن؛ مېنىڭ سىلەرگە بەرگىنىم بۇ دۇنيادىكىلەرنىڭ بەرگىنىدەك ئەمەستۇر. كۆڭلۈڭلارنى پاراكەندە قىلماڭلار ۋە جۈرئەتسىز بولماڭلار»

— قەدىرلىك ئۇكىلىرىم ۋە سىڭىللىرىم — مەن بۇ يىل 82 ياشقا كىردىم. يەتتە يېشىمدىن ھازىرغىچە مۇقەددەس روھ مەن بىلەن بىللە بولۇپ كەلدى، دىلىمغا ھەقىقەتنى سالدى، مەيلى ئەھۋالىمنىڭ قانچىلىك قىيىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەسىھ ئەيسانىڭ خاتىرجەملىكى قەلبىمدە تۇرۇپ كەلگەن. بۇ يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە ئېيتىلغاندەك، ئەيسانىڭ ئالامەت ۋەدىلىرى ھاياتىمدا ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، كۈندىن-كۈنگە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆرگەنمەن.

— ئائىلەم قىيىن ئەھۋالغا ئۇچراپ، نامراتلىقتا يۈزلەنگەندە، مەن تېخى بەك كىچىك ئىدىم، يېشىم گەرچە كىچىك بولسىمۇ مەن بىر «گومىنداڭ» گېنېرالىغا ياتلىق قىلىندىم. بۇ ئۆز ئىختىيارىم بىلەن بولغان توي ئەمەس، ئۇ مەندىن خېلىلا چوڭ ئىدى. لېكىن ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلغانىدى. بىز ئالتە باللىق بولغانىدۇق.

ياپونغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىدا، يولدىشىم قازا قىلغانىدى. مەن ئالتە بالام بىلەن تۇل قالدىم. باللارنى بېقىش ئۈچۈن مەن سېستىرالىق قىلدىم، ئاندىن

تۇغۇت ئانىسى بولۇشنى ئۆگەندىم.

1949-يىلىدىكى ئازادلىقتىن كېيىن، مەن بالىلىرىمنى بېقىش ئۈچۈن يەنىلا شۇ سېستىرالىق ۋە تۇغۇت ئانىلىق خىزمىتىنى داۋام قىلدىم. شۇ يىللاردا جۇڭگودىكى نۇرغۇن «مۇخلىس جامائەت»لىرى قىيىنچىلىقتا، زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۇراتتى. نۇرغۇن مەسىھ مۇخلىسلىرى قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن ئېتىقادىنى تاشلىۋەتكەنىدى. بەزىلەر ھەتتا كوممۇنىست پارتىيىسىگە كىرىش ئۈچۈن «خۇداغا ئىشەنمەيمەن» دەپ قەسەممۇ قىلغانىدى. نۇرغۇن قېرىنداشلار ئۇزۇن يىللار تۈرمىگە قامالغانىدى. شاڭخەيدىكى داڭلىق ئىنجىل تەلىمى بەرگۈچى نى دوشېڭ ئاكا ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش جۇڭگو جامائەتلىرىدە يېتەكچىلىك خىزمىتىنى قىلغۇچى ئاكىلىرىمىزمۇ يىگىرمە يىل تۈرمىدە ياتقان.

مەن بولسام رەببىم ئەيسادىن تانماي، ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىۋېرىشكە ئاللىبۇرۇنلا بىر قارارغا كېلىپ بولغانىدىم. خۇدا ماڭا دائىم كۈچ-قۇدرەت ۋە خاتىرجەملىك بېرىپ تۇراتتى. ئېچكى موڭغولىيەدىكى رەھبەرلەر ماڭا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن خىزمەتتىكى تۆھپەم ئۈچۈن ۋە خىزمەت ئۈنۈمۈمنىڭ يۇقىرىلىقىدىن، ئۇلار بىرنەچچە يىل مائاش ۋە ئاشلىقىمىزنى كەم بەرگەنىدىن سىرت، بىزنى ئانچە ئاۋارە قىلىپ كەتمىدى. رەھبەرلەرنىڭمۇ ئاياللىرى بار ئىدى، ئەلۋەتتە؛ ئۇلارمۇ تۇغۇت ئانىسىنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ ياخشى تۇغۇت ئانىسىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى خالايتتى.

ئەمما 1950-يىللارغا كەلگەندە نۇرغۇن يەرلەردە ئاچارچىلىق بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ كۈنلەر بەك ئازابلىق ئىدى، بىز دائىم ئاچ قورساق يۈرەتتۇق. بىر قېتىم، ئىككى كۈن بالىلىرىمغا بېرىدىغان ھېچنەرسە قالمىدى. بالىلارغا: «خۇدا بىزدىن خەۋەر ئالىدۇ، قورقماڭلار، يىغلىماڭلار!» — دەيتتىم. ھەرقانچە دېسەممۇ ئۇلار توختىماي يىغلايتتى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئازابلىق يىغلىرىغا قاراپ چىدىيالمىدىم. كۆڭلۈمدىكى قاتتىق يىغا-پەريادىمنى خۇداغا تۆكۈپ يىغلىدىم. مەن ئۆمرۈمدە ئۇنداق ئاچچىق دۇئا قىلىپ باقمىغانىدىم. شۇنىڭ بىلەن بەك چارچاپ كېتىپ، ھەممىمىز كاڭغا چىقىپ ئۇخلاپ قالغانىدۇق. ئۇ قىش ۋاقتى ئىدى.

يېرىم كېچىدە بىرسىنىڭ تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىشى مېنى ئۇيقۇدىن ئويغاتتى.

مەن قورقۇپ كەتتىم. چۈنكى بىرىنچىدىن، ھويلىمىزنىڭ دەرۋازىسى تاقاق ئىدى. ئىككىنچىدىن، ھويلا تېمىمىز بەك ئېگىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھويلىمىزدا چوڭ بىر ئىت بار ئىدى. ئۇ ئائىلىمىزدىكىلەردىن سىرت ھەرقانداق بىر يات ئادەمنى كۆرسىلا قاتتىق ھاۋشىپ كېتەتتى. لېكىن شۇ چاغدا بولسا ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئۈن چىقمىغانىدى. ئىشىككە بېرىپ: «كىم؟!» دەپ توۋلىدىم. ھېچقانداق جاۋاب چىقمىدى. يەنە توۋلىدىم. ئاخىرى بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. ئىشىك ئالدىدا ئالتە-يەتتە قەۋەت قاسقان تۇراتتى. قاسقان ئىچىدە بولسا، رەت-رەت تىزىلغان ئىسسىق مانتىلار تۇراتتى. قاسقانلار شۇنچە قىزىق ئىدىكى، پەقەت لاتا بىلەن تۇتۇپ كۆتۈرگىلى بولاتتى.

مەن دەرھال بالىلارنى ئويغىتىپ جوزىغا ئولتۇرغۇزدۇم. بېشىمىزنى ئېگىپ خۇداغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتتۇق. ئاندىن يېدۇق! مانتىنى تا قورسىقىمىز تويغۇچە تازا يېدۇق. بالىلارنىڭ ھەممىسى غىققىدە تويدى، ئەمما قاسقاندا يەنە خېلى كۆپ مانتا ئېشىپ قالدى. مەن دەرھال مۇنداق ئويلىدىم: «مانتىنى ئەپكەلگەن كىشىنىڭ مانتىغا ئۆزىنىڭمۇ ھاجىتى چۈشكەن بولسا، ۋە ياكى بىزدىن باشقا كىشىلەرگىمۇ ئاپىرىپ بەرمەكچى بولغان بولسا، قانداق قىلغۇلۇق؟». شۇنىڭ بىلەن بۇ قاسقاننى يەنە ئىشىكنىڭ سىرتىغا قويۇپ قويدۇم. ھويلىدىكى دەرۋازا بولسا تېخىچە تاقاق ئىدى. بىز كاڭغا چىقىپ يەنە ئۇخلىدۇق. ئەتىگەندە سىرتقا چىقساق، قاسقانلارنىڭ ھەممىسى يوق تۇراتتى، ئەمما دەرۋازا تېخىچە تاقاق، ئىتىمىز بولسا ھويلىدا ئۇيان-بۇيان ئەركىن يۈرەتتى. لېكىن كېچىسى ئۇ بىرەر قېتىممۇ قاۋشىپ قويمىغانىدى. مانا مۇشۇنداق ئەڭ ئېغىر كۈنلەردە، خۇدا ناھايىتىمۇ ئاجايىب يول بىلەن بىزدىن خەۋەر ئالغان. ھاياتىمىزنىڭ جىددىي پەيتلىرىدىمۇ ۋە باشقا ۋاقىتلاردىمۇ ئۇ بىزگە ياردەم بېرىپ تۇردى، ئەمما ياردەمنى مەن يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئاجايىب ۋاستە بىلەن ئەۋەتكەن ئەمەس. ئاچارچىلىقتىن بىز يەتتەيلەننىڭ بىرەرسىمىزمۇ ئۆلۈپ كەتكىنىمىز يوق، بىز خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ھايات قالدۇق.

ئاشۇ يىللاردا، بىز بىر مەزگىل كونا بىر ئۆيدە تۇردۇق. بىر كۈنى، بازاردا كۆكتات ئېلىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز ئىچىمدىن چىققان بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدىم: «ئۆيۈڭ ئەنە ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ!». مەن چۆچۈپ كەتتىم. بىر ھازادىن كېيىن، بۇ ئاۋاز

يەنە ئاڭلاندى: «ئۆيۈڭ ئەتە ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ!». مەن يەنە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدىم. ئىككىنچى كۈنى بۇ ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. مەن يەنىلا پەرۋا قىلىپ كەتمەپتىمەن. شۇ كۈنى كەچتە بىز كاڭغا چىقىپ ئۇخلاشقا كىرىشتۇق. تۈن يېرىمى بولغاندا مەن تۇيۇقسىز چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. بىر يوغان، نۇرلۇق قول ئۆيىمىزگە كىرىپ، ئارقا تەرىپىمىزگە ئۆتتى ئاندىن مېنىڭ دۈمبەمگە ئاستا-ئاستا ئۇرۇپ قويدى. مەن شۇ زامات چۈشىنىپ يەتتىمكى، خۇدا بىزگە بۇ ئۆيدە هايال بولماي دەرھال چىقىپ كېتىشىمىز كېرەكلىكىدىن دېرەك بېرىۋاتاتتى. مەن بالىلارنى ئويغىتىپ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ ئاندىن ئۇلارنى سىرتقا ئەپچىقتىم. سىرتتا يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتقانىدى. قوشنامىنىڭمۇ ئەھۋالى بىزنىڭكىگە ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، قوشنامنىڭ ئىشىكىنى جىددىي چېكىشكە باشلىدىم. ئۇلار دەسلەپتە مېنىڭ ۋارقىراشلىرىمغا پىسەنت قىلمىدى. ئاخىرى خاپا بولغان هالدا ئانىسى ئىشىكنى ئېچىپ بەردى. مەن دەرھال ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىمۇ ئويغىتىپ ئىشىك تەرەپكە سۆرەشكە باشلىدىم. ئۇلار مېنى ئۇرۇپ، تىللاپ، قاغاپلا كەتتى: «تەلۋە! ساراڭ!» دېدى. ئەمما مەن چىڭ تۇرۇۋالدىم، ھەممە ئامالنى قوللاندىم: «ئەھۋالىڭلار خەتەرلىك. ئۆيۈڭلار ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ!» دەپ ۋارقىرىغىنىمچە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاران سىرتقا چىقىرىپ بولدۇم. ئەڭ ئاخىرقى كىچىك بالا ئىشىكتىن چىقىشى بىلەنلا بىر گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازنىڭ چىقىشى بىلەن ئىككى ئۆي تەڭلا غۇلاپ چۈشتى. بۇ ئىش قوشنىمىزنى خۇداغا ئىشىنىشكە يېتەكلىدى. ھازىرمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى ئويلىسام، خۇدانى سۆيىمەن ھەم ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئەيمىنىمەن.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىشى بىلەن، يولدىشىم گومىنداڭ گېنېرالى بولغانلىقى سەۋەبىدىن خەق بىزنى «ئوڭچى»لار دەپ، قاتتىق چەتكە قاقتى. ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلىپ، باشقا بىر تۇغقىنىمىز بىلەن بىللە ياشاشقا مەجبۇر بولدۇق. ئەمما «قىزىل ئەترەت قوغدىغۇچى»لىرىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغان ئىشىم شۇ بولدىكى، «مەسىھ ئەيسا دۇنيانىڭ قۇتقۇزغۇچىسى» دېگەن سۆزۈمدۇر. ئۇلار: «ماۋزېدۇڭ قۇتقۇزغۇچىمىز» دەپ ۋارقىراپ مەن ۋە بالىلىرىمنى پات-پات ئۇرۇپ تۇراتتى.

بىر كۈنى مەن سىرتتا چوڭ غوۋغانى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇشتۇمتۇت «قىزىل

ئەترەت قوغدىغۇچى»لىرى ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كىرىشتى. ئۇلار مېنى تۇتۇپ سىرتقا سۆرەپ چىقتى. كوچىدا يېنىۋاتقان چوڭ بىر گۈلخاننى كۆردۈم. ئوتتا يېنىۋاتقان نەرسىلەر دەل مۇقەددەس كىتابلار (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىللار) ئىدى. ئۇلار ماڭا بىر ھاسىنى تۇتقۇزۇپ: «ئوتنى كوچىلا! ئوتنى كوچىلا!» دەپ ۋارقىرىدى. مەنمۇ: «بۇ كىتابلار خۇداغا مەنسۇپ. بۇلار ئۆزۈمنىڭ ھاياتىمدىنمۇ قىممەتلىكتۇر!» دەپ ۋارقىرىدىم. ئۇلار مېنى گۈلخاننىڭ ئىچىگە ئىتتىرىشتى. يىقىلىپ كېتىۋىدىم، تۇساتتىن چوڭ بىر قولنىڭ مېنى ئارقامدىن تارتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ يەتتىم. ئەمما بېشىمنى بۇراپ ئارقامغا قارىسام ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بۇ قول مېنى ئوتتىن تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار مېنى يەنە ئوتقا ئىتتەردى. مەن يەنە يىقىلىپ كېتىشىمگە ھېلىقى يوغان قولنىڭ مېنى تارتىۋاتقانلىقىنى يەنە سەزدىم. بۇ ئىش ئۈچ قېتىم تەكرارلاندى. كېيىن كوچىدا يۈز بەرگەن يەنە بىر ئىش ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى-دە، ئۇلار شۇ ھامان مېنى تاشلاپ شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىشتى.

ئېتىقادىم سەۋەبى ئۈچۈن «قىزىل ئەترەت قوغدىغۇچى»لىرى ئۆيىمىزگە پات-پات باستۇرۇپ كىرىپ، بىزنى ئاۋارە قىلاتتى. تۇغقانلىرىم مېنى ئېتىقادىمدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن، ماڭا قايتا-قايتا بېسىم ئىشلەتتى: «سەن بىزگە بالا-قازا بولدۇڭ! ئەيسا مەسىھنى تاشلىۋەت!»

بىر كۈنى، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن مېنىڭ قورسىقىم تۇيۇقسىز بەك قاتتىق ئاغرىپ كېتىپ، پەقەت مىدىرلىيالماي قالدىم. مەن رەبگە: «قورسىقىمنى ساقايتقايسەن!» دەپ ۋارقىرىدىم. ئون مىنۇت ئىچىدە ئاغرىقىم پەسىيىپ توختىدى.

ئەتىسى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن قورسىقىم يەنە تۇيۇقسىز ئاغرىپ كەتتى. يەنە بىر قېتىم رەبگە دۇئا قىلدىم. بۇ قېتىممۇ قاتتىق ئاغرىق بېسىلىپ توختىدى.

بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى بىر تۇغقىنىم بەك قورقۇپ كەتكەن ھالدا يېنىمغا كېلىپ ماڭا: «سەن بىزنىڭ ئۆزۈڭگە نېمە قىلغانلىقىمىزنى بىلمەمسەن؟ تامىقىڭغا ئىككى قېتىم ناھايىتى كۆپ چاشقان دورىسىنى سېلىۋەتكەندۇق. سەن نېمىشقا ئۆلمەي قالدىڭ؟» — دەپ سورىدى.

مەن ئۇنىڭغا ئىنجىلنىڭ «ماركۇس» قىسمى 16-بابىنى كۆرسىتىپ

بەردىم. «رەب ئەيسا: «ئېتىقاد قىلغانلارنىڭ ئىزلىرىغا مۇشۇنداق مۆجىزىلىك ئالامەتلەر ئەگىشىپ ھەمراھ بولىدۇ: — ئۇلار مېنىڭ نامىم بىلەن جىنلارنى ھەيدىۋېتىدۇ؛ ئۇلار يېڭى تىللاردا سۆزلەيدۇ، ئۇلار يىلانلارنى قوللىرىدا تۇتىدۇ، ھەرقانداق زەھەرلىك نەرسىنى ئىچسىمۇ، ئۇلارغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ؛ قوللىرىنى بىمارلارغا تەگكۈزۈپ قويسا، كېسەللىرى ساقىيىپ كېتىدۇ» — دېدى. شۇڭا مۇشۇ ئايەت بويىچە خۇش خەۋەر يولىدا بىرەرسى زەھەرلىنىشكە ئۇچرىسا، خۇدانىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىدۇ دېگەنىدىم. تۇغقىنىم ئۆن-تۆنسىز كېتىپ قالدى. كېيىن ئۇنداق ئىش قايتا يۈز بەرمىدى.

خۇدا ئۇلۇغتۇر! «ئۆزۈڭنى باشپاناھ قىلغانلار ئۇچۇن ئىنسان باللىرىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتلىرىڭ،
يەنى ئۆزۈڭدىن قورقىدىغانلار ئۇچۇن، ساقلىغان ئىلتىپات-نېمەتلىرىڭ نەقەدەر مولدۇر!» (زەبۇر، 19:31)

مېنىڭ تۇغۇت ئانىلىق خىزمىتىم سەۋەبىدىن كەچلىرى يېزىلارغا پات-پات چىقىشىمغا توغرا كېلەتتى. مەيلى قانچىلىك قاراڭغۇ بولسۇن، مەن قورقمايتتىم. يېزىلاردىكى ھەربىر ئادەم مېنى تونۇيتتى. ئەمما بىر كۈنى كەچتە پىنھان بىر جايدىن ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. يامغۇر كۆپ ياغقانلىقىدىن يول بەك تېيىلغاق بولۇپ كەتكەنىدى. مەن ئېھتىياتسىزلىقتىن تېيىلىپ كېتىپ، يول بويىدىكى ئۆستەڭگە يىقىلىپ چۈشتۈم. ئىككى پۇتۇم ئۆستەڭنىڭ ئاستىدىكى چوڭقۇر پاتقاققا پېتىپ كەتتى. ئىككى قولۇمدا سومكام ۋە سېستىرالىق ئەسۋابلىرىم بار ئىدى. ئۆستەڭ بەك چوڭقۇر بولغاچقا، مىدىرلىيالماي قالدىم، ھەتتا پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشلىتىپمۇ بىر پۇتۇمنىمۇ مىدىرلىتالمىدىم، پۇتۇم پاتقاقتا چىڭ قېتىپ قالغانىدى. قانداق قىلىشىم كېرەك؟ دۇئا قىلىشقا باشلىدىم، كۆڭلۈمدىن كەلگەن بىرخىل ئاۋازنى، يەنى « «مېنى قۇتقۇزۇڭ!» دەپ ۋارقىرا!» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدىم. «بۇ نېمە گەپ؟» دەپ ئويلىدىم، «تۈن يېرىمى بولغان تۇرسا، بۇ پىنھان يولدا نەدىمۇ ئادەم بولسۇن؟!». دۇرۇس، يولدا ھېچكىمنى كۆرمىدىم. ئاخىرىدا

مەن رەبگە: «بولىدۇ، رەببىم، مەن ۋارقىراي» — دېدىم-دە، شۇ ھامان بىر قېتىم ۋارقىرىدىم. مەن بۇ يەردە ئاشۇرۇپ سۆزلىگىنىم يوق، ۋارقىرىشىم بىلەن تەڭلا ئۆستەڭنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار ماڭا قارىدى، بىرسى ماڭا: «سەكرە!» دېدى. مەن يەنە: «بۇ نېمە گەپ؟ ئىككى پۇتۇم بۇ لايغا چىڭ پېتىپ كەتكەن تۇرسا!» — دەپ ئويلىدىم ۋە ئۇنىڭغا شۇنداق دېدىم. ئۇ ماڭا قاراپ يەنە: «سەكرە!» دېدى. مەن: «ئەگەر بۇ ئىككى ئادەمنى خۇدا ئەۋەتكەن بولسا، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىم ۋە ئىشىنىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدىم. مەن شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يۇقىرىغا قاراپ سەكرەشكە ئىنتىلدىم. ئاجايىب ئىش! خۇددى راكېتاغا ئوخشاش يۇقىرىغا ئوقتەك ئۇچۇپ چىقتىم. بۇ ئىككى ئادەم مېنى ئىككى قولۇمدىن تۇتۇپ، يول بويىغا ئاستىغىنە تۇرغۇزۇپ قويدى. مەن بىرئاز دەم ئالغاندىن كېيىن بۇرۇلۇپ ئۇلارغا رەھمەت ئېيتماقچى بولدۇم. بىرسىدىن: «ئىسمىڭ نېمە؟» — دەپ سورىدىم. ئۇ مەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ماڭا بىر ھازا تىكىلىپ كۈلۈمسىرەپ قارىدى. ئاندىن ئۇ ئىككەيلەن كۆزلىرىمدىن غايىب بولدى. ئۇ يەر گەرچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئادەم ئۆزىنى يوشۇرغۇدەك دەرەخلىقمۇ يوق ئىدى. مەن بولسام ئاشۇ غەلىتىلىك، قورقۇنچلۇق ۋە خۇشاللىق بىرلىشىپ كەتكەن ھېسسىيات بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم».

«ئى قېرىنداشلار، خۇداغا ئىشەنسەك، مەسىھ ئەيسانىڭ ۋەدىلىرىگە تايانساق، كۆزىمىز كۆرۈپ باقمىغان، قۇلىقىمىز ئاڭلاپ باقمىغان خۇدانىڭ ئاجايىب ئالامەتلىرى، مۆجىزىلىرى بىزنى كۈتمەكتە. مېنىڭ رەببىمنى كۆرۈشۈمگە ۋاقتىم ئاز قالدى... ئۇنىڭغا سادىق بولۇڭلار...»

«بى ئانا» بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان سۆزلىرى بىلەن بىزنى رىغبەتلەندۈردى، ئۇ بەزىدە خۇشاللىقىدىن سەكرەپ ئۇسسۇل ئوينىغاندەك يۈرەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن جەننەتنىڭ بىزگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتۇق. بۇ بايانلىرىمنىڭ كىتابخانلىرىمنىمۇ ئوخشاشلا رىغبەتلەندۈرۈشىنى، ئۇلارغا تەسەللى يەتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن ۋە دۇئا قىلىمەن! ئامىن!

# 20. «كۆلۈمسىرىگەن ئايال» (تايلاندتىن بىر ھېكايە)

«خۇدا ماڭا شۈنداق دېگەن ـ مەنمۇ شۈنداق قىلىشىم كېرەك»

«دىي موماي كۈلدى!»

دىي موماي ھەرگىز كۈلمەيتتى. ئۇ يېزىمىزدا ئەڭ تەقۋادار، ئەڭ سۈرى بار، ئەڭ سالماق بۇددىست ئىدى. شۇڭا ئۇ كۈلمەيتتى، لېكىن ھازىر ئۇ كۈلۈمسىرىپ ھەممىمىزگە «مەسىھ ئەيساغا ئىشىنىمەن» دەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا زادى نېمە ئىش بولدى؟

دىي موماي بەك تەقۋادار، بەك ئەستايىدىل بۇددىست ئىدى، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ تەقۋادارلىقىغا قايىل بولاتتى. ھەربىر ھېيت كۈنىدە، ھەربىر «دىنىي پائالىيەت» كۈنىدە ئۇ بۇددىستلارنىڭ «ئىخلاسمەنلىك بەلگىسى» بولغان ئاپئاق كىيىمنى كىيىۋېلىپ، بۇتخانىغا بېرىپ تۇراتتى. شۇ يەردە ئۇ بىرنەچچە سائەتلەپ تىزلىنىپ، راھىبلارنىڭ بۇددانىڭ ھەيكەللىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، نەزىملىرىنى ئاڭلايتتى. ئۇلار نەزىم ئېيتقاندا ئۇ بىلمەيدىغان بىر تىلنى (سانسكرىت تىلى) ئىشلىتەتتى. دىي موماي ئېيسىمىزنى بىلگەندىن تارتىپ شۇنداق قىلىپ كەلگەن. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورۇندىن تۇرۇپ يېڭى ئەتكەن تاماقنى ئېلىپ يېزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ راھىبلارنىڭ كېلىپ ئەكېتىشىنى ساقلايتتى. خەقلەر ئۇنىڭ بەزىدە ھەتتا ئېتىزلاردىن ئالغان شال ھوسۇلىنىڭ يېرىمىدىن كۆپىنى ئېلىپ راھىبلارغا بەرگەنلىكىنى كۆرگەن. مۇنداق شۇنچە ساۋابلىق ئىش قىلغانلىرىغا قاراپ، كىشىلەر دىي مومايىنى «توپلىغان «ساۋاب»ى چوقۇم بەك كۆپ» بىر

بۇددىست دەپ قارايتتۇق. ئەمدىلىكتە ئۇ نېمشقا يېزىلاردا چېپىپ يۈرۈپ ھەربىر مەزگە ئۆزىنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئىشىنىدىغانلىقىنى دەپ، كۆلۈمسىرىپ يۈرىدىغاندۇر؟ بۇ زادى قانداق ئىش؟

بۇنىڭدىن كۆپ يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ نەۋرە ئۇكىسى نىيەيوت ئىسىملىك بىر يىگىت بۇ ناھىيە بازارىغا يېقىن جايدا تۇرىدىغان قىز بىلەن توي قىلغان. بازار بۇ پىنھان يېزىمىزدىن يىراق ئىدى. نىيەيوت شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقان، ئەمما بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى ئۇ يېزىمىزغا كېلىپ، ھەممىمىزگە «مەسىھ ئەيسا ماڭا يېڭى ھايات، يېڭى ئۈمىد بەردى» دېدى. ئۇ يەنە ھەممىدىن قادىر خۇدا مېنىڭ ئەرشتىكى ئاتام، دەيتتى! مۇنداق گەپنى ۋە ئۇ بىزگە دەپ بەرگەن ھېكايىلەرنى بىز بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغان، چۈنكى ئۇ «ئەيسا» توغرىسىدا سۆزلىدى. بىز بولساق تاي مىللىتىدىن بولۇپ، بۇدداغا (ساكيامۇنىغا) ئىشىنەتتۇق. ئەمما نىيەيوت بۇنداق خۇشاللىقتىن بىزنىڭ ئورتاق بەھرىمەن بولۇشىمىزنى خالىدى.

يېزىمىزدىكى كۆپ ياشلار نىيەيوتنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، نىيەيوتقا ئوخشاش «مەسىھ ئەيسا»نى تونۇشقا ناھايىتى قىزىقىپ قالدى. ئەمما يېزىدىكى ئاقساقاللارنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈشى ۋە ھەم ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرىنىڭ ئەيىبلىشى بىلەن ئۇلارنىڭ رايى ياندى. دىي مومايمۇ يېزىغا كېلىپ، نىيەيوتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ «دىنىي ساۋاب»قا ئېرىشىشكە بەك قىزىقاتتى. ئۇ ھازىر يەتمىش ئىككى ياشقا كىرگەن ۋە ھەتتا نۇرغۇن يىللار ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، بۆگۈن ئۆلۈپ كەتسە ئەھۋالىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

نىيەيوتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دىي موماي يەنە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلەشتى. ئۇنىڭدىن جەننەتكە بارىدىغان يولنى ۋە ئىنسانلارنىڭ بۇ يولنى بىلەلەيدىغان-بىلەلمەيدىغانلىقىنى سورىدى. نىيەيوت ئۇنىڭغا مەسىھ ئەيسانىڭ ئۇنىڭ گۇناھىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئەرشتىكى ئاتىسى بولغان خۇداغا يېقىنلاشتۇرۇپ ھاياتىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئېنىق بىر جەزمەنلىك بار ئىدى، ئۇ مەيلى نېمە ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، مەڭگۈلۈك ھايات خۇدا بىلەن بىللە بولىمەن، دەپ ئېيتتى. بۇ ئىشلار دىي مومايغا ناھايىتى غەلىتە، بەك يېڭىچە بىلىندى. ئەمما ئۇ ئەگەر بۇ گەپلەر راست بولسا، مېنىڭمۇ ئۇلارنى ناھايىتى بەك بىلگۈم بار، دېدى. ئۇ

نىيەيوتتىن ياردەم بېرىشنى ئۆتۈندى.

نىيەيوت كۆچىنىڭ بارىچە مومايغا ياردەملىشىشكە تىرىشتى، ئەمما دىي موماي تېخىچە تازا قانائەت قىلمايۋاتاتتى. نىيەيوتنىڭ دوستلىرىمۇ ياردەملەشتى. ئەمما دىي موماي يەنىلا: ــ «چۈشەنمىدىم، ئەمما چۈشىنىشنى خالايمەن» دېدى. دىي موماي مەكتەپتە ئوقىيالمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئەيسا توغرىسىدىكى ھېكايە كىتابلاردىن بىرنەچچىنى سورىدى. ئۇ بۇلارنى ئېلىپ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان باللاردىن بۇ ھېكايىلەرنى ئۆزىگە ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئاڭلىغانسېرى ئەيسانىڭ قىلغان ئىشلىرى ۋە ئېيتقان سۆزلىرى، ئىنجىلدىن ئاڭلىغان ھېكايىلەر ئۇنىڭغا بەك ياقتى. ئاخىرىدا ئۇ يەنە نىيەيوتنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە خۇدادىن بۇ يېڭى ھاياتقا ئېرىشىپ، خۇدانى تونۇش ئۈچۈن ئۆزىگە ياردەم بېرىشنى ئۆتۈندى. شاد-خۇراملىق كۆڭلىگە كىردى. مانا بۇ سەۋەبتىن ئۇ ئارىمىزغا شۇنداق كۈلىدىغان ھالدا كىرىپ كەلدى.

ياشلىرىمىز بۇ ئىنجىلدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغان، ئەمما خەقلەر ئۇلارغا بېسىم ئىشلەتكەندە قېچىپ كېتىشتى. ئەمما دىي موماي خەقلەرگە ۋە بېسىمغا ئېرەن قىلمىدى، پەقەت ئۆزى ئەگىشىشكە باشلىغان مەسىھ ئەيساغا باش ئۇردى. بۇنداق ھەم شادلىق ھەم ئەستايىدىل خۇلق-مىجەز ئۇنىڭ يېڭى ھاياتىدا خاراكتېرلەنگەندى. ئۇ مەسىھ ئەيساغا يېقىنلىشالىسىلا قىيىنچىلىق ياكى تەڭقىسلىقتا قالسىمۇ ئۇلارغا پىسەنت قىلمايدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز دىي مومايىنىڭ كۈلگەنلىكىنى نۇرغۇن قېتىم كۆرگەن. كىشىلەرگە ئۇنىڭ خىجىلچىلىك ياكى ئېغىر قىيىنچىلىقتا قالغاندىمۇ، يەنىلا كۈلۈپ يۈرۈشى بەك غەلىتە تۇيۇلدى. خۇدا ئۇنىڭغا خەقلەرگە ناماقۇل بولۇشنىڭ كېرەك دېگەن بولسىمۇ، بىز يەنە ئۇنىڭ كۈلكىسىنى كۆردۇق. بىز بولساق (خاتالىق ئۆتكۈزسەك)، سۈكۈت قىلغان ياكى خىجىل بولغان ياكى ئۆز خاتالىقىمىزنى ئېتىراپ قىلمىغان بولاتتۇق، ئەمما ئۇ موماي ئەرشتىكى ئاتام مانا ماڭا سۆز قىلدى دەپ خۇشال بولدى ۋە يېقىملىق ھالدا كۈلۈمسىرىدى.

نىيەيوت ھاممىسىغا خۇدانىڭ ئۇنىڭغا بەك يېقىن ئىكەنلىكىنى، دائىم مۇقەددەس كىتاب ئارقىلىق ئۇنىڭغا سۆز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندى. مومايمۇ خۇدا بىلەن بىللە بولغان شۇنداق بىرخىل يېقىنلىقنى، كۆڭلىدە خۇدانىڭ ئاۋازىنى

ئاڭلاشنى خالىدى. بىر كۈنى موماي خۇدانىڭ ئۇنىڭغا مەلۇم بىر گۇناھ توغرىسىدا سۆز قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا بۇ گۇناھنى ئېتىراپ قىلدى. بۇ گۇناھ بىزگە يېنىك تۇيۇلدى، ئەمما ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ تەبەسسۇم يەنە پەيدا بولدى.

ئىش مۇنداق بولغانىدى — يېزىمىزدىكى قېرى مومايلارنىڭ كۆپىنچىسىگە ئوخشاش، دىي موماي پات-پات «بېتەل» دېگەن بىر خىل مېغىزنى چاينايتتى (نۇرغۇن يىل بۇنداق چايناشتىن مېغىزلارنىڭ شىرنىلىرى بىلەن ئاغزى قېنىق قىزىل شالتاق بولۇپ كەتكەنىدى). بىر كۈنى موماي قۇتىسىدا تاماكا ياكى ھاك قالمىغانلىقتىن ئاۋۋالقىدەكلا بىر تۇغقىنىنىڭ قۇتىسىنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن بىر ئېتىمنى ئېلىۋالدى. ئەمما توساتتىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىر غەلىتە سەزگۈ پەيدا بولۇپ، بىر ئاۋازنىڭ ئۇنىڭغا: «خەقلەرنىڭ نەرسىلىرىنى سورىماي ئالما» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇ چۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنە ناھايىتى خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇ خۇدانى مۇقەددەس، پاك ئىكەن دەپ بىلدى، ئۇ ھازىر خۇدانىڭ ئۇنىڭغا ئۆز پەرزەنتى سۈپىتىدە شەخسەن ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ تېزلا ئالغان نەرسىلەرنى جايىغا قويۇپ قويدى. ئائىلىسىدىكىلەر ئېتىزلاردىن قايتىپ كەلگىنىدە ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى، خۇدانىڭ نېمە سۆز قىلغانلىقىنى دەپ بېرىپ ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورىدى. ئۇرۇق-تۇغقانلىرى نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى، ئۇلار بۇنداق ئىشنى كۆرۈپ باقمىغان. شۇڭا ئۇلار پەقەتلا ئاستىغىنە كۈلۈپ قويۇپ: — «ھېچقەقەسى يوق، ئۇ تاماكا ياكى ھاككا ھاجىتىڭىز بولسىلا ئېلىۋېرىڭ» — دېدى. ئەمما موماي: — خۇدا ماڭا: «سورىماي ئالماسلىقىڭ كېرەك» دېگەن، دېدى. ئۇنىڭدا ھېچقانداق خىجالەت يوق ئىدى، پەقەت خۇدانىڭ ئۆزىگە سۆز قىلغانلىقىدىن خۇشاللىقلا بار ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ كۈلۈپلا قويدى، ئەمما مومايغا يېڭىچە بىر ھۆرمەت بىلەن قاراشقا باشلىدى. كېيىن مومايىنىڭ تۇرمۇشىدا كۆپ مۇشۇنداق ۋەقەلەر يەنە يۈز بەردى.

بۇلاردىن چوڭ بىر ۋەقە ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. باشقا بىر يېزىدا ئۇنىڭ بىر سىڭلىسى بار ئىدى. ئەمما يىگىرمە بەش يىل ئاۋۋال ئىككىيلەن جېدەللىشىپ قېلىپ شۇ چاغدىن بۇيان بىر-بىرىگە بىر ئېغىز سۆز قىلىپ باقمىغان. نيەيوت بەزى دوستلىرى بىلەن پات-پات مومايىنىڭ ئۆيىگە

كېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە مۇقەددەس ئىنجىلدىن ئەيسانىڭ مۇخلىسلىرىغا بەرگەن تەلىملىرىدىن ئوقۇشۇپ، بۇلار توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتى. مومايغا بۇ ئىش بەك ياقتى. بىر كۈنى ئۇلار مۇنداق بىر ئايەت توغرىسىدا پاراڭلاشتى: —

«**قۇربانگاھقا قۇربانگاھ ئالدىغا** (خۇدانىڭ ئالدىغا) **كېلىپ خۇداغا ھەدىيە ئاتىماقچى بولغىنىڭدا، قېرىندىشىڭنىڭ سېنىڭدىن ئاغرىنغان يېرى بارلىقى يادىڭغا كەلسە، ھەدىيەڭنى قۇربانگاھ ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ، ئاۋۋال قېرىندىشىڭ بىلەن يارىشىۋال، ئاندىن كېلىپ** (خۇدانىڭ ئالدىغا) **ھەدىيەڭنى ئاتا**» (ئىنجىل «ماتتا»، 5-باب).

ئىككى كۈندىن كېيىن دىي موماي خۇداغا ئىبادەت قىلغاندا، بۇ سۆز ئېسىگە كېلىپ، ئۆز سىڭلىسىغا يىگىرمە بەش يىلدىن بېرى سۆز قىلمىغانلىقىنى ئويلىدى. موماي دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سىڭلىسىنىڭ پۈتى ئالدىدا تىزلىنىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى. سىڭلىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئېرى ھەددىسىنىڭ مەسىھ ئەيساغا ئېتىقادتا بولغانلىقىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئۇنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دەپ قارىغانىدى. ئەمما ھازىر ئۇنىڭ تىزلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلى دىي مومايىنىڭ قەلبىدىكى مۇشۇنداق ئاجايىپ-تىلسىم ئىشلارنى قىلالايدىغان شۇنداق بىر خۇدانى ئىزدەشكە ئىنتىلەشكە باشلىدى.

دىي مومايدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ۋە ئۇنىڭ خۇشاللىقى يېزىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە تەسىر قىلدى. ھەتتا يېقىن يېزىلاردا بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغانلار ئېچىدىمۇ تەسىرى بولدى. بەزى كىشىلەر بۇ يېڭى شادلىق ھاياتنى ئىزدەشكە باشلىدى، بەزىلەر رەنجىپ: «ياخشى تاي مىللەتتىن بولسا ياخشى بۇددىست بولۇشى كېرەك. بۇ ئەيسا بولسا بىر غەيرىي ئىلاھ ئىكەن» — دەپ ئەيىبلىدى. ئۇلار ياشلارنى مەسىھ تەلىمگە قارشى تۇرۇشقا قوزغىلىشقا ئۈندىدى. لېكىن دىي مومايغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھەممىدىن قادىر بىردىنبىر خۇدا «غەيرىي ئىلاھ» ئەمەس، بەلكى مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق بىر ھەقىقىي، ھايات خۇدا بولۇپ ئۇنىڭغا تونۇلغانىدى. بەزى كىشىلەر خۇدانى ئىزدىدى، بەزىلەر ياردەم تاپتى، بەزىلەر خاپا بولۇپ تەنقىد قىلدى — ئەمما دىي موماي پەقەتلا كۈلۈمسىرەپلا يۈردى.

# 21. زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ قۇللۇقىدىن ئەركىنلىككە ئېرىشىش (بىر فىلىپپىنلىقنىڭ گۇۋاھلىقى)

*«مەن بولسام زەھەرلىك چېكىملىكلەر سەۋەبىدىن ناخشىسىز بىر مۇزىكانت بولۇپ قالغانىدىم. ھازىر بولسا پۈتۈن يەر-جاھانغا شادلىق بېغىشلايدىغان مۇزىكانتتىكا ئايلاندىم».*

«ئىسمىم گىلبېرت كاسپىلىس، مەن فىلىپپىنلىك. بۇ بولسا ئۆزۈمنىڭ «ھاياتلىك ناخشامدۇر» —

«پەرۋەردىگارىم، نامىڭنى ئىنتايىن ئۇلۇغلىغۇم بار،
ھاياتىمدا قىلغانلىرىڭ ئۈچۈن ساڭا شۈكۈر ئېيتقۇم بار،
رەببىم، مەن سېنىڭ تۆكمەس مېھىر-مۇھەببىتىڭگە تايىنىمەن،
ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمدە،
پەقەت سەنلا مەڭگۈ پەرۋەردىگاردۇرسەن!»

بۇ ناخشا تېكىستلىرى ھازىرقى تۇرمۇشۇمغا ئىنتايىن ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ناخشا، ئۇنى خۇداغا توختىماي ئېيتىمەن. تېكىستىنىڭ مەنىسى ماڭا بەك چوڭقۇر ۋە پاساھەتلىك تۇيۇلىدۇ — چۈنكى خۇدانىڭ ھاياتىمدا قىلغانلىرى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ، مەدھىيىلىرىمگە مەڭگۈ لايىقتۇر.

بۈگۈن بولسا يەكشەنبە، باشقا كۈنلەرگە ئوخشىمايدۇ. بۈرۈن مەن بەك

كەچ ئۇخلايتتىم — چۈنكى مەن كېچە-كېچە ئىشلەيدىغان بىر مۇزىكانىت بولۇپلا قالماي، يەنە چېكەرمەن ئىدىم. ئەپيونكەشلەر بولسا ئادەتتە كېچىسى ئۇخلىماي، كۈندۈزى ئۇخلايدۇ. ئۆتكەن ھاياتىم پەقەت قاراڭغۇلۇقتا مەنسۇپ. ھازىرقى يەكشەنبە بولسا مەن ۋە ئايالىم ئۈچۈن بالدۇر قوپىدىغان، يورۇق، خۇشال بىر كۈن بولۇپ قالدى. چۈنكى مەندە سالامەتلىك، يېڭى ئەركىنلىك ۋە گۈللىنىش بار. ھەربىر يەكشەنبە كۈنى بىزگە يېقىن بولغان «مەدھىيە-ئىبادەت مەركىزى» دېگەن مەسىھ مۇخلىسلىرى يىغىلىدىغان بىر زالىغا بالدۇر بېرىپ، مەدھىيە ۋە ئىبادەت ناخشىلىرىنى چېلىشنى مەشىق قىلىمىز. مەن بۇ مەركەز ئۈچۈن رويالچى بولدۇم، ئايالىممۇ ئۇلارنىڭ خوردا خىزمەت قىلىدۇ. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى، ماڭا بېغىشلانغان ھەربىر تالانت-قابىلىيەتنى، ماڭا ئۇلارنى بەرگەن رەببىمگە ئۆز يولىدا قايتۇرۇپ ئاتاپ قىلغۇم بار.

مەن ناھايىتى ئىناق بىر ئائىلىدە چوڭ بولدۇم. ئاتا-ئانام كاتولىك دىنىغا مەنسۇپ بولغاچقا، مەنمۇ تەبىئىي ھالدا كاتولىك بولدۇم. لېكىن ھېچبىرىمىز خۇدانى تونۇمىدۇق. بىز ئاسمان-زېمىننى ياراتقان بىر خۇدا بار دەپ بىلگەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ بىلەن شەخسىي مۇناسىۋىتىمىز يوق ئىدى. ئاتا-ئانىمىز ماڭا ۋە ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللىرىمغا كۆپ ياردەم قىلاتتى، بۇنى خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن ئىلتىپاتى دەپ ھېسابلايمەن. ئانام بولسا كىشىنىڭ كۆڭلىنى بەك چۈشىنىدىغان ئادەم، ئانام بىزنى چىڭ تۇتىدىغان بىر ئانا ئىدى.

تۆت ياشقا كىرگىنىمدە، بىز فىلىپپىن بىكول ئۆلكىسىدىكى يۇرتىمىز ئىرىگا دېگەن كىچىك شەھەردىن چىقىپ، شاڭگاڭغا كۆچۈپ كەلدۇق. ئانام مۇزىكانىت، يەنى نۇرغۇن سازلارنى چالىدىغان ساكسوفونچى بولۇپ، ئۇنىڭ بالىلىرى بولغان بىزلەر ئۇنىڭ مۇزىكا تالانتىغا ۋارىسلىق قىلدۇق. ئانام ماڭا ۋە ئاكا-ئۇكىلىرىمغا ئۆزىنىڭ سازلىرىنى چېلىشنى ئۆگەتتى.

مەن شاڭگاڭدا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇدۇم، ئەمما ئون تۆت يېشىمدا ئوقۇشتىن چېكىندىم. مەكتەپتىن چېكىنگەن بولساممۇ، مەن تېخى ھەر كۈنى دىنىي مۇراسىم قىلغاندەك رويال دەرسلىرىمنى ئۆگىنىپ، مەشىق قىلىپ تۇراتتىم. مەكتەپنى تۈگەتمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئانام ئۆزىنىڭ مېنى مۇزىكانىت قىلىش ئىرادىسىنى ماڭا چوڭقۇر سىڭدۈرگەنىدى. ئۇ ماڭا دائىم: مۇزىكىدا كامالەتكە

يېتىشىڭ كېرەك، دەيتتى.

مەن ھەرخىل كۇلۇب، تانسىخانا ۋە مەيخانىلاردا لەيلەپ يۈرۈشكە باشلىدىم. مۇنداق «لەيلەپ يۈرۈشۇم» ئاخىرى ماڭا شاگىرت روياﻟچى خىزمىتى پۇرسىتىگە ئېرىشتۈردى. بىر يىلدىن كېيىن، يەنى ئون ئالتە ياشقا چىققىنىمدا، مەن «رەسمىي روياﻟچى» بولۇپ قالدىم. ئائىلىمىزنى بېقىشتا ئاتامغا ياردەمدە بولالىغانلىقىم ئۈچۈن خۇشال بولدۇم. شۇ چاغدا تېخى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر ئىنىم، ئىككى سىڭلىم بار ئىدى.

مەلۇم بىر كۇلۇبتىكى ئۆمەك بېشىمىز ھەم نەشخور ھەم نەشە سانتقۇچى ئىدى. ئۇ نەشىنى ماڭا «تونۇشتۇردى». شۇڭا مەن ئون ئالتە ياشتىلا نەشە چېكىشكە ئادزۇرۇلدۇم. بۇ بولسا مەن چەككەن بىرىنچى زەھەرلىك چېكىملىك ئىدى. بۇنىڭ بىلەن مەن كۆپ چېكىدىغان نەشخور بولۇپ قالدىم. شۇنداق قىلىپ زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ ھەربىر تۈرلىرى ھاياتىمغا سوقۇنۇپ كىرىۋالدى ــ كەندىردىن خېروئىنغىچە، «تاتلىق يۆتەل دورىسى» ئىچىشتىن كوكائىن پۇراشقىچە، «شابۇ» ياكى «مۇز»نى (يەنە بىرخىل زەھەرلىك چېكىملىكنىڭ نامى) چېكىشتىن، ئاخىرىدا مېتودوننىمۇ چېكىشكە باشلىدىم. ئاخىر بېرىپ خېروئىنغا بولغان خۇمارىم ھەممىنى بېسىپ چۈشتى، مانا شۇنداق قىلىپ خېروئىن مېنىڭ سەككىز يىللىق ھاياتىمدا ھەربىر كۈنۈمنىڭ «ئەجەللىك ھەمراھ»ى بولۇپ قالدى.

دەسلەپتە ئۆز ئۆزۈمگە: «خۇمارىمنى يوقىتىپ، تېزلا تاشلىيالايمەن» دەيتتىم. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆزۈمنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن ئايرىلالمايدىغانلىقىم، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭمۇ مەندىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى بايقاپ يېتىپ، قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتۈم. مەن قورقۇنچلۇق رېئاللىقتا يۈزلەندىم ــ زەھەرلىك چېكىملىكلەر مېنى قاتتىق قوللۇقتا قاماپ قويغانىدى. پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم، ئۆزۈمنى يەنە ئالدىيالمايتتىم. گەرچە ئۆز ئۆزۈمنى كونترول قىلالمايدىغان بولساممۇ، مەن بۇ زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ تېنىمگە قانداق زىيان يەتكۈزىدىغانلىقىنى تېخىچە بىلىپ يەتمىگەنىدىم.

مەن چېكەرمەن بولغان دەسلەپكى يىللاردا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن «نوقۇزۇم تەل» ئىدى، ئائىلىمىزنى بېقىشتا پۇلنىڭ كۆپىنچىسىنى ئىنىم بىلەن مەن تەمىنلەيتتۇق. دادام بولسا ئانچە كۆپ خىزمەتلەرنى قىلمايتتى، چىقىمى

ئۆزلۈمنىڭكىدىن ئاز ئىدى. بۇ ئەھۋال مېنى تېخىمۇ تەكەببۇر قىلدى.

تۇنجى مۇزىكانتلىق خىزمىتىم ۋە مەن قاتناشقان كۆپلىگەن باشقا كونسېرتلار تۈپەيلىدىن، شاڭگاڭدىكى مۇزىكا ساھەسىدە نامىم خېلى چىقتى. شاڭگاڭدىكى بەزى داڭلىق ئارتىسلار مېنى رويالدا تەڭكەش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن تايلاند، جۇڭگو، ئاۋستىرالىيە، كانادا ۋە ئامېرىكىلارغا تەكلىپ قىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن باشقا شاڭگاڭدىكى ئىككىنچى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (ت.ۋ.ب) مېنى ئۇلارغا ئالتە يىلغىچە «كەسپىي رويالچى» بولۇشقا تەكلىپ قىلدى.

مەن مۇزىكىچىلىق بىلەن شۇنچە ئالدىراش بولدۇمكى، تالانتىمنى خۇدانىڭ ماڭا بېغىشلىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتقۇدەك ۋاقتىم يوق ئىدى. مەن تېخىمۇ شەخسىيەتچى بولۇپ كەتكەنىدىم، ھەتتا ئائىلىدىكىلىرىمنى يوقلىغۇدەك ۋاقتىمۇ چىقىرالمايتتىم. رويال مېنىڭ ھەممەم ئىدى. ئۆز ئۆزلۈمگە ئىبادەت قىلاتتىم — خىزمىتىم، ئۆز شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلىرىم، زەھەرلىك چېكىملىكلەر مېنىڭ چوقۇنىدىغان بۇتلىرىم ئىدى. ئۆزلۈمنى «نوققۇزۇم تەل» دەپ ئويلايتتىم. مانا شۇنچە ئالدىنىپ كەتكەنىدىم! تاپقان پۇلۇمنىڭ كۆپلۈكىدىن «تۇرمۇشۇم پەيزى ئىدى»، مەن بۇنى «ھەقىقىي ھايات» دەپ قارايتتىم.

مۇزىكىدا ئىلگىرىلىشىم پەللىگە چىققاندا كۈندىلىك چەككەن خېروئىننىڭ مىقدارى كۆپەيدى، نەتىجىدە خېروئىن كىرىمىمنىڭ كۆپ قىسمىنى نابۇت قىلدى. دۇنياغا بولغان نۇقتىئىنەزىرىم بەك خۇنۈكلەشتى. ئابرۇيۇم چۈشۈپ، تەقى-تۇرقۇم ئۆزگىرىپ قېرىغاندەك بولۇپ قالدى. خىزمەت پۇرسەتلىرىم بولسا قايىنامغا چۈشكەن سۇدەك تۈگەپ كەتتى. ھەممىنى يوقىتىشقا تاسلا قالدىم. ئەمما ئائىلىدىكىلىرىم ماڭا يەنىلا يۆلەنچۈك ئىدى، مېنى ئۆلمىسۇن دەپ مەندەك بىر ئەرزىمەسنى تېخىچە بېقىۋاتاتتى. ئۇلار بولمىسا مەن بالدۇرلا تۈگەشكەن بولاتتىم.

مەن ئىككى قېتىم «قانۇنسىز چېكىملىكلەرگە ئىگە بولۇش» دېگەن جىنايەت بىلەن ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالدىم. غەلىتە ئىش شۇكى، مەن ھېچ قورقمىدىم. چېكىملىكسىز قېلىشتىن باشقا ھېچنېمىدىن قورقمايتتىم. ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان خېروئىن دېگەن دۈشمىنىم مېنى ۋەيران قىلماقتا ئىدى.

مەن تېخىمۇ زەئىپلىشىپ كەتتىم. ھېچقانداق خىزمەت تاپالمايتتىم. خۇمارىمنى باسقۇدەك پۇل تاپالمايتتىم. شۇڭا مەن پۇل تېپىش ئۈچۈن بىر

«مافىئا» (قارا قول جەمىيىتى) شايكىسىغا قاتناشتىم (فىلىپپىنلىق بولغىنىم بىلەن گۇۋاگدوڭچە راۋان سۆزلىيەلەيتتىم). بۇنداق قارا قول جەمىيىتى «تەشكىللىك جىنايەت» بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. جەمئىيەت خوجايىنى ماڭا خېروئىننى نېسىگە تەمىنلەپ بېرەتتى. جەمئىيەتكە بولغان قەرزىم كۆپىيىپ، قايتۇرۇشقا ئامالسىز قېلىپ مەنمۇ چېكىملىك ساتقۇچى بولدۇم.

ئاخىرى مەن يەنە تۇتۇلۇپ قالدىم. سوت قىلىنغۇچە لايىچىكوك دېگەن تۈرمىگە قاماپ قويۇلدۇم. بۇ يەر ماڭا دوزاختەك بولدى. چۈنكى خۇمارىم مېنى قاتتىق تۇتۇپ، پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ، ئۇخلىيالمايتتىم ۋە ھېچنەرسىنى يېيەلمەيتتىم. سوت قىلىنغىنىمدا، سوتخانىدا ئولتۇرغان ئاتا-ئانامغا قاراپلا ئاندىن مېنىڭ ئۇلارنى قانداق ئازابلىغانلىقىمنى ئاخىرى چۈشىنىپ يەتتىم.

ئەمما مەن خېروئىن چېكىپ، بېشىم قايغان، پۈتۈم تايغان يولغا ماڭغان شۇ مەزگىلدە، ئۇلاردا ناھايىتى چوڭ بىر ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىدى. ئۇلار ئىككىسى ئۆزلىرىنى شەخسەن مەسىھ ئەيساغا تاپشۇرۇپ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بولغان نىجات-قۇتقۇزۇشنى قوبۇل قىلىپ، «يېڭىدىن تۇغۇلغان» ئىدى. ئۇلار ھازىر مەن ۋە ماڭا ئوخشاش يولدىن ئازغان ئىنىم ئۈچۈنمۇ دۇئا قىلماقتا ئىدى. ئىنىممۇ ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن ئاۋارىچىلىككە يولۇققانىدى.

سوتچى ئىشلىرىمنى تەكشۈرگەندىن كېيىن «سىناققا قويۇپ بېرىش» دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى.

خۇدانىڭ ھاياتىم ئۈچۈن كارامەت پىلانى بار ئىدى، بىراق بۇنىڭدىن تېخى قىلچە خەۋىرىم يوق ئىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى مەنمۇ خۇدانىڭ پىلانىنى تونۇپ يەتتىم.

بىرىنچى باسقۇچتا، «سىناققا قويۇش» ھۆكۈمىنىڭ شەرتى بويىچە، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم «سىناق مەزگىلى»نى باشقۇرىدىغان ھۆكۈمەت خادىمى بىلەن كۆرۈشۈشۈم كېرەك ئىدى. بۇ ئادەم ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچى ئىدى. ئۇ مېنىڭ مەسىھ مۇخلىسلىرى باشقۇرۇشىدىكى «زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن قۇتقۇزۇش مەركىزى»گە كىرىشىمنى دەۋەت قىلدى، شۇنداق قىلسام ماڭا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

دەسلەپتە مەن «ئەركىنلىكىم»نى يوقىتىپ قويغۇم يوق دەپ رەت قىلدىم.

ئاخىرىدا مەن قوشۇلۇپ «ۋۇ ئوئى» دېگەن مەسىھ مۇخلىسلىرى باشقۇرىدىغان «زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن قۇتقۇزۇش مەركىزى»گە كىردىم، ئۇ يەر بىر يىلغىچە يېگى ئۆيۈم بولۇپ قالدى.

مەن ئۇ يەردە زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن قۇتۇلۇپلا قالماي، توۋا قىلىپ بارلىق گۇناھلىرىمدىن، شەخسىيەتچى تۇرمۇشۇمدىن قۇتۇلدۇم. چۈنكى مەن ئۆزۈم رەب مەسىھ ئەيساغا يولۇقۇپ ئىشەنچ ئارقىلىق تونۇشتۇرۇلدۇم. ئۇنى ئۆزۈمنىڭ رەببىم، شۇنداقلا قۇتقۇزغۇچىم دەپ ئېتىراپ قىلدىم. بۇ مەركەزدە مەن ئۇنى ماڭا ئەڭ يېقىن، ئەڭ ئەزىز دەپ تونۇدۇم، ئۇنىڭ چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتى مېنىڭ ئەتراپىمدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم. ئۇ ماڭا قاراڭغۇلۇقۇمنى بارغانسېرى يوقىتىدىغان يورۇقلۇق بەردى. مەن ئۇنىڭدىن گۇناھلىرىم ئۈچۈن كەچۈرۈم-مەغپىرەت سورىدىم، ئۇ ماڭا بەردى. مەن پاكلاندىم، روھىم ۋە قەلبىم پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلدى. مەن ئۆزۈم خۇدانىڭ بىر مۆجىزىسى بولۇپ چىقتىم.

«ۋۇ ئوئى» مەركىزىدىن چىقىپ، قايتىدىن ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدىم. ئىلگىرىكى خىزمەتداشلىرىم ۋە خوجايىنلىرىمنى ئىزدىدىم، ئەمما ئۇلار ماڭا ئەمدى ئىشەنمەيتتى، ياكى مېنى قارشى ئالمايتتى. مېنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىگۈم يوق ئىدى.

بۇ ئىشلار ماڭا كىچىك پېئىللىقنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگىتىپ قويدى، ئۇ ماڭا ياخشى دەرس-ئىبرەت بولۇپ كەلدى. مەن بەزى مەسىھ مۇخلىسى تەشكىلاتلىرى ئۈچۈن ئىختىيارىي خىزمەت قىلىپ تۇراتتىم. ئالاقىچى، تازىلىق قىلغۇچى، ئېغىر ئەمگەكچىمۇ بولدۇم. شۇنداق قىلىپ مەن باشتىن باشلاپ يوقىتىپ قويغان تۇرمۇشۇمنى قايتىدىن قۇرۇشقا كىرىشتىم. كىشىلەر يەنە ماڭا ئىشىنىشكە باشلىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ زەھەرلىك چېكىملىكسىز تۇرمۇش ئۆتكۈزەلەيدىغانلىقىمنى بايقىدىم. خۇدانىڭ مېنى يېتەكلەيدىغان ئىككى قولى ئۈستۈمدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ مەندەك بىر ئەرزىمەسكە قانداقمۇ شۇنداق شەپقەت كۆرسەتسۇن؟ ئەمما بۇ بىر پاكىت ئىدى.

مەسىھ ئەيسانىڭ پۈتۈنلەي ئۆز ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كەلدىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن (يەنى، ئۇ بېكىتكەن ۋاقىتتا) ئۇ ماڭا ھەممەمنى قايتۇرۇپ

بەردى. خىزمىتىم، سالامەتلىكىم، سالاھىيىتىم ۋە ئائىلەمنى قايتۇرۇپلا قالماي، ئۇ ماڭا يېڭى بىر ئائىلە بەردى. مەن توي قىلغىلى ھازىر ئۈچ يىل بولدى. ئايالىم ۋە مەن بەك بەختلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتىمىز. ئايالىم بايىس خۇدانى سۆيىدىغان ئىنتايىن ياخشى ئايال، ئۇنى خۇدانىڭ ماڭا بەرگەن چوڭ ئىلتىپاتى دەپ قارايمەن. ئۇ ماڭا بەك كۆيىنىدۇ، خۇدا يولىدىكى ھەرقانداق ئىنتىلىشىمنى قوللايدۇ.

يېقىندا مەن رايونلۇق ھۆكۈمەت ئورۇنلاشتۇرغان چوڭ كەچلىك كونسېرتتا رويال چېلىشقا تاللىنىپ يوللاندىم. رويال چېلىش ھەققى بەك يۇقىرى ئىدى. بۇنداق ئىشلاردا خۇدانىڭ مېنى «ئەسلىگە كەلتۈرۈش» مۆجىزىسى كۆرۈنىدۇ.

يېڭى ئەركىنلىكىم ئۈچۈن مەن پۈتۈنلەي خۇداغا قەرزدارمەن. مەن ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىمەن. ئاخىرقى نەپەسىمگىچە مەن ئۇنىڭغا مەدھىيىلەر، شان-شەرەپلەر قايتۇرۇپ، تەشەككۇر ئېيتىمەن. مېنى قاراڭغۇلۇق ۋە قايغۇلاردىن قۇتقۇزغان خۇداغا مەڭگۈ شان-شەرەپ بولغاي!

ئامىن!

سىز گىلبېرتكە ئوخشاش ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇپ قالغان بولسىڭىز، خۇدا مەسىھ ئەيسا ئارقىلىق بىزگە قىلغان ئىلتىپاتىنى ھەممە ئادەمگە بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ. خۇداغا ئەيسانىڭ نامىدا دۇئا قىلىڭ، مېنى قۇتقۇزغايسەن دەپ تىلەڭ، ئۇنىڭ يولىدا مېڭىڭ. ئۇ ھەممىمىزگە يېڭى ھايات بېرىشكە تەييار تۇرىدۇ.

ئىزاھات: — كاتولىك دىنى ۋە تۆپ ئەيسا مەسىھ ئېتىقادىنىڭ پەرقى نېمە؟ كاتولىكلار بولسا ھەم مۇقەددەس كىتابلار (تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل)نى ئېتىراپ قىلغىنى بىلەن يەنىلا «رىم پاپىسى»نىڭ گېپىگە تايىنىدۇ. كاتولىك دىنى بويىچە، رىم پاپىسىنىڭ بارلىق سۆزلىرىنى خۇدانىڭ سۆزلىرى دەپ ھېسابلاش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، نۇرغۇنلىغان ئەنئەنىۋى قائىدە-يوسۇنلارغا ۋە بۇرچلارغا تايىنىدۇ. مەسىھ مۇخلىسلىرى تۇرمۇشتىكى تۆپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن پەقەت مۇقەددەس كىتابنىلا ھەممىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان، تولۇق ھوقۇقلۇق دەپ

ھېسابلايدۇ. كاتولىكلار ئادەتتە خۇدا ۋە ئادەملەر ئارىسىدا «پوپ»لار كىشىلەرنىڭ «ئالاقىچىسى» (كاھىن) رولىدا بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. مەسىھ مۇخلىسلىرى بولسا بىزگە موھتاج بولغان كېلىشتۈرگۈچى دەل مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزى، ئۇ ئىنسان بىلەن خۇدا ئارىسىدىكى بىردىنبىر كۆۋرۈك-كاھىن دەپ قارايدۇ.

# 22. ھەقىقەت!

# بىر ئېتىقادسىز ئادەمنىڭ ئېتىقادى (ئەنگلىيەدىن بولغان گۇۋاھلىق)

مەن بىر ئەنگلەيلىك، ئىسمىم داۋۇت. نۇرغۇن كىشىلەر ئەنگلىيەنى «خرىستىئان دۆلىتى» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق ئەمەس. نۇرغۇن ئەنگلىيەلىكلەر ئەنئەنىۋىي ھالدا «مەن خرىستىئان بولىمەن» دېگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە خۇدانىڭ ھەقىقەتلىكىنى، نىجاتلىقىنى ۋە مېھىر-مۇھەببىتىنى پەقەت تونۇمايدۇ. چۈنكى خۇدانى تونۇش ئەنئەنىۋى ئىش ئەمەستۇر. ھەربىر دەۋردىكىلەر شەخسەن ئۆزلىرى خۇدانىڭ ھەقىقەتلىكىنى تونۇۋېلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا ئىنجىل بويىچە ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ «ئېتىقاد»ى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ روھى بەرىبىر ئۆلۈكتۇر. دېمەك، كىشىلەردە دىن بار. لېكىن دىن ئەمەلىيەت، رېئاللىق ئەمەس. پەقەت خۇدانىڭ ئۆزى ئادەمنى قۇتقۇزىدۇ. تۆۋەندىكىسى مېنىڭ ھېكايەم.

ئاتا-ئانام جەمئىيەتتىكى «ئوتتۇرا ھاللىق»لاردىن بولۇپ، ئۇلار ئىككىسى ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ مەن ۋە ئىنىم ئىككىمىزگە كۆچىنىڭ بارىچە ياخشى تەربىيە بەرگۈسى بار ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئاساسى پەلسەپىسى «ماتېرىيالىزم» بولۇپ، پۇل ۋە مال-مۈلۈككە ناھايىتى ئېتىبار بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ، كىچىك ۋاقتىمىزدا ئاپامنىڭ بەزىدە تەۋرات-ئىنجىلدىكى ئەيسا مەسىھ ۋە پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى بايانلارنى ئوقۇپ بەرگىنى تېخى ئېسىمدە

تۇرۇپتۇ. مەن بىر قېتىم: «مەسىھ ئەيسا مۇخلىسلىرىنى خۇش خەۋەرنى جاكارلاشقا ئەۋەتكىنىدە، ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن پۇل ياكى ئاشلىق تىلىشىنى مەنئى قىلغان، ئۇلارنىڭ ھاجىتى چۈشكەن نەرسىلەرنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرماستىن پەقەت خۇداغا تايىنىپ دۇئا قىلىش ئارقىلىق تېپىشىنى بۇيرۇغان» دېگەن بايانىنى ئاڭلاپ بەك قىزىقىپ قالدىم. مەن: «ئەگەر بۇ مۇخلىسلار ئەينى چاغدا خۇدانىڭ ھەقىقىي ياردىمىنى ۋە مۆجىزىلىرىنى كۆرمىگەن بولسا، بۇ ئىنجىل دېگەن كىتابنى ھەرگىز يېزىپ قالدۇرمىغان بولاتتى» — دەپ ئويلىدىم.

مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان ۋاقتىمدا، كىچىك بىر ساۋاقدىشىمنىڭ: «مەن خۇداغا ئىشەنمەيمەن! ئاتا-ئاناممۇ خۇداغا ئىشەنمەيدۇ!» دېگەن گېپىنى ئاڭلىدىم. مەن ھەيران قالدىم. «ئادەم قانداقمۇ خۇداغا ئىشەنمىسۇن؟ خۇدا ھەممە نەرسىنى ياراتقان تۇرسا!» دەپ ئويلىغىنىمدا، ئۇشتۇمتۇت خۇدانىڭ ئۆزى ماڭا بەكمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم. بۇ ھېسسىيات ماڭا بىرلا ۋاقىتتا ھەم خۇشاللىق، ھەم ھاياجانلىنىش، ھەم قورقۇنچنىمۇ ئېلىپ كەلدى. بەش مىنۇتتىن كېيىن بۇ تۇيغۇ مەندىن غايىب بولدى. شۇ چاغدا مەن ئاران ئالتە ياشتا ئىدىم. خۇدانىڭ شۇنچە كىچىك ۋاقتىمدىلا مېنى ئۆزىگە تارتىشقا باشلىغانلىقىدىن كۆپ مىننەتدارمەن.

ئەمما چوڭ بولغانسېرى ئائىلىمىزدىكى تۇرمۇشتىن كۆڭلۈم بارغانچە يېرىم بولۇۋاتاتتى. گەرچە جىسمانىي جەھەتتىن «نوقۇزىمىز تەل» دېيىشكە بولىسىمۇ، ھەممە ئىش ماڭا ئەھمىيەتسىز تۇيۇلاتتى. بىر قېتىم، ئاتا-ئانام بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ بىر دوستىنىنى يوقلاپ باردۇق. چوڭلار مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ، بىر خىزمەتدىشى توغرۇلۇق گەپ قىلىشىۋاتاتتى: «بۇ كىشى ئادەمنى بىزار قىلىدۇ! ئۇ دائىم پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇنىڭ «رەب ئەيسا مەسىھ»ى توغرىسىدا گەپ قىلىدۇ. ئۇ ئۇچىغا چىققان بىر تەلۋە!». ئاندىن ئۇلار ماڭا قاراپ: «ئاتا-ئاناڭ ھەقىقىي خىرىستىئان، سەن بىلمەمسەن؟» دەپ سوراپ قويىدى. دەسلەپتە مەن ئىچىمدە: «توغرا، شۇنداق» دەپ ئويلىدىم. لېكىن مەسىھ ئەيسا توغرۇلۇق ئوقۇغان نەرسىلەر دەرھال ئېسىمگە كەلدى. «ئەيسا بولسا ئۆز دەۋرىدىكى مۇشۇنداق «دىنىي ئادەملەر» (شۇ چاغدىكى موللىلار)نىڭ ھاقارەتلىشىگە دائىم ئۇچراپ تۇرغان ئەمەسمۇ؟ زادى كىمنىڭ توغرا؟» دەپ ئويلىدىم. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە كۆڭلۈمدىن

چىقىۋاتقان ناھايىتى يېنىك بىر سادانى ئاڭلىدىم. ئۇ سادا شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدىكى، ئۇنى سىزگە تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. بۇ: «ئۇلار گېپىنى قىلىۋاتقان ھېلىقى كىشى مېنىڭ ھەقىقىي ئادىمىم، ھەقىقىي خرىستىئان» دېگەن سادا ئىدى. شۇ چاغدا مەن ئون ئۈچ ياشتا ئىدىم.

ئوتتۇرا مەكتىپىمىزدە «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» («ئىنسان مايمۇنلاردىن كېلىپ چىققان» دېگەندەك)نىڭ چوڭ تەسىرى بىلەن ئېتىقادسىزلىق خېلىلا كۈچلۈك ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا خۇدانى تونۇيدىغانلاردىن پەقەت بىرسىلا بار ئىدى — لېكىن مەن مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا ئۇنىڭ بىلەن ئانچە تونۇشمىغاچقا، مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆزلۈكىمدىن سۆزلىشىپ باقمىغانىدىم. ئەمما مەكتەپتە بىر «پوپ» بار ئىدى (كېيىن مەن ئىنجىلدىن «پوپ» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. مەسىھ ئەيسانىڭ بارلىق مۇخلىسلىرىدا، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتى بىلەن ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىش بۇرچى بارلىقىنى ۋە مۇخلىسلار جامائىتىدىكى ھەربىر ئىشەنگۈچىنىڭ ئۆزئارا قېرىنداش مۇناسىۋىتىدە بولىدىغانلىقىنى كېيىن ئۇقتۇم. شۇنداقلا مۇخلىسلار جامائىتىدە ھېلىقىدەك «مەخسۇس خادىم» ياكى «پوپ» دېگەن ئۇنۋان مەۋجۇت ئەمەس ئىدى).

ئەمدى بۇ «پوپ» بىزگە دەرس ئۆتىدىغان بولدى. كىچىكلىكىمدىن باشلاپ بىر دوستۇم ئۇنىڭدىن «ئەپەندىم، سىز نېمە ئۈچۈن خۇداغا ئىشىنىسىز؟ خۇدانىڭ مەۋجۇتلىقى توغرىسىدا ئىسپاتىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورىدى. بۇ سوئال دوستۇمنىڭ چىن كۆڭلىدىن چىققانلىقىنى بىلدىم. لېكىن مېنىڭ ھەيران قالغىنىم، بۇ «پوپ» ئەپەندىم مۇشۇ بىر ئاددىي سوئالغىمۇ ئۇنى-بۇنى دەپ جاۋاب بەرگەندەك بولدى-يۇ، لېكىن ئاساسىي جاۋاب چىقمىدى. مەن ئىچىمدە: «ماڭا ھەقىقەت كېرەك. خۇدا ھەقىقىي مەۋجۇت بولسا بۇنداق قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. مەن پۈتۈن كۆڭلۈم بىلەن ھەقىقەتنى ئىزدەيمەن» دېگەن قارارغا كەلدىم.

چۈنكى ئۆزۈم كۆڭلۈمدە ھاياتىمنى ناھايىتى قۇرۇق دەپ ھېس قىلدىم. ئاتام دائىم ماڭا ۋە ئىنىمغا ئۆز پەلسەپىسىنى تەكىتلەيتتى: «بىرىنچى نومۇردىن خەۋەر ئال!». ئۇنىڭ «بىرىنچى نومۇر» دېگىنى، «ئۆزۈڭنى» كۆزدە تۇتىدۇ. دېمەك، ھەربىر ئادەم ئۆزىنى ئويدان ئاسرىشى، باشقىلارنىڭ ئەھۋالىغا قارىماسلىقى

كېرەك. بۇ كۆزقاراشتىن باشقا ھەرقانداق كۆزقاراش بەك سادىدىلىق، تەلۋىلىك بولىدۇ، دەيدۇ. مەن ئۇنىڭدىن: «دادا، بۇ شەخسىيەتچىلىك ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىسام، ئۇ مېنى ھاقارەتلەشكە باشلىدى. زادى كىمنىڭ توغرا؟ بېشىم كۆندىن-كۆنگە قاتتى. كۈتۈپخانىغا بېرىپ نۇرغۇن پەلسەپەگە ئائىت كىتابلارنى ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇدۇم — ئېتىقادسىزلىق، «خرىستىئان دىنى»، ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، كوممۇنىزم، «تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى» ھەققىدىكى ھەرخىل كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتىم. ئوقۇغانسېرى كاللام ناھايىتى قالايمىقان بولۇپ كەتتى. «مەن نېمشقا بۇ جاھاندا تۇرىمەن؟ ھاياتىمنىڭ مەقسىتى نېمە؟» ئۆز-ئۆزۈمدىن قايتا-قايتا سورىغان بولساممۇ، جاۋاب تاپالمايتتىم.

ئاتا-ئانامدىن: «ئادەم نېمە ئۈچۈن مەۋجۇت؟» دەپ سورىسام، ئۇلار: «ياخشى ئۆگەن، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ياخشى خىزمەت تاپسەن. ئاندىن جىق پۇل تېپىپ چىرايلىق بىر ئۆينى سېتىۋالسەن، ئائىلىلىك بولسەن، شۇنداقلا بەختلىك بولسەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى. لېكىن ئۆزۈمنىڭ ئاتا-ئانامنىڭ «ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ، ئۆيلۈك، ئائىلىلىك» بولغاندىن كېيىن يەنىلا بەختلىك بولمىغانلىقىنى، خۇشال بولالمىغانلىقىنى كۆردۈم. مانا مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ ئادەمگە نېمە پايدىسى بولسۇن؟ ئاخىرى مەن ئۈمىدسىزلەندىم، بارلىق كىتابلىرىمنى تاشلىۋېتىپ قايغۇغا چۆمۈپ مەيۈسلەندىم. مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى ئويلىدىم، لېكىن پېتىنالمىدىم. ئۆزۈمنىڭ شەخسىيەتچىل تەبىئەتلىك ئىكەنلىكىمنى بارغانسېرى بايقاپ يەتتىم، «مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم چوقۇم باشقىلارغا ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ قويىمەن» دەپمۇ ئويلىدىم.

پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەنگەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن ۋاقتىتا ماڭا نۇر پەيدا بولدى. بۇ نۇر ئۆز كۆچۈم ۋە ئۆز كاللامدىن كەلگەن نۇر ئەمەس، ئۇ نۇر خۇدانىڭ ماڭا رەھىم قىلغىنىدىن كەلگەن نۇردۇر. يازلىق تەتىل تۈگىشى بىلەن مەن پاۋېل ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىم ھەم دوستۇم بىلەن يەنە كۆرۈشتۇم. بىز ئۇچراشقاندا ئۇ ماڭا قاراپ تۇرۇپ: «قارا دوستۇم داۋۇت، مەن ئۆزگەردىم. ئۆتكەندە بىز ئىككىيلەن باشقىلارغا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىك ۋە زىيان يەتكۈزدۇق، ئەسكىلىك قىلدۇق. ئەمدى مەن ھازىردىن باشلاپ ئۇنداق قىلمايمەن. مەن گۇناھلىرىمغا تووۋا قىلدىم، مەسىھ ئەيسانى ئۆزۈمنىڭ نىجاتكارىم ۋە رەببىم قىلىش ئۈچۈن مەن

ئۇنىڭغا چىن كۆڭلۈمدىن ئىشەندىم. ئۇ ماڭا يېڭى ھايات بەردى» ـــ دېدى.

مەن ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپ قالدىم. بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مېنىڭ بۇ دوستۇم سىنىپىمىزدىكى مىجەزى ئەڭ ئوسال، ئەڭ كاج ئوقۇغۇچى ئىدى. ئۇ قانداقمۇ «خرىستىئان» بولالىسۇن؟! لېكىن مەن ھەر كۈنى ئۇنى كۆزىتىپ تۇردۇم، دەرۋەقە ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن چوڭ ئۆزگىرىش بار ئىدى. بۇرۇن ئۇ دائىم باشقىلار بىلەن سوقۇشۇپ تۇراتتى، ئەمدى ھازىر بولسا، ھەربىر ئادەم بىلەن ئىناق ئۆتەتتى. ھەتتا بەزىلەر ئۇنى قەستەن خاپا قىلماقچى بولسىمۇ، ئۇ تىنچلىق يولى بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلاتتى. مەن ئۆز ئۆزۈمگە: «پەقەت ھەممىگە قادىر بىر خۇدانىڭلا دوستۇمدا شۇنچە چوڭ ئۆزگىرىشنى ھاسىل قىلىدىغان كۈچ-قۇدرىتى بار» دەپ ئويلىدىم. ماڭا ئەڭ قىزىق تۇيۇلغان ئىش شۇ بولدىكى، نۇرغۇن ئادەم ئۇنى مازاق قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدا دائىم بىرخىل خۇشاللىق ۋە ئامان-خاتىرجەملىك بار ئىدى.

بىرنەچچە ئايلار ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى دوستۇم مېنى ۋە باشقا بىر دوستىمىزنى بىر «مۇخلىسلار يىغىنى»غا قاتنىششقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ: «بۇ يىغىن چېركاۋدا ئەمەس، بىر ئۆيدە بولىدۇ» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ قوشۇلدۇم. يىغىن چېركاۋدا بولغان بولسا مەن بارمايتتىم. مەن چېركاۋدىن بىزار بولغانىدىم — چۈنكى ئۇن يەتتە يېشىمغىچە بولغان ئارىلىقتا چېركاۋدا بىرەر قېتىممۇ ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنغا قاتنىشىپ باققان ئەمەسمەن.

ئاتا-ئانام مېنىڭ بۇ يىغىنغا قاتناشماقچى بولغىنىمنى ئۇقۇپ خاپا بولدى. لېكىن شۇ كۈنى كەچتە مەكتەپتىكى «تاپشۇرۇق»نى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار مېنى توسۇۋالالمىدى. مەن ھېلىقى ئىككىنچى دوستۇم بىلەن يېغىۋاتقان قاتتىق يامغۇرغا قارىماي پاۋېلنى كۈتۈپ تۇردۇق. ئۇ كېلىشى بىلەن بىز يولغا چىقىپ، بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن چىرايلىق گۈلزارلىقتا پۈركەنگەن بىر ئۆيگە كەلدۇق. ئىشىكتىن كىرىپلا مەندە ھەيران قالارلىق بىرخىل تۇيغۇ پەيدا بولدى. بۇ ئائىلە مېھىر-مۇھەببەتكە ۋە خۇشاللىققا تولغان ئائىلە ئىكەن. بۇ ئۆي كىشىگە بەئەينى جەننەتتەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئەرنىڭ ئايالىغا، ئايالىنىڭ ئېرىگە بولغان كۆيۈمچانلىقى ھەممىگە ئايان. بالىلار بولسا خۇشاللىق بىلەن ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى، ئۇلار بۇيرۇلغان ئىشلارنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئالدىرىشاتتى.

راست، مەن بۇنداق ئالامەت ئائىلىنى كۆرۈپ باققان ئەمەسمەن. دەرۋەقە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەتتا بالىلارمۇ مەسىھ مۇخلىسىدىن ئىكەن.

ھەممىمىزگە بىر پىيالە چاي تۇتۇلغاندىن كېيىن پولدا ئولتۇردۇق. ئۆيگە ئادەم لىقمۇلىق تولغانىدى. دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىۋېرسىتېتىمىزدىكى بىر مۇئەللىم ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆز باشلىدى. «سىلەرگە گۇۋاھ بولۇش ئۈچۈن كەلدىم، خۇدانىڭ مەن ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنى ساناپ بېرەلمەيمەن... ئەمدى ئالدى بىلەن سىلەرگە مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆلۈمدىن تىرىلدۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدا ئانچە-مۇنچە ئىسپاتلار بەرمەكچىمەن...» دېدى.

«ئىسپات» دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپلا تېخىمۇ قىزىقىپ ئاڭلاشقا باشلىدىم. خۇدانىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرۇلۇق بۇ دۇنيادا ئىسپات بارمىدۇ؟

«... بۇ دۇنيادىكى ھەربىر ئادەم ئىستىسناسىز ئۆلىدۇ» دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ. «ئىنجىل بويىچە، پەقەت بىرلا ئادەم ئۆلۈمدىن تىرىلىپ قايتا ئۆلمىگەن. بۇ بولسا ئەيسا مەسىھدۇر. ئەگەردە ئۇ تىرىلمىگەن بولسا، نېمىشقا ئۇنىڭ قەبرىسىدە ئۇ يوق؟ ئۇنىڭ قەبرىسى بار، ئۇنىڭ قەبرىسى يېرۇسالېمدا، لېكىن ئىچىدە جەسەت يوق، ئۇ قۇرۇق تۇرىدۇ...». ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان تارىخىي ئىسپاتلارنى كەلتۈرۈپ تەۋرات، زەبۇر ۋە ئىنجىلنىڭ ھەقىقەت ۋە ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىزگە ئايان قىلدى. سۆزلىرى بەك ۋەزىنلىك، لېكىن ماڭا ئەڭ ئاجايىب تۇيۇلغان ئىش شۇ بولدىكى، ئىچىمدىن چىققان ھېلىقى يېقىملىق سادانى يەنە ئاڭلىدىم: «بۇ گەپ ھەقىقەت، ئۇنىڭغا ئىشەنگىن!».

مەن بىردىنلا نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشىنىپ يەتتىم. سۆزلىگۈچى بىزگە مەسىھ ئەيسانىڭ: «**ئەگەر مېنى تونۇغان بولساڭلار، ئاتامنىمۇ تونۇغان بولاتتىڭلار. ھازىردىن باشلاپ ئۇنى تونۇدۇڭلار ھەم ئۇنى كۆردۈڭلار... مېنى كۆرگەن كىشى خۇدا-ئاتامنى كۆرگەن بولىدۇ**» دېگەن گەپلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئەسلەتتى. «شۇڭا، مەسىھ ئەيسا قانداق بولسا، خۇدا ئاتىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئۇنىڭ تىرىلىشى ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى» دەپ چۈشىنىشىپ يەتتىم. مەن ئىشەندىم. كۆڭلۈمدە دۇئا قىلدىم: «خۇدا، سېنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭنى تېخى بىلمەيمەن. لېكىن ئۆزۈمنىڭ

ئەۋجىگە چىققان شەخسىيەتچى، تەككەببۇر ئەششەدىي گۇناھكار ئىكەنلىكىمنى بىلگىنىڭگە تولۇق ئىشىنىمەن. سەن ماڭا رەھىم قىلغايسەن! پەقەتلا مېھىر-شەپقىتىڭ بىلەن بۇ ئادەملەردە بولغان مېھىر-مۇھەببەت ۋە خۇشاللىق دېگەن نەرسىنى (نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ماڭا بەرگەيسەن!» دېدىم.

بىز ئۆيگە قايتتۇق. ئۆيگە كىرىپ ئاتا-ئانامنىڭ رەنجىگەن قىياپىتىنى كۆردۈم. ئاپام مەندىن: «ئەمدى، سەن ئاشۇ تەلۋىلەرنىڭ بىرى بولامسەن؟» دەپ سورىدى. مەن قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىدىم: «ئاپا، «مەسىھىي» دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئانچە بىلمەيمەن. لېكىن ماڭا نىسبەتەن بىر ئىش ئېنىقكى، خۇدا ماڭا بىر يولنى ئايان قىلغان. مەن شۇ يولدىكى بىرىنچى قەدەمنى باستىم، ۋە ھەرگىز قايتمايمەن. ئەمما بۇ يول بىلەن نەگە بارىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن...» دېدىم.

ئاتا-ئانام ماڭا ھەر ئامالنى ئىشلىتىپ مېنى ئۇ يولدىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇندى ۋە ماڭا تۈرلۈك قارشىلىق كۆرسەتتى. نۇرغۇن يىلدىن كېيىن، مەن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدىم. ئاتام بولسا كىچىك ۋاقتىدا بىر «خرىستىئان دىنىي مەكتىپى»گە ئەۋەتىلگەنىكەن. ئاشۇ مەكتەپتىكى «پوپلار» ۋە روھانىيلارنىڭ كۆپىنچىسى باللاردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى تولىمۇ بوزەك قىلغانىكەن. ئۇلار ھەددىدىن تاشقىرى رەھىمسىز ۋە ساختىپەزلەردىن ئىكەن، ئاتام شۇ چاغدا كىچىك بولغاچقا: «خۇدا بەلكىم بۇ ئادەملەردەك بولسا كېرەك» دېگەن ئويدا بولغانىكەن. بۇ ئوي تا ئۇ چوڭ بولغانغا قەدەر كاللىسىدىن چىقىپ كەتمىگەنىكەن. شۇڭا ئۇ خۇدا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەرقانداق ئىشنى ئاڭلىسا، بەك بىئارام بولۇپ كېتەتتى. ئاپاممۇ دادامغا ئوخشاپ كېتىدىغان كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىكەن. ئۇ ئىككىيلەن ھېچقانداق ئادەمدىن خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى كۆرۈپ باققان ئەمەسكەن.

مەن ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرسام، ئۆزۈمدە بىرخىل ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان يېڭى خاتىرجەملىكنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن بەك بالدۇر تۇرۇپ كەتكەنىدىم، پەسكە چۈشۈپ بىر ئىشكاپتىن ئاپامنىڭ ئىنجىلىنى تاپتىم. كىتابنى ئېچىپلا، بىرىنچى كۆرگەن ئايىتىم مۇنۇ بولدى: «**شۇنىڭ ئۈچۈن بىركىم مەسىھدە بولسا، ئۇ ئۆزى بىر يېڭى مەۋجۇدات! كونا ئىشلار**

ئۆتۈپ، مانا ھەممە ئىشلار يېڭى بولدى!». بۇنىڭغا قاراپ، بۇ ئىشنىڭ دەل ماڭا كەلگەنلىكىنى بىلىۋالدىم.

كېيىن مەن بۇ ئىشلارنى ساۋاقداشلىرىمغا گۇۋاھلىق قىلىشقا باشلىدىم. دوستلىرىم ئارىسىدا ماڭا ئوخشاش كۆڭلى قورۇق كىشىلەر بار ئىدى، ئۇلارمۇ مەسىھ ئەيساغا ئىشىنىشكە باشلىدى.

مەن ئون سەككىز ياشقا كىرگەن يىلىم چوڭ بىر زاۋۇتنىڭ لابوراتورىيىسىدىن خىزمەت تاپتىم. شۇ يەردىمۇ مەن سىناققا ئۇچرىدىم. بىرىنچى ھەپتىسى يېڭى خوجايىنىم ماڭا: «سەن ماڭا ياردەم قىلساڭ، مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن. مېنىڭ قىلغان تەجرىبىلىرىمنىڭ نەتىجىلىرىدە بەزى مەسىلىلەر بار. بۇ جەدۋەللەرنى مەن كۆرسەتكەن يول بىلەن تولدۇرۇپ بەرسەڭ، مەن كېيىن سېنىڭ «خىزمەت دوكلات»ىڭنى ناھايىتى ياخشى يېزىپ بېرىمەن، ساڭا بېرىلىدىغان مائاش جىقراق بولىدۇ» ــ دېدى. بۇ ئىشنىڭ پۈتۈنلەي ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ خۇداغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىمنى ئېنىق ئېيتمىسام بولمايتتى. مەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدىم. خوجايىنىم مەندىن قاتتىق رەنجىپ، ماڭا تەھدىت سالغان، مېنى ھاقارەتلىگەن بولسىمۇ، ئەمما خۇدا ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت بەردى. كېيىن ئۇ مېنىڭ خىزمىتىمنى كۆزەتكەن بولسا كېرەك، ئېيتاۋۇر پوزىتسىيىسى ئۆزگىرىپ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا باشلىدى. ھېلىقى «ساختا ئىش»نى قايتا تىلغا ئالمىدى. بىزنىڭ ئىشخانىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى مەندىن چوڭ ئىدى، دەسلەپتە ئۇلار مېنى ئېتىقادىم ئۈچۈن ھاقارەتلىدى. كېيىن ئۇلارمۇ مېنى كۆزىتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزىلىرى مەندىن ئاستىرتىن سوئال سوراشقا باشلىدى. بىر يىلدىن كېيىن ئىشخانىمىزدىكى ئىككەيلەنمۇ مەسىھ ئەيساغا ئىشەندى.

ھامما ئاچامنىڭ ئۆپكىسىنىڭ ئوڭ تەرىپى ئاز ئۇچرايدىغان، ساقايماس بىر كېسەللىكە گىرىپتار بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا مەن تېخنىكومدا ئوقۇۋاتاتتىم. ئاپام ماڭا خەت يېزىپ ھامما ئاچامنىڭ ئەھۋالىنى دەپ بەرگەنىدى. دوختۇرلار شۇ چاغدا ئۆپكىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى كېسىۋېتىش ئوپېراتسىيىسىنى قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانىكەن. ئەگەر ئوڭ تەرەپتىكى كېسەل سول ئۆپكىگە تاراپ كەتسە، ئۇنىڭ كېسىلىدە ئۈمىد قالمىغان بولاتتى. شۇڭا ئاپام ماڭا خەت يېزىپ مەندىن ھامما

ئاچام ئۈچۈن دۇئا قىلىشىمنى تەلەپ قىلغانىكەن. ئۇ سىڭلىسىغا بەك ئامراق ئىدى، شۇڭا بەكمۇ ئەنسىرەپ كەتكەنىدى. مەن شۇ چاغدا ھەر كۈنى چۈشتە بىر دوستۇم بىلەن بىللە دۇئا قىلاتتۇق. ھامما ئاچام ئۈچۈن دۇئا قىلغىنىمىزدا دوستۇم خۇدادىن ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ساقىيىدىغانلىق ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەنىكەن (مەن ئۇ ئىشەنچكە ئېرىشمىگەنىدىم!). ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىككىنچى پارچە خەت كەلدى: «خۇداغا مىڭ رەھمەت، ھامما ئاچاڭنىڭ كېسىلى ساقايتىلدى!». ئاپامنىڭ دېيىشىچە، ئوپېراتسىيە قىلىنىدىغان كۈنى سىڭلىسى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، بىر پارچە قارا رەڭلىك، سېسىق نەرسىنى قۇسۇۋەتكەنىكەن. دوختۇر دەرھال يەنە بىر قېتىم رېنتىگىنگە ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ھامما ئاچامنىڭ ئوڭ-سول ئۆپكىسى رېنتىگەندە ساپساق چىققانىكەن! دوختۇر ئۇنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا: «خانىم، بۈگۈن سىزگە مېنىڭ خىزمىتىمنىڭ ھاجىتى يوق! ئۇلۇغ خۇدا سىز ئۈچۈن بىر مۆجىزە يارىتىپتۇ. دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ!» دەپتۇ. بۇ ئىش ئاپامنى بەكمۇ تەسىرلەندۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپام خۇدانىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ.

خۇدا بەزىدە ماڭا چۈش ئارقىلىق ۋەھىي بېرەتتى. مەسىھ ئەيساغا ئىشەنگەن بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن مەن ئۈچ قېتىم چۈش كۆرگەن. بىرىنچى، ئىككىنچى چۈشۈم بەك تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئىككىنچىسىدە مەن بىر «كەچلىك كۇلۇب»تا (مەيخانا)دا تۇرۇپ، ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى سۆزلەۋاتقۇدەكمەن. «كۇلۇب»تا «ئىنجىل جاكارلاش» بىر ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا مەن «كۇلۇب» دېگەن يەرگە ھېچقاچان بېرىپ باققان ئەمەسمەن! لېكىن ئالتە ئايدىن كېيىن دەل ئاشۇ چۈشۈمدىكى ئىش ئوڭۇمدا يۈز بەردى. ئويلىمىغان يەردىن بىر «كۇلۇپ»قا بېرىپ قالدىم. تېخىمۇ ئاجايىب بولغىنى شۇكى، بۇ كۇلۇبتا ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغان كىشىلەر مەسىھ ئەيسانىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلاپ بەك تەسىرلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۈچىنچى چۈشۈم بولسا باشقىچە ئىدى. چۈشۈمدە مەن بىر دۆلەتنىڭ «تىكەنلىك سىم توسۇق» چېگرىسى ئالدىدا تۇرغۇدەكمەن. مەن چېگرىنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىرخىل تەشنالىق بىلەن ماڭا قاراپ تۇرغان يىگىرمە نەچچە ئادەمنى كۆرۈۋېتىمەن؛ چۈشۈمدە ھەم كەلگۈسىدە ئۇلارغىمۇ خۇش خەۋەرنى

يەتكۈزىدىغانلىقىمنى بىلىپتىمەن. كېيىن بۇ چۈشۈممۇ ئەمەلگە ئېشىپ، خۇدانىڭ يولىيورۇقى ۋە كۈچ-قۇدرىتى بىلەن، مۇشۇنداق «يېپىق» دۆلەتلەرگە بېرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، شۇ يەرلەردىكى ئادەملەرگە ئىنجىل كىتابلىرىنى يەتكۈزۈپ، يۇقرالار بىلەن پاراڭلىشىپ خۇش خەۋەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ھەم شۇ دۆلەتلەردە ئېتىقادى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مۇخلىس قېرىنداشلىرىمغا ياردەم ۋە تەسەللى بېرىپ تۇرۇشتىن مۇيەسسەر بولدۇم. مۇشۇ جەرياندىكى سەپەرلىرىمدە، مەن خۇدا ياراتقان مۆجىزىلەرنى خېلى كۆپ كۆرۈپ كەلمەكتىمەن. مەن ئىلگىرى ئاپامغا: «بۇ يول بىلەن كەلگۈسىدە نەگە بارىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن» دېگەنىدىم. راست، ھېلىمۇ ھەم شۇنداق. بۇ يولدا ماڭا پەقەت خۇدا ھەمراھ بولسىلا بولدى.

خۇدا مېنىڭ گۇناھلىرىمنى يۇيۇپ، مېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئۆز ئوغلىنى كرېستتا مىخلاتقۇزۇپ، ئۇنى قۇربانلىق قىلىشقا يول قويدى. بۇنىڭ ئەھمىيەتلىك ۋە ھەقىقەتلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇ مەسىھ ئەيسانى ئۆلۈمدىن تىرىلدۈردى. بۇنىڭغا ئىشەنسەك، گۇناھلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ توۋا قىلىپ رەب ئەيسا مەسىھنىڭ ھەققانىيلىقىغا تايانساق، ھەممىمىز كەچۈرۈم قىلىنىمىز! خۇدانىڭ مۇقەددەس روھىنى قوبۇل قىلىشىمىز بىلەن گۇناھتىن قۇتۇلۇپ، يېڭى ھاياتقا ئېرىشىمىز. بۇ ھەقىقەتەن خۇش خەۋەر! سىزنىڭ بۇ يول بىلەن ماڭغۇڭىز بارمۇ؟

# 23. ھاراقكەشلىكتىن قۇتقۇزۇلۇش (ئەنگلىيەدىن بولغان گۇۋاھلىق)

*ئاپتور 80-يىللاردا ئالەمدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرى تېخىچە بىزگە زور كۈچ بېرىپ كېلىۋاتىدۇ.*

«ئىسمىم ئارتۇر بارراس، مەن ئەنگلىيەلىك. ئەنگلىيەنىڭ شىمال تەرىپىدىكى نيۇكاسىل دېگەن چوڭ شەھەردە 1927 يىلى تۇغۇلدۇم. ئائىلىمىز نامرات بولغىنى بىلەن بەختلىك بىر ئائىلە ھېسابلىناتتى. يۇرتۇمدىكىلەر پۇتبولغا ھەددىدىن زىيادە ئامراق بولۇپ، ئوغۇل باللار ئەمدىلا مېڭىشنى بىلەن تەڭ پۇتبول ئوينايدۇ. قىسقىسى ئۇلار ئۈچۈن پۇتبولنى بىر خىل بۇتپەرەسلىك دەپ ھېسابلىغىلى بولىدۇ.

مەن ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا باشقا باللاردىن سەل چوڭ بولۇپ، پۇتبولنى بەك ياخشى ئوينايتتىم، ساۋاقداشلىرىم، دوستلىرىم ئارىسىدا خېلى «ئابرۇيۇم بار» ئىدى. شۇڭا مەن بەك تەكەببۇر بولۇپ كەتكەنىدىم. ئەمما ھېچكىم ماڭا تەكەببۇرلۇقنىڭ خەتەرلىكى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرمىدى. كېيىن مەن بۇ تولىمۇ جاپالىق ساۋاقنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدۇم.

مەن مەكتەپنى ئون ئالتە يېشىمدا تۈگىتىپ، پارچە-پىرات خىزمەتلەرنى تېپىپ ئىشلىدىم، ئۆز يانچۇقۇمغا ئازراق پۇل كىرگەندە، بەك خۇش بولدۇم. ئون يەتتە ياشقا كىرگىنىمدە مەن ئىنتايىن قاۋۇل، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ يېتىلدىم، تېخىمۇ تەككەبۇر بولۇپ كەتتىم.

يۇرتۇمدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك — ھاراق ئىچىش. ئەرلەر بىر كەچتە پىۋىدىن (پىۋىمىز بەك كۈچلۈك) سەككىز-توققۇز ئىستاكان ئىچەلمىسە،

«ھەقىقىي ئەركەك» ھېسابلانمايتتى. دېمەك، يۇرتۇمدا ھاراقكەشلىك بەك ئېغىر بىر مەسىلىدۇر.

ئۇن سەككىز ياشقا كىرگىنىمدە دوستلىرىمنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن مەن ھاراق ئىچىشكە باشلىدىم. دەسلەپتە ئۇنى ئانچە ياخشى كۆرمىدىم، ئەمما دوستلىرىمنىڭ ئالدىدا رەت قىلىشقا خىجىل بولدۇم. رەت قىلسامىمۇ، ئۇلارنىڭ مېنى مازاق قىلىشلىرى بىلەن مەن كۆپ ئىچىدىغان بولدۇم. مۇشۇ ئىشلار بىلەن كېيىنكى كۈنلەردە مەندە ھاراققا بولغان كۈچلۈك بىر خۇمار پەيدا بولدى. كېيىن مەن بىر مەسىھ مۇخلىسى ئاقساقىلىنىڭ مۇنداق ئىشلار توغرىسىدىكى ئاقىلانە سۆزىنى ئاڭلىدىم — «دوستلىرىڭنىڭ مازاق قىلىشلىرى سېنى دوزاخقا كىرگۈزەلەيدۇ، لېكىن سېنى ھېچ چىقارالمايدۇ». بۇ گەپ ئاددىي بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى مەندەك نۇرغۇنلىغان ساددا ياشلارغا ئىنتايىن پايدىلىق ئىدى.

خىزمەت تېپىش تەس ئىدى، شۇڭلاشقا بىلەن بىر ۋاقىتتا مەن «دۇنيانى كېزىپ كېلەي» دېگەن خاھىشمنى قاندۇراي دەپ ئۆزۈمنى ئارمىيىگە تىزىملىتىپ قويدۇم. بىر يىللىق ئاددىي تەربىيىدىن كېيىن، بىز چەتئەللەرگە ئەۋەتىلدۇق. ئارمىيە تەربىيىسى بەزىلەر ئۈچۈن ئىنتايىن قاتتىق بولغان بولسىمۇ، بۇ مەن ئۈچۈن ئانچە قىيىن ئىش ئەمەس ئىدى. مەن بەك ساغلام ۋە كۈچلۈك ئىدىم. پۈتبولنى ياخشى ئويناپدىغانلىقىم ئۈچۈن سەپداشلىرىم ئارىسىدا تولىمۇ قارشى ئېلىندىم. مەن يەنە تەكەببۇرلىشىپ كەتتىم. بىزنى ياراتقان، بىزگە تالانت ۋە ھەممىنى بەرگەن بىر خۇدانىڭ بارلىقىنى، تەكەببۇر بولۇشنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوقلىقىنى، خۇداغا رەھمەت ئېيتىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ باقمىغانمەن.

ئارمىيىدىكى ھەربىيلىك ھاياتىمنى تازا بىمەنىلىك ھېس قىلىپ كەتتىم. بەزى قىلغان ئىشلىرىمىزنى ئەخلاقسىزلىق دەپ ھېس قىلىپ بىزار بولدۇم. ھاياتىمدىكى قۇرۇقۇرۇقلۇق، مەنىسىزلىكتىن قېچىپ ھاراق ئىچىپ مەست يۈرەتتىم. نەتىجىدە، ھاراق ئىچكەنسېرى ھاياتىمنىڭ تېخىمۇ ئەھمىيەتسىز بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. مىجەزىم ئۆزگىرىپ، تېرىككەك بولۇپ قالدىم. سەپداشلىرىم ئۇساللىشىپ كەتكەن خۇي-پەيلىمگە قاراپ، مەندىن قورقۇپ كەتتى.

بىر قېتىملىق دەم ئېلىش ۋاقتىدا ئۆيگە قايتتىم. بىرسى مېنى مىجەزى ياخشى، ئىشچان ۋە چىرايلىق بىر قىزغا تونۇشتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي بىز توي قىلدۇق. «شېرىن ئاي» ئۆتكەندىن كېيىن، قىسمغا قايتىپ باردىم. بىز ئايرىلغىنىمىزدا، ئۇ ھامىلدار بولغانىدى. كېيىن مىسىردىكى سۈۋەيش قانىلىدا جېسەكچىلىك قىلىشقا قويۇلدۇق (شۇ چاغدا ئەنگلىيە قانالنى باشقۇراتتى). مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن مەن قاھىرە شەھىرىدە تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە كونسۇلخانىسىغا تەقسىم قىلىندىم. ئارمىيە بويىچە بۇ ئىنتايىن ياخشى خىزمەت دەپ ھېسابلىناتتى، مائاشى يۇقىرى، خېلى ئىمتىيازى بار ئىدى. كونسۇلخانىنى قوغداش ئۈچۈن ھەربىيلەر سالاپەتلىك، سالماقلىق بولۇشى كېرەك ئىدى، ئەلۋەتتە. مەن بولسام ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ يۈرۈۋەردىم. بىر كەچتە باشقا بىر ئەسكەر بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم. نەتىجىدە ئۇ ئەسكەر ئېغىر يارىلىنىپ ئۆلۈپ كەتتى. شۇ ئىش تۈپەيلىدىن مەن ئاۋۋال كونسۇلخانىدىن ئايرىلدىم، ئاندىن سوت قىلىنىپ ئارمىيىدىن ھەيدىلىپ ئۆيگە قايتۇرۇۋېتىلدىم.

يۇرتۇمدا ئانچە-مۇنچە ئىشلەمچىلىك قىلىپ جېنىمىزنى باقتىم. ئايالىمنىڭ تەسىرى بىلەن ھاراق ئىچىشنى ئازايتتىم، شۇنىڭ بىلەن بىر بەختلىك مەزگىلنى ئۆتكۈزدۇق، دېسەك بولىدۇ. ئاخىرى بىزنىڭ تۆت ئوغۇل، بىر قىزىمىز بار بولدى.

ياخشى ئايالىم، ياخشى ئائىلەم بولغىنى بىلەن مېنىڭ ھاياتىم يەنىلا ئەھمىيەتسىز ئىدى، ئۆزۈمدە مۇھىم بىر نەرسە كەم دەپ ھېس قىلاتتىم.

بىر كۈنى ھاراققا بولغان خۇمارىم يەنە قوزغالدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مەن خىزمىتىمدىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتماي بىۋاستە مەيخانىغا بېرىپ، ئۈچ-تۆت ئىستاكان پىۋە ئىچىپ ئاندىن ئۆيگە قايتىدىغان بولدۇم. پىۋە بولمىسا مەن بولالمايتتىم. بىر كۈن ئىچىدە ئۈچ-تۆت ئىستاكان ئىچمىسەم پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ، قاتتىق تەرلەپ كېتەتتىم. پۈتۈن دۇنياغا ئايدىڭ ئىدىكى، مەن بىر ھاراقكەش ئىدىم. بىراق ئۆزۈم بۇنى ئېتىراپ قىلمايتتىم. «ھېچۋەقەسى يوق — مەن خالىساملا تاشلىيالايمەن» دەپ ئۆزۈمنى ئالداپ يۈرەتتىم.

بىراق خۇمارىم بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. ھەر كۈنى بەش-ئالتە ئىستاكان ئىچەتتىم. ئائىلەمگە بېرىشكە تېگىشلىك پۇلنى ھاراققا خەجلەپ تۈگىتەتتىم.

بىر كەچلىكى، مەيخانىدىن مەست ھالدا چىقىپ ئۆيگە قايتىپ باردىم.

بەلكىم ئايالىم ماڭا ئازراق گەپ قىلغان بولسا كېرەك، بىلمەيمەن، بىراق مەن ئۇنى ۋە بالىلىرىمنى قاتتىق ئۇرۇپتىمەن. ئەتىگەندە ئويغىنىپ، ئايالىمنىڭ يارىلانغان قانلىق يۈزىگە قاراپ ئاچچىقلىنىپ: «كىم شۇنداق قىلدى؟» — دەپ سورىدىم. ئۇ: «ئارتۇر، سەن ئۆزۈڭ قىلدىڭ» — دېدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي ئىنتايىن خىجىل بولۇپ ئۈنسىز خىزمەتكە چىقىپ كەتتىم.

قاتتىق خىجىل بولغان بولساممۇ، بۇ ئىش يەنە كۆپ قېتىم تەكرارلاندى. بالىلىرىم ھەربىر كەچتە مېنى قورقۇنچ بىلەن كۈتەتتى. ئائىلە تىنچلىقىمىز ئاخىرلاشتى، مۆكۈشۈۋالاتتى.

ئاخىر مەن خىزمەتتىن بوشىتىلدىم. ھاراق ئىچكەنلىكىمدىن، خىزمەت قىلغۇدەك ماغدۇرۇم يوق ئىدى. مەن پۈتۈنلەي تايىنى يوق بىر ئادەم بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈمگە يۈزلەندىم. مەن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، ئىنتايىن خەتەرلىك بىر ئادەم ئىكەنمەن. رېئاللىق كۆز ئالدىمدا تۇراتتى. مەن ئۆز ئۆزۈمنى كونترول قىلالمايدىغان، قىپقىزىل بىر ھاراقكەش ئىدىم.

ئۈمىدسىزلىنىپ كەتتىم. بۇ دۇنيادا كىممۇ ماڭا ياردەم قىلسۇن؟

بۇ مەزگىلدە بولسا، ئايالىمدا ھەم كارامەت ھەم چوڭ بىر ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىدى. ئۇ يېقىن جايدىكى بىر «مەسىھ مۇخلىسى ئۇيۇشمىسى»نىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ئۇلارنىڭ تەلىمىنى ئاڭلاشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى تونۇپ، گۇناھلىرىنى خۇدا ئالدىدا ئېتىراپ قىلىپ، توۋا قىلىپ ئۆزىنى مەسىھ ئەيساغا تاپشۇرغىنىدا كۆڭلى چوڭقۇر ئارامبەخش تاپقانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ماڭا: «ئارتۇر، سەنمۇ مەسىھ ئەيساغا ئىشىنىشىڭ كېرەك. ئۇ خۇدانىڭ ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچىسى، سېنىمۇ قۇتقۇزالايدۇ، گۇناھلىرىڭنى كەچۈرۈم قىلالايدۇ» — دەيتتى. ئۇ يەنە ماڭا ئىنجىلدىن بىرنەچچە ئايەتنى قايتا-قايتا ئوقۇپ بەردى. ئۇلاردىن بىرى: «چۈنكى خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيدۇكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنى پىدا بولۇشقا بەردى. مەقسىتى، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ھەربىرىنىڭ ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر». ئەمەلىيەتتە ئايالىم مېنى كەچۈرۈم قىلغان بولسىمۇ، بالىلارنى قوغداش ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزى بىلەن مەندىن

ئايرىۋېتىشنى ئويلاۋاتاتتى. بىراق ئۇ مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئۇزمىگەنىدى.
بىراق مەن ئۇنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە ئانچە دىققەت قىلالمىدىم. بىر جەھەتتىن، مەندەك شۇنچە ئېغىر بىر گۇناھكار بىر مۇقەددەس خۇدا بىلەن قانداقمۇ ئالاقىدە بولالىسۇن؟ ئىككىنچىدىن، ئەتە نەدىن ھاراقنى تاپىمەن دېگەن ئوي كاللامنى ئىگىلەيتتى. مەن بەك قاتتىق قايغۇ-ھەسرەتكە چۆمۈپ كەتتىم. دۇنيا بويىچە مېنىڭدەك قاراڭغۇلۇقتا قالغان كىشى بارمىدۇ؟ ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنى — ئايالىم ۋە بالىلىرىمنى ۋەيران قىلماقتا ئىدىم.
مەن بىر قارارغا كەلدىم. ئۆزۈمنى ئۆلتۈرىۋېلىشىم كېرەك.
ئاۋۋال مەن «ئەڭ ئاخىرقى قېتىم»قى تۆت-بەش بوتۇلكا پىۋا ئىچىپ، ئاندىن شەھەرىمىزدىكى پويىز ئىستانسىسىنىڭ ئالدىدىكى قاتناش يولىغا باردىم. ئاپتوبۇسلار ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. پۇرسەت كەلدى، مەن ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چوڭ بىر ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىغا ئۆزۈمنى تاشلىدىم.
بەزى ئادەملەر ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى سېكونتلىرىدا، ئۆلارنىڭ پۈتۈن ئۆتكەن ھاياتىنىڭ جەريانى بىراقلا كۆز ئالدىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مەندىمۇ شۇنداق بولدى. ئاشۇ سېكونت ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى تەسۋىرلەش ئىنتايىن تەس. ئۇلارنى دېسەم بەزى ئادەملەر ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما بۇلار راست پاكىت. مەن ئاۋۋال ئۆزۈمنى ئەرزىمەس بىر گۇناھكار كۆردۈم. مەن ھەقىقەتەن ئۆلۈمگە، دوزاختا لايىق ئىكەنمەن. ئەمما نېمىشقىدۇر بىلمىدىم، ئايالىم ئېيتقان ئىنجىلدىكى ھېلىقى ئايەت كاللامغا تۇيۇقسىز كۈچ بىلەن كىرىپ، قاراڭغۇلۇقۇمنى يورۇتتۇەتتى: «**چۈنكى خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيىدۇكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنى پىدا بولۇشقا بەردى. مەقسىتى، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ھەربىرىنىڭ ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر**». مەن ئويلىدىم: — خۇدا «پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىنسانلار»نى سۆيىدى ھەم سۆيىدۇ... ئۇ شۇنچە ئۇلۇغ بىر خۇدا، ھەتتا مەندەك بىر كىچىك ئەرزىمەس ئادەمنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ. خۇدانىڭ ھەتتا مېنىمۇ شۇلارنىڭ سىرتىغا قويۇشى قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ «**دۇنيادىكى ئىنسانلار**» دېگىنى، باشقا ئەمەس. ئۇ جەزمەن ۋەدىسىدە تۇرىدىغان بىر خۇدادۇر!

«ئۇلۇغ خۇدا، مېنى قۇتقۇزۇۋال!» — مەن ۋارقىراپ نىدا قىلدىم.

ئىشىنىڭ، ئىشەنمەڭ، ئىشىنىڭ بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ زەررىچىلىك سېكۇنت ئىچىدە يۈز بەرگەن. ئاپتوبۇسنىڭ شوپۇرى ئەلۋەتتە قاتتىق تورمۇز بەردى، ئەمما ئۇ كېيىن ماڭا: «ئاپتوبۇس قانداقتۇر شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە توختىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئۇ: «ماڭا بىر مۆجىزىدەك تۇيۇلدى» دېدى. راست، بۇ بىر مۆجىزە ئىدى. ئاپتوبۇس يۈزلەمدىن بىر سانتىمېتىر يىراقلىقتا توختاپ قالدى.

ئورنۇمدىن تۇردۇم. چىرايى ئۆڭۈپ كەتكەن ئاپتوبۇس شوپۇرى ۋە يولۇچىلار ماڭا داڭقېتىپ قاراپ تۇراتتى. مەن شوپۇردىن كەچۈرۈم سورىدىم. ئاندىن ئۆيگە ئاستا-ئاستا مېڭىپ كەتتىم. راست، ئاپتوبۇسنىڭ توختىشى بىر مۆجىزە ئىدى. ئەمما ماڭا ئېنىق تۇرۇپتۇكى، ئەڭ چوڭ مۆجىزە ئۆز كۆڭلۈمدە يېڭى بىر ھايات، يېڭى بىر كۈچ بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم.

يېڭى ھاياتىم باشلاندى. ئايالىم ۋە باللىرىم تېزلا بۇ ئائىلىدە يېڭى بىر ئەر، يېڭى بىر ئاتىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ يەتتى. مەن مەسىھ مۇخلىسى ئۇيۇشمىسىنىڭ يىغىنلىرىغا قاتناشتىم. ئۇلار بەك خۇش بولۇپ: «ئارزۇر بىز سىز ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت دۇئا قىلىپ كەلدۇق» دەپ مېنى قارشى ئالدى. مەن ئۆزۈمنىڭ «شەخسىيەتچىلىك تۇرمۇشۇم ئاخىرلىشىپ، كونا ئارزۇر ئۆلۈپ، يېڭى ھاياتىم كەلگەن»لىكىنى تەبرىكلەيدىغان «دەپنە-تىرىلىش تەبرىكلەش مۇراسىمى»نى ئۆتكۈزدۈم، يەنى ئەيسانىڭ نامىدا سۇغا چۆمۈلدۈرۈلدۈم. شۇنداق قىلىپ مەسىھ ئەيساغا بولغان ئېتىقادىمنى ھەممە ئادەم ئالدىدا ئېتىراپ قىلدىم.

ھەممە ئىشلىرىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ياكى راۋان بولدى دېيەلمەيمەن. خىزمەتنى قايتىدىن تېپىش تەس ئىدى. نۇرغۇن خوجايىنلار مەندە بولغان ئۆزگىرىشكە ئىشەنمەي، مېنى ياللاشنى رەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئوبدان چۈشەندىم. ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولسام بەلكىم مەنمۇ ئوخشاشلا شۇنداق قىلاتتىم. مەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىنجىلنى كۆپ ئوقۇغىنىم بىلەن، يەنىلا مەندە بىر يېتەرسىزلىك بار دەپ ھېس قىلاتتىم. لېكىن نېمە قىلىشنى بىلەلمەيتتىم. ھەتتا بىر-ئىككى قېتىم مەن ئازدۇرۇلۇپ، يەنىلا ھاراق ئىچتىم. قاتتىق پۇشايمان قىلدىم، ئايالىم ۋە ئۇيۇشمىدىكى ئاكا-ئۇكىلىرىم مېنى يەنە رىغبەتلەندۈرۈپ، خۇدا سىز ئۈچۈن قىلىدىغان بىر ئىش چوقۇم ئورۇنلاشتۇرغان، دەپ ئىلھام بەردى.

بىر كۈنى ئۆيۈشمىدىكى بىر ئاقساقال بىزنى يوقلاپ كەلدى. مەن بىلەن ئىنجىل توغرۇلۇق ئازراق پاراڭلىشىپ ئاندىن دۇئا قىلىشقىنىمىزدىن كېيىن، ئۇ ماڭا قاراپ: «ئارتۇر، مەن ھازىر بىرنەچچە قېيىنچىلىقتا ئۇچرىغان ئائىلىنى يوقلاپ بارىمەن. بىللە بارامسەن؟» دەپ سورىدى. مەن خۇشاللىق بىلەن كىيىمىنى كىيىپ ئۇنىڭ بىلەن ماڭدىم.

بىرىنچى ئۆيدە، بىر تۇل خوتۇن يولدىن چىققان ئوغلى توغرىسىدا دەردلىرىنى بىزگە تۆكۈپ بەردى. مەن ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلىپ، ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئانچە-مۇنچە دەپ بەردىم، ئىنجىلدىكى ئۈمىد يەتكۈزىدىغان سۆزدىن بەزىلىرىنى ئوقۇدۇق، ئاخىرىدا بىز تىزلىنىپ دۇئا قىلدۇق. ئۇ ماڭا: «بەك تەسىرلەندىم، بەك رىغبەتلەندىم» دەپ رەھمەت ئېيتتى. بىز ئۆيدىن چىققاندىلا ئاندىن بۇ ئاقساقال دوستۇمغا ھېلىقى تۇل خوتۇنغا ھېچقانداق سۆز قىلىش پۇرسىتى بەرمىگەنلىكىمنى ھېس قىلدىم! ئۇنىڭدىن ئاغزىمنىڭ ئىتتىكلىكى ئۈچۈن ئەپۇ سورىدىم. ئۇ ماڭا قاراپ: «ئارتۇر، خۇدا سېنى دەل شۇنداق خىزمەتنى قىلىش ئۈچۈن ياراتقان. كەلگۈسىدە سەن نۇرغۇن ئادەملەرنى شۇنداق رىغبەتلەندۈرىسەن» دەپ كۈلۈپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ مەن ئاقساقال دوستۇم بىلەن نۇرغۇن قىيىنچىلىقتا يولۇققان ئادەملەرنى يوقلاپ باردۇق. كېيىن ئۆزۈم يالغۇز دوختۇرخانىلارغا، نېرۋا كېسەل دوختۇرخانىلىرىغا، تۈرمىلەرگە بېرىپ نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ، ئۇلارغا خۇدانىڭ ماڭا قىلغان ياردىمى، مېنى قانداق قۇتقۇزغانلىقىنى دەپ ئورتاقلاشتىم. ئايالىم ۋە باللىرىم مېنىڭ بۇ خىزمىتىمنى ئىنتايىن قوللىدى. ئۆيىمىز ھەر شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ياشلارغا تولۇپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ مەدھىيە ناخشىلىرى، دۇئالىرى ۋە خۇشال كۈلكىلىرى ياڭراپ تۇراتتى.

مەن ئۈچۈن ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش بولسا، ئىلگىرى مېنىڭ «ماكانىم» بولغان ئاشۇ مەيخانىلارغا قايتىپ بېرىپ، ئولتۇرغان خېرىدارلارغا ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش بولدى. ئادەتتە مەن بىرنەچچە ياش دوستلىرىمنى بىللە ئېلىپ، خوجايىنلىرىدىن رۇخسەت سورىغاندىن كېيىن گىتارىمىز بىلەن مەدھىيە ناخشىسى ئېيتىپ، ئاندىن خۇدانىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتى، مېھىر-شەپقىتى توغرىسىدا سۆزلەيمەن. ئاندىن خېرىدارلار بىلەن

ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىمىز. مەن ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرى، يالغۇزلۇقلىرىنى ئوبدان چۈشىنىمەن. چۈنكى ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئورنىدا مەنمۇ ئولتۇرغانىدىم.

ئىنجىلدا ھاراق ياكى شاراب ئىچىش مەنئى قىلىنمايدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭدا مەست بولۇش قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن مەندەك ھاراقنىڭ قۇلى بولۇپ قالماسلىقنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ. مەن ھازىر ھاراقنى قەتئىي ئىچمەيمەن. بۇ ئۆزۈمنىڭ سەۋەبىدىنلا ئەمەس؛ چۈنكى ھاراق مەن ۋە مەندەك نۇرغۇن يۇرتداشلىرىم ئۈچۈن چوڭ پۈتلىكاشاڭ، ئىنتايىن خەتەرلىك بىر نەرسە. مەن ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئۈلگە بولغۇم بار.

سىزدىمۇ مۇنداق مەسىلە بولسا، پەقەت ھەممىدىن ئۇلۇغ خۇدا سىزنى قۇتقۇزالايدۇ. مەسىھ ئەيسانىڭ نامىدا ئۆز سۆزىڭىز بىلەن دۇئا قىلىڭ. ھاراق قۇللۇقىغا ئوخشاش نۇرغۇن زىندانلار باردۇر. زەھەرلىك چېكىملىكلەردىن باشقا، يەنە ھەرخىل گۇناھ بىزنىڭ تۇرمىمىز بولىدۇ ــــ ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك، سوقۇشقاقلىق، تېرىككەكلىك، جىنسىي ئارزۇ-ھەۋەسلەر... ئاچكۆزلۈك، قىمارۋازلىق،... قىسقىسى، گۇناھ ھەممىمىزنى ئۆز قۇلى قىلىدۇ. مەسىھ ئەيسا بۇ دۇنياغا ئەۋەتىلىپ، ئۇ گۇناھلىرىمىزنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، دارغا مىخلىنىپ قۇربانلىق بولدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ تىرىلدۈرۈلۈپ، ھەممىمىزگە قۇتقۇزغۇچى-نىجاتكار بولۇشقا تەييار تۇرىدۇ. ئۆزىڭىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، خۇدادىن كەچۈرۈم، ياردەم سوراڭ! ئۇ پۈتۈنلەي ۋەدىسىدە تۇرىدىغان خۇدا!

ئامىن!

# 24. بىر يەھۇدىينىڭ مەسىھ ئەيساغا ئىشىنىش جەريانلىرى

## «ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەن بىر يەھۇدىي چوقۇم بىر سارالىق يەھۇدىي!»

***ئارنولد فرۇختىنبائۇم دېگەن كىشى داڭلىق بىر يەھۇدىي ئۆلىما ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر نۇرغۇنلىغان جاپا-مۇشەققەتلەرنى چېكىش ئارقىلىق، پولشادىكى ناتسىستلارنىڭ زىيانكەشلىكلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغان. ئۇلار كېيىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەلگەن. ئارنولد ئەنە شۇ يەردە «ئىنجىل»نى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن. شۇنىڭدەك ئۇ ئۆزى مۇقەددەس كىتاب دەپ ئېتىراپ قىلغان تەۋراتتا ئالدىن ئېيتىلغان يەھۇدىي خەلقىنىڭ، شۇنىڭدەك دۇنيادىكى ھەر مىللەت-خەلقنىڭ قۇتقۇزغۇچىسىنىڭ مەسىھ ئەيسا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. گەرچە ئۆز ئائىلىسىدىكىلىرى ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلغان بولسىمۇ، ئۇ ئەيسانىڭ يولىدا مېڭىشتىن باش تارتمىدى، خۇدانىڭ ئۆز بەندىلىرى ئۈچۈن كارامەت ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى بەجا كەلتۈرگەنلىكلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.***

«مەن بىر يەھۇدىي. يەھۇدىي قېنىدىن بولمىغان بىر كىشى ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى بايان قىلماقچى بولغىنىدا، چوقۇم ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇشى ياكى باللىق دەۋرىدىن باشلىشى مۇمكىن. ئەمما بىر يەھۇدىي بولسا ئۆز مىللىتىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن يېقىنقى ئىككى مىڭ يىللىق تارىخىدىن باشلىشى كېرەك. بۇ قورقۇنچلۇق

تارىخنى، مەسىھ ئەيسانىڭ ئۆزى ئالدىنئالا بېشارەت بېرىپ ئۆتكەن؛ ئۇنىڭ بۇ توغرىسىدىكى سۆزلىرى ئىنجىل، «لۇقا» قىسمى، 19-باب، 41-44-ئايەتتە خاتىرىلەنگەن: —

«ئەمدى ئەيسا شەھەرگە يېقىنلىشىپ ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاپ مۇنداق دېدى: -
ئى يېرۇسالېم! سەن بۈگۈن، بۇ كۈنۈڭدە، تىنچ-ئامانلىقىڭ ئۈچۈن نېمە كېرەك بولغىنىنى بىلسەڭ ئىدى! كاشكى، بۇ ئىشلار ھازىر كۆزلىرىڭدىن يوشۇرۇندۇر. چۈنكى شۇنداق كۈنلەر بېشىڭغا كېلىدۇكى، دۈشمەنلىرىڭ ئەتراپىڭنى قاشا-ئىستىھكام بىلەن قورشاپ سېنى قاماپ تۆت تەرەپتىن قىستايدۇ. ئۇلار سېنى ۋە سېپىلىڭنىڭ ئىچىدىكى بالىلىرىڭنى يەر بىلەن يەكسەن قىلىپ، ھەتتا تاشنى تاشنىڭ ئۈستىدىمۇ قالدۇرمايدۇ؛ چۈنكى خۇدانىڭ سېنى يوقلىغان پەيتىنى بىلىپ يەتمىدىڭ»

يەنە 21-باب، 24-ئايەت: - «ئۇلار (يەھۇدىي خەلقى) قىلىچنىڭ بىسىدا يىقىتىلىدۇ ۋە تۇتقۇن قىلىنىپ، بارلىق ئەللەرگە ئېلىپ كېتىلىدۇ؛ «ئەللەرگە بەلگىلەنگەن ۋاقىتلار» توشقۇچە، يېرۇسالېم يات ئەللەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالىدۇ».

بۇ سۆزدىن تۆت كۈن كېيىن، مەسىھ يېرۇسالېمدا ئۆز مىللىتى بولغان يەھۇدىيلار تەرىپىدىن رىملىقلارغا تاپشۇرۇلۇپ، كرېستتا مىخلىنىپ قۇربانلىق بولدى. قىرىق يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ دېگىنىدەك رىم ئىمپېرىيەسى ئارمىيىلىرى يېرۇسالېمنى قورشىۋېلىپ تۆت تەرىپىدىن قورغان ياساپ ئۈچ يېرىم يىل مۇھاسىرە قىلدى. ئاخىرىدا ئۇلار سېپىلدىن بۆسۈپ كىرىپ، پۈتۈن شەھەر ۋە چوڭ ئىبادەتخانىنى تەلتۆكۈس ۋەيران قىلدى، نۇرغۇن يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. قالغانلىرى بولسا، شۇ چاغدىن باشلاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرى، بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا تارقىلىپ كېتىشتى. بۇ ۋەقەنى يەھۇدىيلار «دىئاسپورا» («كەڭ

تارقىلىش») دەپ ئاتايدۇ. 1948-يىلى ئۆز دۆلىتى بولغان ئىسرائىلىيە قايتىدىن بەرپا قىلىنغىنى بىلەن، يەھۇدىيلار بۆگۈنكى كۈنگە قەدەر، بۇ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە تارقاق ياشاپ يۈرمەكتە. ئاشۇ قېتىمقى «كەڭ تارقىلىش» بىلەن ئۇلار كۆپ زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرايدىغان بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. مىلادىيە ئۈچىنچى ئەسىردىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ ئۇچرىغان زىيانكەشلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئاتالمىش «خرىستىئانلار» تەرىپىدىن، «ئەيسانىڭ نامىدا»، «چېركاۋنىڭ نامىدا»، «خرىستىئانلار جامائىتىنىڭ نامىدا»، ياكى «كرېستنىڭ نامىدا» بولغان. بولۇپمۇ ياۋروپا تۇپرىقىغا كېلىپ قالغان يەھۇدىي جامائەتلىرى يېگى بىر جايغا ئولتۇراقلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەستىن، ئۇلار شۇ يەرلىك كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى، بوزغۇنچىلىق قىلىشى ۋە نەرسىلىرىنى بۇلاپ-تالاپ كېتىشىگە ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىگە ئۇچرىدى، شۇنداقلا باشقا جايلارغا ھەيدىۋېتىلىندى.

مۇشۇنداق قىستاڭچىلىق ئەھۋاللار ئاستىدا، يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قارىشىچە، دۇنيا ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ — «ئۇلار» ۋە «بىز». «ئۇلار» دېگىنى، يەھۇدىي ئەمەسلەر، يەنى ئۆزلىرىلا چوقۇنىدىغان ئەيسا دېگەن بىر ئىلاھنىڭ نامىدا، يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرىدىغان «خرىستىئانلار»دىن ئىبارەت. بۇ كۆزقاراش نۇرغۇنلىغان يەھۇدىيلارنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، پولشانى يەھۇدىيلار ئۈچۈن بىرقەدەر بىخەتەر باشپاناھ دەپ ھېسابلىغىلى بولاتتى. ياۋروپانىڭ باشقا جايلىرىدىكى يەھۇدىيلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى پولشاغا كۆچۈپ كېلىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان بولۇپ، جان سانى ئۈچ مىليونغا يەتكەنىدى. كېيىنچە ئۇلار ئارىسىدا «خاسىيدىيلار» (تەقۋادارلار) دېگەن يېگى بىر دىنىي مەزھەپ پەيدا بولدى. يەھۇدىيلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزىنىڭ تەۋرات ۋە زەبۇر دېگەن مۇقەددەس كىتابلىرىغا ئىشىنىدۇ. «خاسىيدىيلار» تەۋرات ۋە زەبۇرنىڭ تەلەپلىرىگە رىئايە قىلىش ئۈچۈن بەك قاتتىق تىرىشىدۇ. ئۇلار ئاساسەن ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنغان «پەرىسىيلار» دېگەن مەزھەپنىڭ ئىزلىرىنى بېسىپ ماڭىدۇ.

ئۇلار بۇگۈنگە قەدەر ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى نۇرغۇن شەھەرلەردە، ساقاللىرىنى ئۇزۇن قويۇشۇۋالىدۇ، چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىدۇ، چېكىسىدىكى چاچلىرى بۇدۇر-بۇدۇر بولۇپ، قارا كىيىم-كېچەك ۋە قارا دوپپا كىيگەن ھالدا كۆرۈنىدۇ. ئۇلار خۇددى ئۆچكە ئارىسىغا كىرىپ قالغان تۆگىدەك قىياپەتلەردە ھەممە ئادەمگە تونۇش بولماقتا. قائىدە-يوسۇنلىرى بويىچە، ھەربىر رايوندىكى جامائەتلىرىگە بىردىن «رەببېي» (راببى ئەمەس) دېگەن ئاقساقال يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئاقساقاللىق قىلىش بولسا، بىر ئائىلە ئىچىدە دەۋردىن-دەۋرگىچە ۋارىسلىق قىلىنىدىغان ئىش ئىدى. بىزنىڭ پولشادىكى فرۇختىنبائۇم دېگەن ئائىلىمىز بولسا، ئەنە شۇنداق بولۇپ، بوۋامنىڭ ئانىسى ۋە بوۋاممۇ «رەببېي» دېگەن ئاقساقاللىق ئۇنۋانىنى ۋە مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

ئەمما شۇنداق ئۇنۋانغا ئېرىشىش ئۈچۈن مەلۇم بىر سەۋىيىگە يېتىش كېرەك ئىدى. چوڭ ئانام ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە تەۋراتتىكى مۇسا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن بەش چوڭ «قانۇنىي قىسىم»نى ئىبرانىي تىلىدا يادلىيالايتتى، ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە تەۋرات ۋە زەبۇردىكى قالغان 34 قىسىمنى يادلاپ بېرەلەيتتى (پۈتۈن تەۋرات ۋە زەبۇر تەخمىنەن قۇرئاندىن تۆت ھەسسە چوڭ). چوڭ ئانام يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەندە «رەببېي»لىق سالاھىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىر قېتىم ئىمتىھان بەردى. بۇ ئىمتىھان ھەم ئاددىي ھەم ناھايىتى تەس بولدى. ئىمتىھان ئالىدىغان ئۇستاز، مۇقەددەس كىتابنى جوزىغا قويۇپ، بىر تال مىخ ۋە بىر بولقىنى قولىغا ئېلىپ، كىتابنىڭ ئۈستىدىن خالىغان بىر يەردىن مىخنى قېقىپ تەشتى. چوڭ ئانام بولسا ئاشۇ مىخ تېشىپ ئۆتكەن ھەربىر بەتتە قايسى سۆزنىڭ بارلىقىنى (بەت تەرتىپى بويىچە) دەپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتتى.

بوۋام بولسا قالغان پۈتۈن ئۆمرىدە بۇرۇنقى يەھۇدىي ئۆلىمالىرىنىڭ («راببى»لارنىڭ) مۇقەددەس كىتابلار (تەۋرات ۋە زەبۇر) توغرۇلۇق كېيىنكى دەۋرلەرگە قالدۇرغان سۆزلىرىنى ۋە شەرھلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۇنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۆزىنىڭ بىلىمى خېلى يۇقىرى بولغىنى بىلەن، ئۇ يەنىلا تەلىم بېرىش جەھەتتە شۇ قەدىمكى شەرھچىلەرنىڭ تەلىملىرى ۋە ئەنئەنىلىرىدىن ئازراقمۇ ئېزىپ كەتمەيتتى. ئەمما بەزىدە كونىلار ئۆچرىتىپ باقمىغان يېڭى

بىرەر مەسىلە چىقىپ قالاتتى. مەسىلەن، پەمىدۇرلار تۇنجى قېتىم ئامېرىكىدىن پولشاغا ئىمپورت قىلىنغىنىدا، جامائەتلىرىمىزدە ناھايىتى قاتتىق بىر تالاش-تارتىش پەيدا بولدى. پەمىدۇر ھالالمۇ، ھاراممۇ؟ مۇسا پەيغەمبەرگە بېرىلگەن مۇقەددەس قانۇن بۇ توغرۇلۇق نېمە دېگەن؟ ئاخىرىدا بولسا، تالاش-تارتىش قىلغان ئىككى تەرەپ بۇ مەسىلە ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشنى بوۋامغا تاپشۇرغانىدى. بوۋام بىر ھەپتە ئىزدىنىش ئارقىلىق ئاندىن «پەمىدۇر ھالال» دەپ ھۆكۈم چىقارغانىدى. ئۇنىڭ ھۆكۈم-پەتىۋاسى رايونىمىزدا يەھۇدىيلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى.

بوۋامنىڭ چوڭ ئارزۇلىرىنىڭ بىرى بولسا، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدىغان ئۆلۈش كۈنىنىڭ تەۋراتتا يەھۇدىيلارغا بېكىتىلگەن ئەڭ مۇقەددەس كۈندە، يەنى «كافارەت كۈنى» («گۇناھنى يېپىش كۈنى»)دە بولۇشى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. دەل ئاشۇ كۈندە ئۇنىڭ سوقۇر ئۈچەيى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئەمما ئۇ «مۇقەددەس كۈن» (دەم ئېلىش كېرەك بولغان كۈن) بولغاچقا، ئۇ دوختۇرغا كۆرۈنۈشنى ياكى باشقىلارنىڭ ھەرقانداق داۋالىشىنى «ئەمگەك قىلىش» دەپ قاراپ، «مۇقەددەس كۈندە ئەمگەك قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ قەتئىي رەت قىلدى. ئۇنىڭ سوقۇر ئۈچەيى ئىششىپ، يېرىلىپ كېتىشى بىلەن ئۇ ئۆلۈپ كەتتى.

ئەمما ئاتام «رەببىي» بولۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى. 1939-يىلى 9-ئاينىڭ 1-كۈنى گېرمانىيە ناتسىستلىرى پولشاغا تاجاۋۇز قىلدى. ئاتام ناتسىستلارنىڭ يەھۇدىيلارغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، رۇسىيەگە قېچىپ باردى. ئەمما رۇسىيەنىڭ ئەھۋالىنى پولشانىڭكىدىن ياخشى دېگىلى بولمايتتى. رۇسلار ئاتامنىڭ يەھۇدىي ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى «ناتسىست ماراقچىسى» دەپ تۆھمەتلەپ سىبىرىيەدىكى بىر تۈرمە لاگېرىغا سولاپ قويىدى. ئۇ ئىككى يىل تۈرمىدە ياتتى. 1941-يىلى گىتلېر ستالىن بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى بۇزۇپ، رۇسىيەگە بېسىپ كىردى. رۇسىيە پولشانىڭ ئەنگلىيەدە تۇرۇشلۇق «قاچاق ھۆكۈمەت»ىنىڭ ياردىمىگە ھەم قوللىشىغا ھاجەتمەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئاۋۋال رۇسىيە تۈرمىسىدىكى بارلىق پولشا گراژدانىنى قويۇپ بېرىش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. شۇ سەۋەبتىن ئاتاممۇ تۈرمىدىن چىقتى. ئۇ

ئۇرۇش توگىگەنگە قەدەر سىبىرىيەدە تۇرۇپ قالدى. شۇ يەردە ئۇ ئاپام بىلەن تونۇشقان ۋە توي قىلغانىكەن. 1943-يىلى مەن تۇغۇلۇپتىمەن، مەن ئائىلىمىزنىڭ تۇنجى ئوغۇل بالىسى ئىكەنمەن.

1945-يىلى ئۇرۇش توختاپ، رۇسىيە ھۆكۈمىتى رۇسىيەدە تۇرۇشلۇق پولشالىقلارنى پولشاغا قايتىشىغا يول قويدى، ئاتا-ئانام مېنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتتى. بىز بىر يەھۇدىي مەھەللىسىدىن ئۆي تېپىپ ئولتۇراقلاشتۇق. مەھەللىمىز ئەتراپىدا تۇرۇشلۇق ئاھالىلار بولسا ھەممىسى دېگۈدەك كاتولىكلار ئىدى.

بىرىنچى يىلى ئۆتنۈپ كەتتى. بىزنىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان چوڭ بىر ھېيتىمىز «پاسخا ھېيتى» ياكى «ئۆتنۈپ كېتىش ھېيتى» يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ھەربىر يەھۇدىي ئايال بولسا سەككىز كۈن ۋاقىت ئاجرىتىپ بۇ بايرام ئۈچۈن تەپسىلىي تەييارلىق قىلاتتى. ئۇلار ئالاھىدە بىرخىل پېتىر نان تەييارلايتتى. بۇ يىلقى ھېيت بىز ئۈچۈن بەك ئالاھىدە بولغانىدى. بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ مۇسا پەيغەمبەر ئارقىلىق مىسىردىكى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇلغانلىقىنى تەبرىكلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ يېقىندىلا ناتسىستلارنىڭ ئېزىشىدىن قۇتقۇزۇلغانلىقىمىزنى تەبرىكلىمەكچى بولدۇق. ئەمما بۇ ھېيتىمىز خۇشاللىقتا ئەمەس، بەلكى پاجىئەگە ئايلانغانىدى. كاتولىك دىنىدىكى چوڭ روھانىيلار: «يەھۇدىيلار پېتىر ناننى تەييارلاش ئۈچۈن بىر خرىستىيئاننىڭ ئىسسىق قېنىنى ئىشلىتىدىكەن، شۇڭا ئۇلار پولشالىق كىچىك بىر ئوغۇل بالىنى ئالداپ تۇتۇپ كېلىپ، مەخسۇس مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قېنى بىلەن پېتىر نان ئەتكەن» دېگەن ئەشەددىي يامان بىر پىتنە-ئىغۋانى تارقاتقانىدى. پولشادىكى يەھۇدىيلار ھېيتنى تەبرىكلەش ئۈچۈن، كەچلىكى ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق يەردىكى ئىبادەتخانىلارغا يىغىلغاندا، قاغا-قۇزغۇندەك توپلانغان توپ-توپ كىشلەر ساقچىلارنىڭ قوللىشى بىلەن چوڭ كرېستلەرنى پۇلاڭلاتقان پېتى: «سەنلەر مەسىھنى ئۆلتۈرۈشتۈڭلار!» — دەپ ۋارقىراپ، ئىبادەتخانىلار ئىچىگە بېسىپ كىرىشكەنىدى. ئۇلار نۇرغۇن يەھۇدىيلارنى قاتتىق ئۇرغان ۋە ھەتتا ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئەسلىدە خرىستىيئانلار: — «مەسىھ ئەيسا بىز ۋە ھەممە ئادەمنىڭ گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشى ئۈچۈن قۇربانلىق بولغان نىجاتكار» دېيىشى كېرەك ئىكەن. لېكىن ھازىرقى ئەھۋالدا، كۆپ قىسىم يەھۇدىيلار: — «ئۇلارنىڭ «مەسىھى» (قۇتقۇزغۇچىسى)

بىز ئۈچۈن قۇربانلىق بولغان ئەمەس، ئەكسىچە بىز ئۇنىڭ ئۈچۈن «قۇربانلىق بولۇۋاتىمىز»، چۈنكى بۇ «خرىستىئانلار» ئۇنىڭ نامىدا بىزنى ئۆلتۈرمەكچى» دېگەن ئويدا بولغان. بىز تۇنجى قېتىم «مەسىھ»نىڭ نامىنى ئاڭلىشىمىز ئۇنىڭ نامىدا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بولدى. شۇڭا ياش ۋاقتىمدىلا: «بۇ «مەسىھ» ئەيسادىن قانچە يىراق بولسام شۇنچە ياخشى» دېگەن چوڭقۇر خۇلاسىگە كېلىشىم ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

پولشادا بىر يەر ئاستى يەھۇدىي تەشكىلاتى بولۇپ، بۇ تەشكىلات يەھۇدىي مىللىتىدىن بولغان ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ پولشادىن دەرھال چىقىپ كېتىش پىلانىنى تۈزۈپ چىققان. ئاشۇ پىلان بويىچە، ئۇلار پولشا چېگراسىدىكى قاراۋۇللارغا پارا بېرىش ئارقىلىق ئۇلاردىن 30 كۈنگە قەدەر، يەھۇدىيلارنى چېگرادىن تەكشۈرمەي ئۆتكۈزۈۋېتىشكە ۋەدە ئالغان.

ئانا-ئاناممۇ قېچىش قارارىغا كەلگەن. پۈتۈن ئائىلىمىز چېگراغا قاراپ يولغا چىقتۇق. يوشۇرۇن يۈرۈش ئۈچۈن بىزنىڭ پەقەت پىيادە مېڭىشىمىزغا توغرا كەلدى، بىز ھېچقانداق قاتناش قورالى ئىشلەتمىدۇق. ئاخىرى چېگراغا يېتىپ كەلدۇق، قاراۋۇللارغا ئۆزىمىزنىڭ يەھۇدىيلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى ئۇقتۇردۇق. ئۇلار مىلتىقلىرىنى كەينىگە تۇتۇشۇپ، ئاسمانغا قارىغان ھالدا بىزگە ئۆتۈش ئۈچۈن ئىشارەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ بىز چېخقا چىقىپ كەتتۇق. كېيىن ئۇقسام، بىزنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىمىزنىڭ چېگرادىن ئۆتۈشكە بېرىلگەن پارا بولسا، پەقەت بىر قاپ ئامېرىكا تاماكىسىلا ئىكەن، خالاس. كۆپچىلىك «تاماكا سالامەتلىككە، ھاياتلىققا زىيان يەتكۈزىدۇ» دەيدۇ، ئەمما بىزگە بولسا، تاماكا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە قۇتقۇزغۇچى بولغانىدى!

بىز «ھېچكىمگە تەۋە بولمىغان» ئىككى دۆلەت چېگراسى ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە سائەتنى ئۆتكۈزدۇق، چېخ قاراۋۇللىرى تەشكىلاتىمىز بىلەن ئالاقىلاشقاندىن كېيىن بىزنى ئۆتكۈزۈۋەتتى. چېخمۇ بىز ئۈچۈن بىخەتەر جاي ئەمەس ئىدى، بىز يەنە چېختىن ئاۋسترىيەگە چىقىشىمىز كېرەك ئىدى. قاچقۇن بولغان بىزلەر دائىم ئورمانلىقتىكى كىچىك يوللاردا يوشۇرۇنچە پىيادە ماڭاتتۇق. يەر ئاستى تەشكىلاتى قاچقۇنلارغا يېمەكلىكلەرنى تەمىنلەپ تۇراتتى. بۇ سەپىرىمىز بىرنەچچە ھەپتە داۋاملىشىپ، ئاخىرى چېگرىغا يېتىپ كەلدۇق. تەشكىلاتىمىز

بۇرۇنقىدەكلا قاراۋۇللارغا ئوخشاش ئۇسۇلدا پارا بېرىپ كېلىشىپ بولغانىدى. ئەمما بىز ئۆتمەكچى بولغان كۆنىنىڭ دەل ئۆزىدە چېخ ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغانىدى. رۇسىيەلىكلەر چېخنى ئىشغال قىلدى. چېگرىدىكى چېخ قاراۋۇللىرىنىڭ ئورنىغا رۇس قاراۋۇللىرى ئالماشتۇرۇلغانىدى.

تەشكىلات تەكشۈرۈپ كۆرگەنىدى، ئۇلار پەقەت گرېكلارنى ئۆتكۈزىۋاتقانىكەن — چۈنكى ناتسىستلارنىڭ چېختىكى لاگېرلىرىدا نۇرغۇن گرېك ئەسىرلىرى سولاقتا ئىكەن، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇلار يۇرتلىرىغا قايتىپ كەتمەكتە ئىدى. بىزمۇ دەرھال ھەممە گۇۋاھنامىلىرىمىزنى، خەت-چەكلىرىمىزنى كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئۆزىمىزنى گرېك دەۋالدۇق. بىز بىرمۇ ئېغىز گرېكچە بىلمەيتتۇق، ئەلۋەتتە. ئەمما رۇسلارمۇ ئوخشاشلا گرېكچىنى سۆزلىيەلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ ھەممىمىز مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئاۋسترىيەگە ئۆتۈپ كەتتۇق. پەقەت بىرلا ئادىمىمىز ئاشكارلىنىپ قېلىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئاۋسترىيەدە بولسا، ئامېرىكىلىقلار ۋاقىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانىكەن. ئۇلار بىزنى غەربىي گېرمانىيەگە ئەۋەتتى، غەربىي گېرمانىيەنى بولسا ئەنگلىيەلىكلەر كونترول قىلىۋالغانىدى. ئۇلار بىزنى بىر «ماكانسىز كىشىلەر» لاگېرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. شۇ چاغدا پەلەستىن (ئىسرائىلىيە)نى ئەنگلىيە باشقۇراتتى. پەلەستىندە تۇرۇۋاتقان يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ يەردىكى ئەنگلىيەلىك ھەربىيلەر بىلەن سوقۇشۇپ قالغان. شۇ سەۋەبتىن بىز پەلەستىنگە بېرىشقا رۇخسەت ئالالماي، كېيىنكى بەش يىلنى دائىم دېگۈدەك لاگېردىن لاگېرغا كۆچۈپ يۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزدۇق.

كېيىنكى ھاياتىمغا تەسىر قىلغان مۇنداق مۇھىم بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. خرىستىئان مۇخلىسى جامائەتتىكى بىر گېرمانلىق مەسىھىي ئاقساقىلى دائىم يەھۇدىيلار ئارىسىدا يۈرۈپ، بىزگە جىسمانىي جەھەتلەردىن نۇرغۇن ياردەم بېرەتتى، بولۇپمۇ يېمەكلىك، كىيىم-كېچەكلەرنى بىزگە يەتكۈزۈپ بېرەتتى. بۇ ئادەمنىڭ ھەقىقىي «خرىستىئان» ئىكەنلىكىنى ھازىر بىلىپ يەتتىم. ئۇ قىزى بىلەن دائىم بىزنى يوقلاپ تۇراتتى. بىزنىڭ ئامېرىكىغا يۆتكىلىشكە ئىلتىماس قىلغانلىقىمىزدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇ ئامېرىكىدىكى بىر ژۇرنالنىڭ

-1948يىللىق نەشرىنىڭ ئالدىنقى مۇقاۋىنى يىرتىۋېلىپ، ئاپامغا بەرگەندى. ژۇرنالدىكى بىر ئادرېسنى كۆرسىتىپ، نيۇ يوركقا بارساڭلار، ئۇ يەردىن ياردەم ئالالايسىلەر، دېدى. بىز بۇ ئادرېسنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ چوقۇم يەھۇدىيلارنىڭ كوپېراتىپىدەك بىر تەشكىلات بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدۇق. ئەمەلىيەتتە بۇ ژۇرنال ئامېرىكىدىكى ئەيسا مەسىھنىڭ يولىنى تۇتقان يەھۇدىيلارنىڭ كىچىك بىر تەشكىلاتىنىڭ بولۇپ چىقتى.

ئاخىرى ئۇلار ئىلتىماسىمىزنى تەستىقلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىز ئامېرىكىغا كۆچۈپ باردۇق، نيۇ يوركتىكى برۇكلىن دېگەن چوڭ بىر مەھەللىگە ماكانلاشتۇق. ئۇ يەردىكى كىچىك بىر كوچىغا نۇرغۇن يەھۇدىيلار ماكانلاشقان بولۇپ، خەقلەر ئۇ كوچىنى «كىچىك ئىسرائىلىيە» دەپ ئاتايتتى. ئاپام بولسا، قولىدىكى ژۇرنالغا قاراپ ئاشۇ ئادرېسنى ئىزدەپ تاپتى. ئۇ تەشكىلات ئەسلىدە باشقا بىر چوڭ مەھەللىدە ئىكەن. ئاپام ئىنگلىزچە سۆزلىيەلمەيتتى، ئۇلارمۇ ئاپامنىڭ بىلىدىغان رۇسچە، نېمىسچە، يىدچە، ياكى ئىبرانىي تىلىنى بىلمەيتتى. ئۇلار پەقەت ئادرېسىمىزنى بىر كارتوچكىغا خاتىرىلىۋالدى، ئاندىن بىزنى يوقلاپ بېرىشقا ۋەدىلەشتى. بىراق ئۇلارنىڭ بىزنى يوقلاپ كېلىشى بۇ ئىشتىن ئالتە يىل كېيىن بولدى. بەلكىم ئۆيىمىزنىڭ يىراق بولۇشى تۈپەيلىدىن ۋە ياكى ئۇلار يېڭىدىن كەلگەن باشقا يەھۇدىلارغا ياردەم بېرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىش تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، ئىشقىلىپ بىلمەيمەن. بۇ ئالتە يىل ئىچىدە، مەن ئاساسەن يەھۇدىي مىللىتىدىن سىرت باشقا مىللەتنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 99 پىرسەنتى يەھۇدىيلار ئىدى. مەن «يەھۇدىي ئەمەسلەر» بىلەن «خرىستىئانلار»نى ئوخشاش بىر گەپ، دەپ قارايتتىم.

ئەمما ئالتە يىلدىن كېيىن، تەشكىلات بىر گۇرۇپپىسىنى برۇكلىنغا ئورۇنلاشتۇردى. گۇرۇپپىدىكى مەلۇم بىر ئەزا بىزنىڭ كارتوچكىمىزنى تاپشۇرۇۋېلىپ، بىزنى ئاخىرى يوقلاپ كەلدى. ئۇ بىزنى بىر «ئىبرانىي (يەھۇدىي) خرىستىئانلار يىغىن»غا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپلا بەك ھەيران قالدىم. چۈنكى ماڭا «ئىبرانىي» ۋە «خرىستىئانلار» (ئەيسا مەسىھ يولىنى تۇتقانلار) دېگەنلەر پۈتۈنلەي قارىمۇقارشى سۆزلەر ئىدى. بۇ ئادەملەر چوقۇم

ساراڭ بولۇپ قالدى بولغاي! مەن پەقەت قىزىققاقلىقىمدىنلا يىغىنغا باردىم.

يىغىن كىچىك بىر زالدا بولدى. ئۇلارنىڭ تەلىملىرىنى ئاڭلىغانسېرى قاتتىق ئاچچىقلىنىپ كەتتىم. سەۋەبى ئۇلارنىڭ ئەيسا توغرىسىدا گەپ قىلغانلىقىدىن ئەمەس — چۈنكى «ئۇلار خرىستىئانلار بولغاچقا، ئەيسا توغرۇلۇق گەپ قىلىدۇ» دېگەننى ئاللىبۇرۇن ئويلاپ بولغانىدىم. ئاچچىقلىنىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار مۇشۇ گەپنى تەۋرات ۋە زەبۇردىن چىقىرىپ قىلىۋاتقانىدى! كىچىكىمدىن تارتىپ ئالغان تەربىيەم بويىچە، «خرىستىئانلارنىڭ (ئەيسا توغرۇلۇق) ئىنجىلى بار، بىز يەھۇدىيلارنىڭ تەۋرات ۋە زەبۇرىمىز بار — ئىنجىل ئۇلارنىڭ كىتابى، تەۋرات-زەبۇر بولسا ئۆزىمىزنىڭلا كىتابى» — ئەمما ئۇلار ئۆزىمىزنىڭ كىتابىدىن ئەيسا توغرۇلۇق ئىسپاتلارنى چىقىرىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ! بۇ خام خىيال! مەن ئاچچىقىمغا پايلىمايتتىم.

بۇنى كۆرۈپ، مېنى تەكلىپ قىلغان ھېلىقى ئادەم مەن بىلەن تالاش-تارتىش قىلىپ ئولتۇرمىدى، پەقەت تەمكىن ئولتۇرۇپ ماڭا چاقىرىق ئېلان قىلغاندەك، بىر ئىنجىلنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنى چىقىرىپ: — «مانا بۇ ئىنجىلنى ئۆزىڭىز ئوقۇپ كۆرۈڭ، بۇ كىتابدا دېيىلگەن ئەيسا بولسا، «مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى»نىڭ قىلىشىغا تېگىشلىك ئىشلارنى ھەقىقىي قىلغانمۇ-قىلمىغانمۇ؟ — تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ» — دېدى. مەن كىتابنى قوبۇل قىلدىم، ئەمما بۇ مېنىڭ غەرەز ئۇقىدىغان ئادەم بولغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى بۇ كىشىلەرنىڭ پوتونلەي خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈندى.

ئىنجىلنى ئاچتىم. مەن بەكلا ھەيران قالدىم. بۇ كىتاب مەن ئويلىغان كىتاب بىلەن ئاسمان-زېمىن پەرق قىلاتتى. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى ئىنجىل بولسا، تامامەن بۇتپەرەس، ھەيكەل، پوپ-روھانىيلار، كرېستلەر، ھەرخىل دىنىي مۇراسىملار ۋە بولۇپمۇ يەھۇدىيلارنى ئەيسانىڭ نامىدا ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك دېگەندەك تەلىملەر بىلەن تولغان بىر كىتاب ئىدى. ئەمما ئۇنداق ئەمەسكەن! ئۇ بىر يەھۇدىيلار توسىنى ئالغان كىتابكەن. ئەيسا ۋە پەرىسىي مەزھېپىدىكىلەر ئارىسىدا بولغان جېدەللەر پوتونلەي يەھۇدىيلارنىڭ مەسىلىلىرى ئىدى. ئىنجىلدىكى بىرىنچى ئايەت بولسا، پوتونلەي «يەھۇدىيلار توسى»نى ئالغان — «بۇ ئىبراھىمنىڭ ئوغلى ۋە داۋۇتنىڭ ئوغلى بولغان ئەيسا

مەسىھنىڭ نەسەبنامە كىتابىدۇر» (ئىنجىل «ماتتا» قىسمى، 1-باب، 1-ئايەت)

ئىنجىلنى پۈتۈنلەي ئوقۇپ چىقتىم. ئەيسانىڭ بىز يەھۇدىيلارنىڭ كۈتكەن «مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى»سى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتىم. خۇلاسەم شۇ ئىدىكى، بىز كۈتكەن، بىزنى قۇتۇلدۇرىدىغان «مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى» بۇ دۇنياغا ھەرگىز كەلمەيدۇ، بەلكىم شۇنداقتۇر.

نۇرغۇن يەھۇدىيلار ئىنجىلنى ئوقۇپ، ئەيسانىڭ ھەقىقىي خۇدانىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىگە ۋە بۇ دۇنياغا ئەۋەتىلگەن مەسىھ-قۇتقۇزغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشنىڭ «بىرىنچى باسقۇچ»ىغا كىرىدۇ. ئەمما كۆپ يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى مەسىھكە تاپشۇرۇشقا، يەنى ئۇنى ئۆزىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ۋە رەببى دەپ ئېتىراپ قىلىشقا بولغان ئىككىنچى باسقۇچنى بېسىشتىن قورقۇپ توختاپ قالىدۇ. چۈنكى ئەيسانى مەسىھ ۋە قۇتقۇزغۇچى دەپ ئېتىراپ قىلىدىغان يەھۇدىيلار ئۆز جامائىتىدىن، جەمئىيىتىدىن ھەيدىۋېتىلىدۇ، ئۆز ئائىلىدىكىلىرىدىن ئايرىۋېتىلىدۇ، خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىلىشى مۇمكىن (خوجايىنى يەھۇدىي بولسا)، ھەتتا يولدىشىدىن ئاجرىتىۋېتىلىشى مۇمكىن. بىر يەھۇدىي قەبرىستانلىقىغا كىرىپ، بەزى قەبرە تاشلارغا دىققەت قىلسىڭىز، ئۇ قەبرىنىڭ ھايات ئادەملەرنىڭ ئىكەنلىكىگە ھەيران قالىسىز. ئۇنىڭدا مۇنداق يېزىلغانىدى: « ** (يىل) / ** (ئاي) / ** (كۈن) تۇغۇلغان، ** / ** / ** ئۆلۈپ كەتكەن». ئەمەلىيەتتە ئاخىرقى چېسلا بولسا، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن كۈن بولماستىن، بەلكى مەسىھ ئەيسانى ئېتىراپ قىلغان كۈندۇر. ئائىلىدىكىلىرى ئۇلارنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا دەپنە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى ئۆلۈپ كەتتى، دەپ قارايدۇ.

مەن ئىككىنچى قېتىم يىغىنغا باردىم. ماڭا ئىنجىل بەرگەن ھېلىقى كىشى بىلەن ئولتۇرۇپ ئۇزۇن پاراڭلاشتۇق. ئۇ تەۋراتنى كۆرسىتىپ، زەبۇرنى كۆرسىتىپ، ئىنجىلنى كۆرسىتىپ، كىتاب ۋاراقلىرىنى قايتا-قايتا ئاچاتتى. ئۇ ماڭا ئەيسانىڭ ھەقىقىي مەسىھ، نىجاتكار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپلا قالماي، بەلكى بۇ ئۈچ كىتاب ئايرىلماس بىر پۈتۈن گەۋدە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى. تەۋرات ۋە زەبۇرنىڭ تەن، ئىنجىلنىڭ باش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم. تەۋرات ۋە

زەبۇرنىڭ مەسىھ ئەيسانىڭ بۇ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئالدىنئالا ئېنىق بېشارەت بەرگەنلىكىنى چۈشىنىۋالدىم. مەسىھ دۇنياغا كەلمەي، ئىنجىل يېزىلمىغان بولسا، تەۋرات ۋە زەبۇر باشسىز بىر تەن بولۇپ قالاتتى. مەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ مەسىھ ئەيسانى ئۆزۈمنىڭ مەسىھىم، ئۆزۈمنىڭ رەببىم دەپ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم. باشقىلار ھازىر بەلكىم مېنى «ساراڭ بولۇپ قالدى» دەپ ھېسابلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم.

مەسىھ ئەيساغا ئىشەنگەن بىرىنچى يىلىم تىنچ-ئامان ئۆتۈپ كەتتى. مەن دائىم يىغىنلارغا قاتنىشىپ، نۇرغۇن بىلىملەرگە ئېرىشتىم. ئائىلىمىز كالىفورنىيە شىتاتىدىكى لوس ئانجېلېس دېگەن شەھەردىكى يەنە بىر يەھۇدىي مەھەللىسىگە كۆچۈپ كەلدى. مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشقا باشلىدىم. شۇ مەزگىلدە ئانامنىڭ ماڭا بولغان قارشىلىقى كۈچىيىشكە باشلىدى. مەن ھەرقانداق يىغىنغا، مەيلى خرىستىئان ۋە مەيلى يەھۇدىيلار ئورۇنلاشتۇرغان بولسۇن، ئىشقىلىپ يىغىنغا قاتنىشىشىمغا رۇخسەت يوق ئىدى، ھەتتا تەۋرات، زەبۇر ياكى ئىنجىلنىڭ ھەرقانداق بىر قىسمىنى ئوقۇشۇم مەنئى قىلىنغانىدى. ئانام ماڭا قەتئىي گەپ قىلمايتتى، تاماق ۋاقتىدا گەرچە بىر جوزىدا ئولتۇرساقمۇ ئۇ ماڭا بىر ئېغىز سۆزمۇ قىلمايتتى. مەكتەپ پۈتتۈرۈشتىن ئىككى ئاي ئىلگىرى، ئۇ ئاپام ئارقىلىق ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلىپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، مەن مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن دەرھال ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىم كېرەك ئىكەن. ئۇ يەنە ماڭا مۇنداق بىر تەلەپمۇ قويغانىكەن — ئۆيدىن چىقىشىم بىلەن تەڭ مەن كالىفورنىيە شىتاتىدىنمۇ چىقىپ كېتىشىم كېرەك ئىكەن. بولمىسا، دادامنىڭ كالىفورنىيە شىتاتىدىكى سودىسىغا يامان تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشۇم مۇمكىن ئىكەن. ئۇ كەسپىي سۈرەتچى بولۇپ، ئۇنىڭ خېرىدارلىرى ئاساسەن يەھۇدىي جامائىتىدىن بولغاچقا، ئۇ باشقىلارنىڭ «ئۇنىڭ ئارنولدتەك بىر خرىستىئان ئوغلى بار» دەپ كەمسىتىدىغانلىقىدىن، ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ كەتكەن.

مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە ئىككى ئاي قالغاندا مەن بىر خىزمەت تاپتىم، تازىلىق قىلغاچ كەچلىكى دەرۋازا باقاتتىم. مەن 120 دوللار يىغىپ قويدۇم. بىر كۈنى مەن ئىنجىلنى ئوقۇپ «فىلىپپىلىقلارغا يازغان مەكتۇپ»تىكى 4-باب، 19-ئايەتنى

ئۇچراتتىم: «ۋە مېنىڭ خۇدايىم سىلەر موھتاج بولغان ھەممە نەرسىنى مەسىھ ئەيسادا بولغان شان-شەرىپىدىكى بايلىقلارغا ئاساسەن مول تەمىنلەيدۇ».

شۇ ئايەتنى ئوقۇشۇم بىلەنلا ئىشەنچىم مەندىكى ئەندىشىنى تۈگەتتى. مەن خۇداغا تايىنىپ، كالىفورنىيەدىن ئايرىلىپ، ئۈچ مىڭ كىلومېتىر كېلىدىغان نيۇ يوركقا قاراپ يولغا چىقتىم. ئىككى ھەپتە مېڭىش جەريانىدا مەن خۇدانىڭ نۇرغۇن قېتىم ئېھتىياجلىرىمنى ئاجايىپ تەمىنلىگەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. بىرەيلەن ماڭا تاماق بەرسە، يەنە بىرەيلەن ياتاق بېرەتتى ۋە ياكى ئۆيىدە قونۇشقا رۇخسەت قىلاتتى، يەنە باشقا بىرەيلەن بولسا مېنى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، بارماقچى بولغان جايىمغا ئاپىرىپ قوياتتى. نيۇ يوركقا كېلىش يولىدا، ئاران يەتتە دوللار پۇل خەجلەپتىمەن، يېنىمدا يەنە 113 دوللار پۇل بار ئىدى. يازدا مەن مەسىھىيلەر «ئۆگىنىش لاگېرى»دا ھەقسىز ئىشلىدىم، ئۇلار مېنى ياتاق ۋە تاماق بىلەن تەمىنلىدى. يازنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى مەندە 20 دوللارلا قالغانىدى.

نيۇ جېرسېي شتاتىدىكى بىر ئىجتىمائىي ئالىي مەكتەپ مېنى ئوقۇشقا قوبۇل قىلدى. ئەمما ئوقۇش ھەققى بىر يىلدا 2000 دوللار ئىدى. بەلكىم ئۇلار بارلىق يەھۇدىيلارنىڭ ھەممىسى بەك باي، شۇڭا مېنىڭ پۇل تۆلىشىمدە چاتاق يوق دەپ قارىغان بولسا كېرەك!

بۇ مەسىلىنى ئويلىنىشقا ئولتۇردۇم. ئاخىرى ياخشى بىر ئامال ئويلاپ تاپتىم. مەن ئۆگىنىشىمنى كېچىكتۈرۈپ، نيۇ يوركتا بىر يىل ئىشلەپ 2000 دوللار يىغىپ، ئاندىن كېلەر يىلى ئوقۇماقچى بولدۇم. بۇ ياخشى ئەقلىمنى خۇداغا دەپ بەردىم. ئەمما ئۇ ئاڭلىمايۋاتقاندەك قىلاتتى، كۆڭلۈم ئارام تاپمىدى. كۆڭلۈمدە، ئۇ مېنى مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەكتەپكە بېرىشىمنى، پۇل جەھەتتەن ئۇنىڭغا تايىنىشىمنى خالاۋاتىدۇ، دەپ ھېس قىلىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن مەكتەپ ئىشخانىسىغا تىزىملىتىش ئۈچۈن كىردىم، ئاندىن قولۇمدا 750 دوللار قەرز تالونىنى تۇتقان پېتى يېنىپ چىقتىم. بۇ 750 دوللارنى بىرىنچى مەۋسۇمنىڭ ئاخىرىدا، يەنى تۆت ئايدىن كېيىن، تۆلىشىم كېرەك ئىدى.

«خۇدايىم، مېنىڭ ئىشلەپ پۇل تېپىشىمغا يول قويمىدىڭ، شۇڭا سەن ئۆزۈڭ بۇ قەرزنى قايتۇرمىساڭ بولمايدۇ...» دەپ دۇئا قىلدىم. تۆت ئايدىن كېيىن مەن بۇ

قەرزنى قايتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى مەكتەپ ماڭا قەرزدار بولۇپ قالغانىدى! مەن ئۇلارغا ئارتۇق پۇل تاپشۇرغانىدىم. يەتتە مەۋسۇم ئوقۇش جەريانى مانا مۇشۇنداق ئۆتكەنىدى. ھەر مەۋسۇمنىڭ ئاخىرىدا مەكتەپ ماڭا پۇل قەرز بولۇپ قالاتتى. ئەڭ ئاخىرقى 8-مەۋسۇمدا تاپشۇرغان پۇلۇم ئارتۇقمۇ ئەمەس، كەممۇ ئەمەس، دەل بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن 1966-يىلى مەكتەپنى پۈتتۈردۈم. ئۇ چاغدا ئوقۇش بەدىلىدىن سىرت، مېنىڭ يەنە يېيىشىم ۋە كىيىم-كېچەك كىيىشىم ئۈچۈن پۇل كېتەتتى، ئەلۋەتتە. ئەمما ئوقۇشنى باشلىغان بىرىنچى كۈنۈمدىن باشلاپ، مەن ھېچقانداق ئادەمگە ئۆز موھتاجلىرىمنى ئېيتماستىن، پەقەت خۇداغىلا ئېيتىش نىيىتىگە كەلدىم. ھەتتا «ۋاستىلىق ئۇسۇل»نى ئىشلەتمەسلىككە بەل باغلىدىم. مەسىلەن، «مەن ئۈچۈن دۇئا قىل، ماڭا پۇل كېرەك» دېسەك، بۇ ئەمەلىيەتتە بىر يوشۇرۇن تەلەپكە باراۋەر ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن مەن ھېچقانداق ئادەمدىن ياردەم سورىمىغان بولساممۇ، ماڭا ياردەم كېلىپ تۇردى. نۇرغۇن قېتىم، تا بۈگۈنگە قەدەر ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى شتاتلاردىن، ناتونۇش ۋە نامسىز ئادەملەردىن، دەل ھاجىتىم چۈشكەن چاغلاردا، پۇل ئۆزلۈكىدىن كېچىك پوچتا ساندۇقۇمغا كىرىپ قالاتتى. قەرز تالونلىرىنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىمدا، ماڭا پۇل تەييار كېلىپ تۇراتتى. خۇدا ھەقىقەتەن ئىشەنچلىك، ئۇ دۇئانى ئاڭلايدىغاندۇر.

بۇ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەن خۇدانىڭ مېنىڭ كەلگۈسىدە تەلىم بەرگۈچى بولۇشۇمنى خالايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىسرائىلىيە پايتەختى يېرۇسالېمدىكى «ئىبرانىي ئۇنىۋېرسىتېتى» بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۆزۈمنى ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخ كەسپىنى ئۆگىنىش كۇرسىغا تىزىملىتىپ قويدۇم. يەنە 2400 دوللار تۆلەش كېرەك ئىدى. مەندە تېجەپ قويغان 800 دوللار پۇل بار ئىدى، يەنە 1600 دوللارغا موھتاج ئىدىم. ئايروپىلانغا چىقىشتىن 10 كۈن ئىلگىرى، مەن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. خەت ماڭا شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى مېنىڭ شۇ كۇرسقا قاتنىشىم ئۈچۈن 1624 دوللار مۇكاپات پۇلى بەرگەنىكەن.

مەن ئىسرائىلىيەدىكى ۋاقتىمدا «ئالتە كۈنلۈك ئۇرۇش» پارتلىغانىدى، ئاشۇ ئۇرۇشنىڭ تەۋراتتىكى بەزى بېشارەتلەرنى ئەمەلدە كۆرسەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم

بىلەن كۆردۈم.

كېيىنكى تۆت يىلنى مەن ئامېرىكا تېكساس شتاتىدىكى داللاس خۇداشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئۆتكۈزدۈم. شۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىككىنچى يىلى، مەن سۆيگەن قىزىم بىلەن توي قىلدىم. شۇ مەزگىللەردە خۇدانىڭ ماڭا قىلغان مۆجىزىلىك تەمىنلەشلىرى توختىغانىدى. مەن بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇيتتىم، شۇڭا كىرىمىمىمۇ بار ئىدى. توي قىلغاندىن كېيىن، ئايالىمۇ ئىشلىدى. ئايالىم ئىككىمىزگە ئوخشاش بىر تۇيغۇ كەلگەنىدى، ئۇ بولسىمۇ، مېنىڭ داللاستىكى ئوقۇشۇمدىن كېيىن، بىز مەسىھ ئەيسانى يەھۇدىيلارغا ھەقىقىي تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىسرائىلىيەگە بېرىشىمىز كېرەك ئىدى.

ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ چەتئەللىكلەرگە بېرىلگەن ۋىزىلىرىنىڭ شەرتلىرى بويىچە، ئۇلارنىڭ خىزمەت قىلىشىغا يول قويۇلمايتتى، شۇڭا ئىسرائىلىيەدىكى ئىككى يىل ۋاقتىمىزدا بىز يەنىلا پۈتۈنلەي خۇداغا تايىنىشىمىز كېرەك ئىدى. بۇ ئىككى يىل ئىچىدە، ھاجەتلىرىمىزنى ھېچقانداق ئادەمگە ئېيتمىغان ئەھۋال ئاستىدا، مەيلى ئۆي ئىجارىسى، گاز ھەققى، ياكى گېلىمىز ئۈچۈن بولسۇن، پۇل بىزگە مۆجىزىلىك ھالدا يېتىپ تۇراتتى.

بىرىنچى يىلى بىز سەل يوشۇرۇن ھالدا «ئەيسا مەسىھنى تونۇشتۇرۇش» خىزمىتىنى قىلدۇق، ئىشەنچلىك ئادەملەرگە ئىنجىلدىكى خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدۇق. چۈنكى ئىسرائىلىيە ھۆكۈمىتى ئىنجىلغا قارشى تۇراتتى. ئىككىنچى يىلى، بىرنەچچە كىشىلەرنىڭ ئەيسا مەسىھنى قۇتقۇزغۇچى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشى بىلەن، بىز يېرۇسالېمدا بىر كىچىك «مۇقەددەس كىتاب ئىنستىتۇتى»نى قۇردۇق. ئەمما يەھۇدىي دىنىي رەھبەرلىرى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتكە چېقىپ قويۇپتۇ. نەتىجىدە، تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى بىزنى چاقىرتىپ، كېلەر يىلى بىزگە ۋىزا بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىككىنچى يىلى تۈگىشى بىلەن، بىز نيۇ يوركقا قايتتۇق. شۇ يەردە، مەن 1948-يىلى «مۇساپىرلار لاگېرى»دا تۇرغان ۋاقتىمدىكى قولىمىزغا تەگكەن ھېلىقى ژۇرنالنىڭ مۇھەررىرى بولۇپ قالسام بولىدۇ. كېيىن يەنە سان ئانتونىئو دېگەن شەھەرگە كۆچۈپ باردۇق. بىز يەھۇدىيلار ئۈچۈن 75 رادىئو ئىستانسىسىدىن تارقىتىلىدىغان ئىنجىلنى چۈشەندۈرىدىغان پروگراممىلارنى ئىشلەيتتۇق. شۇ

چاغدا بىز يەنە ئامېرىكىدىكى ۋە باشقا يەردىكى ئەيسا مەسىھكە ئىشەنگەن يەھۇدىيلارنىڭ بەزى قىيىنچىلىقلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن مەخسۇس ۋە قوشۇمچە خىزمەت قىلىشنى باشلىۋەتكەنىدۇق.

يەنە بىر ئىشنى بەكمۇ تىلغا ئالغۇم بار. يەھۇدىيلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى باشلىشىم بىلەن، 1948-يىلى بىزگە خۇدانىڭ مۇھەببىتىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ھېلىقى ئاقساقال بىلەن قىزىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارغا رەھمىتىمنى بەكمۇ ئېيتقۇم كەلدى. گېرمانىيەگە بىرنەچچە قېتىم خەت يازغان بولساممۇ، ھېچكىم ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئادرېسىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. مېنىڭ بىر گېرمان ئوقۇغۇچىم گېرمانىيەگە قايتىشى بىلەن ئۇلارنى ئىزدىگەن، ئەمما تاپالمىغان. مەن ئاخىرى «بىز جەننەتتە كۆرۈشكىنىمىزدىلا ئۇلارغا بولغان تەشەككۇرۇمنى ئېيتالايمەن» دەپ، ئىزدەشنى توختاتتىم. مەن «مەسىھنىڭ ئىزلىرىدا» دېگەن بىر كىتابنى يازدىم، ئىككى يىلدىن كېيىن، بىرسى ئۇنى گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلغان. يەنە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ماڭا بىر پارچە خەت كەلدى. خەتتە مەندىن «پالانى «مۇساپىر لاگېرى»دا تۇرغان فرۇختېنبائۇم ئائىلىسى بىلەن مۇناسىۋىتىڭىز بارمۇ؟» — دەپ سورالغانىدى. خەت ئەسلىدە ئاقساقالنىڭ قىزىدىن كەلگەنىكەن. ئاقساقال بولسا ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ قىزى توي قىلىشى بىلەن فامىلىسى ئۆزگەرتىلگەنىكەن، شۇڭا مەن ئەسلىدىكى فامىلىسىنى ئىشلەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنى تاپالماپتىكەنمەن. خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن بىر يىل كېيىن، ئايالىم بىلەن ئىككىمىز ئىسرائىلىيەگە بېرىش يولىدا ئۇنى يوقلىغاچ ئۆتتۇق. ئۇنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، بىز ئۇلاردىن ئايرىلغان 1951-يىلىدىكى بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپ، ئۇ مېنىڭ ئەيسا مەسىھنى، خۇدانىڭ ئوغلى، يەنى خۇدا ئەۋەتكەن قۇتقۇزغۇچىنى تونۇشۇم ئۈچۈن، شۇنداقلا قۇتقۇزۇلۇشۇم ئۈچۈن ھەر كۈنى خۇداغا دۇئا قىلىپ كەلگەنىكەن. ئاشۇنداق ئىخلاسمەن بىر ئايالنىڭ دۇئاسى ماڭا شۇنچە كۆپ بەخت ئاتا قىلغان! خۇدا ھەقىقىي دۇئا ئاڭلىغۇچىدۇر، كۈچ-قۇدرىتى ھەممىدىن ئۈستۈندۇر. ئۇنىڭغا شان-شەرەپ بولسۇن! ئامىن!

# 25. بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن كىچىپ مەسىھ ئەيساغا باغلىنىش (ئەنگلىيەدىن بولغان گۇۋاھ)

مىنىڭ ئىسمىم ئامما، ئايال، پەنجەب مىللىتىدىن بولغىنىم بىلەن ئەنگلىيەدە تۇرىمەن. ئەنگلىيەدە تۇرۇۋاتقان ھىندىستانلىقنىڭ ئەۋلادىمەن، پەنجەبتىكى نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش ئاتام ۋە ئاپام 50-يىللاردا يېڭى ھاياتنى باشلاش ئۈچۈن ھىندىستاندىن ئەنگلىيەگە كەلگەن. دادام ئەنگلىيەدە زاپچاس سىلىقلاش خىزمىتىنى تاپقان بولۇپ، چوڭ ئېغىر سانائەت شەھىرى ئاستوندا ئولتۇراقلاشقان. دادامنىڭ خىزمىتى ھەم ئېغىر ھەم سالامەتلىككە زىيانلىق خىزمەت بولۇپ، زاۋۇتنىڭ ھاۋاسى چاڭ-توزاڭ بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى.

پەنجەبلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئوخشاش، پۈتۈن ئائىلىمىز «سىق» دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتۇق؛ ئەنئەنىمىزگە ئاساسەن بىزنەچچە خىل بۇتقا چوقۇناتتۇق، بىر ھەپتىدە ئىككى قېتىم «گۇردۋارا» (بۇتخانا)غا بېرىپ چوقۇنۇش مۇراسىمىغا قاتنىشاتتۇق. سىق دىنىلىك بولغان پەنجەبلىكلەر ئەقىدىلىرىدىن ھەم ئەنئەنىلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ. ئەرلەر بولسا ئالاھىدە سەللىلىرى ھەم ساقاللىرى بىلەن پەرقلىنىدۇ. سىق دىنىنىڭ ئاساسچىسى «گۇرۇ ناناك» دېگەن كىشى زوراۋانسىزلىقنى تەشەببۇس قىلغاندى، بىراق ئۇنىڭدىن كېيىنكى «ئۇستازلار» ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن زوراۋانلىق ئىشلىتىشنى ھەم ۋەتىنىمىز بولغان پەنجەب رايونىنى باشقا دىندىكىلەردىن «ساپلاشتۇرۇش»نى تەشەببۇس قىلغان. بۇ خىل كۆزقاراش بىلەن تارىختىن بۇيان پەنجەبتىكى مۇسۇلمانلار بىلەن قانلىق جېدەللەرنى ئېلىپ بارغان.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا نۇرغۇن سىق دىنىدىكىلەر ئەنگلىيە ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، قاتتىق جەڭلەرنى قىلىپ ئابرۇي تاپقان. ھەربىر سىق دىنىلىك ئەرنىڭ بولسا سەللىسى ئاستىدىكى ئۇزۇن تۈرمەكلەنگەن چېچى، ساقىلى، بەلبېغىغا ئاسقان ئۇزۇن «كارپان» دەپ ئاتالغان خەنجىرى بولىدۇ. ھىندى دىنىغا ئوخشاش، سىق دىنىدىمۇ بىرنەچچە «نەبىقە»لەر بار، ئائىلىمىز «ياغاچچى» دېگەن «ئوتتۇرا ھال» بىر تەبىقىدىن ئىدى.

كىچىك ۋاقتىمىزدا مەن ئاكىلىرىم، ئاچىلىرىم بىلەن ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم سىق بۇتخانىسىغا «ئىبادەت قىلىش» ئۈچۈن بېرىپ تۇراتتۇق. دېيىشىم كېرەككى، بىزنى جەلپ قىلغان ئىش قانداقتۇر «نەقۋادارلىق ھېسسىياتىمىز» ئەمەس، بەلكى مۇراسىمدىن كېيىنكى قاتناشقانلارغا ھەقسىز تەقدىم قىلىنىدىغان مەزىلىك «كۇررى» دېگەن قورۇمىدىن ئىبارەت ئىدى!

مەن سەككىز ياشلار ۋاقتىمدا، كېيىنكى پۈتۈن ھاياتىمنى ئۆزگەرتىدىغان بىر ئىش يۈز بەردى. ئاكىلىرىم ھەر ھەپتىنىڭ ئىككىنچى كۈنى كەچلىك «باللار كۇلۇبى» بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ماڭا بۇ كۇلۇبنىڭ «مەسىھ مۇخلىسلىرى» جامائىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ يەردە باللار ئۈچۈن ئويۇنلار، ھەرخىل قىزىق ھەرىكەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى، ھەرىكەتلەردىن كېيىن چوڭلار باللارغا ئۇلارنىڭ «مۇقەددەس كىتاب»ىدىن بىرەر ھېكايە ئوقۇپ قىسقا تەلىم بېرەتتى.

سىق دىنى مەدەنىيىتىدە، ئوغۇل باللارنىڭ خالىغانچە تالاغا چىقىش، خالىغان ئىشنى قىلىش ئەركىنلىكى بار، بىراق قىزلار ئۆيدە تۇرۇشى كېرەك. قىزلار ھەمراھسىز سىرتقا چىقسا بولمايتتى، سىرتلارغا چىققاندىمۇ، ئۆزىنىڭ نەگە بېرىشىنى، نېمە قىلىشنى تاللاش ئەركىنلىكى بولمايتتى. شۇڭلاشقا ئاكىلىرىم ئاتا-ئانامغا ھېچنېمە دېمەي مۇشۇ كۇلۇبقا باراتتى، بىراق ئاچىلىرىم ۋە مېنىڭ بېرىشىمىز ئۈچۈن ئۆيدىن ئوغرىلىقچە چىقىشىمىز كېرەك ئىدى.

مەن كۆلۈبقا قىزىقىپ قالدىم. ئويۇنلار ئىنتايىن قىزىق ئىدى. ئويۇنلاردىن كېيىن بىز زالغا كىرىپ، دۇئا قىلىپ مەدھىيە ناشخىلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن مۇقەددەس كىتابتىكى بىر ئايەتنى ئۆگىنەتتۇق. ئايەتنى ئۆگەنگەندىن كېيىن ھەردائىم ئايەت توغرىسىدا بىرنەچچە سوئاللار ھەم مۇزاكىرىلەر بولاتتى. ئايەتلەرنى دوسكىغا يېزىپ بىرقانچە جاينى بوش قويۇپ، سۆز ياكى ھەرپلەر بىلەن تولدۇرۇشقا قالدۇراتتى؛ ئەگەر بۇ ئايەتنىڭ قالدۇرۇلغان بوش يەرلىرىنى توغرا تولدۇرالىساق بىزگە مۇكاپاتنىڭ ئورنىغا بېرىلگەن بېلەتلەر بىلەن چېركاۋنىڭ بېقىنىدىكى ماگىزىندىن كەمپۈت، قېرىنداش ياكى كىتابچىلارنى ئالالايتتۇق. كۆلۈپقا يېرىم يىل قاتناشساق بىزگە پۇتون بىر ئىنجىل ۋە تەۋرات مۇكاپات بېرىلەتتى. بىراق دېيىشىم كېرەككى، بەرگەن تەلىمگە ھېچقاچان ئانچە ئېتىۋار قىلىپ كەتمەيتتىم. ئاكىلىرىمنى ھەم مېنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان ئىش-ئويۇنلار ھەم ئويۇنلاردىن كېيىنكى چۇۋۇرلىشىپ، زالنى بېشىمىزغا كيىشتىن ئىبارەت ئىدى. بىز ھەردائىم باشقا باللارغا ۋە بەزىدە مۇئەللىملەرگە چاقچاق قىلىپ قوياتتۇق، كولوشوپ، پاراڭلىشىپ، نەرسىلەرنى ئېتىشىپ ئولتۇراتتۇق. بىز كۆلۈب ئىگىلىرىنى شۇنداق ئېغىر ئاۋارە قىلغانلىرىمىزنى ھازىر ئېسىمگە كەلتۈرسەم خىجىل بولىمەن. بىراق ئاشۇ چاغدىكى بىر ئىش بىزنى بەك تەسىرلەندۈردى. كۆلۈبنىڭ چوڭلىرىنىڭ كۆپ قىسمى «ئاق تەنلىك» بولغىنى بىلەن ئۇلاردا ھېچقانداق ئىرقىي كەمسىتىش يوق ئىدى، بىزنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى (گەرچە ئەنگلىيە نىسبەتەن «قورسىقى كەڭ دۆلەت» دەپ ھېسابلانسىمۇ، پەنجەبلىك باللار ھەم چوڭلار ئەنگلىيەدە بەزىدە ئىرقىي كەمسىتىشكە ئۇچرايدۇ).

كۆلۈبتىكىلەرنىڭ بىزگە ئوقۇپ بەرگەن ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ، ئەيسا ئىسىملىك بىر كىشى توغرۇلۇق دېگەنلىرىگە ئىشىنىشكە باشلىدىم. بۇ كىشى شۇنچە مۇلايىم ھەم مېھرىبان كۆرۈندىكى، ئۇنى تونۇغۇم ھەم سۆيگۈم ئىنتايىن كەلدى. بىراق ئىنسان قانداقمۇ ئۇنى تونۇسۇن؟

نېمشقىكىن بىلمەيمەن، ئۆيىمىزنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى ئۇساللىشىپ

كەتتى. دادام ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان بولۇۋالدى، ئاندىن ئاكىلىرىممۇ ئۇنى ئۈلگە قىلىپ ھاراق ئىچىشكە باشلىدى. دادام مەست بولۇپ قالغاندا، ھەممىمىز، جۈملىدىن ئاپام ئۆيىمىزدە مۆكۈۋېلىپ ئىشكنى تاقاپ قويۇشىمىز كېرەك ئىدى. ھەتتا پات ئاردا ھاياتىمىز خەۋپكە ئۇچرايدىغاندەكلا سېزىلەتتى. ئۆيىمىزدە ھەردائىم تالاش-تارتىش، بەس-مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇرىدىغان بولدى.

مەن باللار كۇلۇبىدا بىر مۇقەددەس كىتابقا ئېرىشەلمىگەن بولساممۇ، ئاكىلىرىم ئېرىشكەنىدى؛ بىراق ئۇلار ئۇنى ھېچقاچان ئوقۇپ باقمىغانىدى. ئۆيىمىزدىكى ئاۋارىچىلىكلەر ئىچىدە ئاكامنىڭ مۇقەددەس كىتابىنى قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. مۇقەددەس كىتابنىڭ ئوتتۇرىسىدا «زەبۇر» دېگەن بىر قىسىم بار ئىدى. «زەبۇر»دىكى كۈيلەرنىڭ كۆپىنچىسى داۋۇت ئىسىملىك بىر كىشى تەرىپىدىن يېزىلغانىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ خۇدانى مەدھىيىلەيدىغان ھەم خۇداغا دۇئا قىلىدىغان شېئىرلىرىنى ئوقۇشۇم بىلەن كۆڭلۈم تەسەللى ھەم كۈچ-قۇۋۋەت تاپاتتى. داۋۇت دېگەن بۇ كىشىنى ئاۋارە قىلغان ھەم ئازابلىغان شۇنچە كۆپ ئىشلار، كۈرەشلەر، تالاش-تارتىشلار، قورقۇنچلار، خەۋپلەر، قايغۇ ھەم يالغۇزلۇق دېگەنلەر مېنىڭدىمۇ بار ئىدى. بىراق ئۇ بولسا ياردەم ھەم ئېھتىياجلىق ئىشلارنى ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى خۇدادىن تاپقانىدى، ھەم خۇدانى سۆيگەنىدى.

ئاچىلىرىمنىڭ مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇغىنىمنى بايقاپ قېلىپ، مېنى «خرىستىئان» دەپ مازاق قىلىشىدىن قورقۇپ يوركەچكە، كەچتە ياتقان ۋاقتىمدا قول چىراغنى ياندۇرۇپ يوتقان ئىچىدە ئوغرىلىقچە ئوقۇيتتىم. ئاندىن داۋۇت پەيغەمبەر زەبۇردا دەردلىرىنى خۇداغا تۆككەنگە ئوخشاش مەنمۇ ھەممە دەردلىرىمنى ئېيتىپ ئاشۇنداق دۇئا قىلىشقا باشلىدىم. بەزىدە مەن تولۇق بىر سائەت خۇداغا سۆز قىلىپ، تەسەللى تېپىپ ئۇيقۇغا كېتەتتىم.

مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە كىردىم، يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشتۇم، مەن ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسىدە خىزمەت تېپىپ ئۆز پۇلۇم بىلەن نەرسىلەرنى سېتىۋالالايدىغانلىقىمنى ئويلاپ ھاياجىنىمدا خۇدانى ئۇنتۇشقا باشلىدىم. بىراق مەن خۇداغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەنكى، ئۇ مېنى ۋە مېنىڭ «سېنى تونۇسام»

دەپ قىلغان دۇئالىرىمنى ئۇنتۇمىدى.

مەن مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كىشىلەرگە تۇرمۇشتىكى ئېقتىسادچىللىق توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىدىغان بىر ئورۇندىن خىزمەت تاپتىم. بۇ خىزمەتنى تاپقىنىمدىن، كىشىلەر بىلەن تونۇشقىنىمدىن ھەم ئۆزۈمنىڭ مائاش ئالغانلىقىمدىن ھوزۇرلاندىم.

خىزمەت جەريانىدا مەن ھىندىستانلىق ئۈچ يىگىت بىلەن تونۇشتۇم. باشتىلا مەن ئۇلارنىڭ باشقا ھىندىستانلىق يىگىتلەرگە ئانچە ئوخشىمايدىغان خىسلەتلىرىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم، بىراق زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. مەن بۇرۇن تونۇشقان ھىندىستانلىق يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى «ئاپىسىنىڭ ئەركە ئوغۇللىرى» ئىدى ــ دېمەك، ئۇلار ئۆيىدە تولىمۇ ئەركە چوڭ بولغان، ھېچ ئەسكىلىكتىن ئەيمەنمەيدىغان، ھېچ ئۆي ئىشىنى قىلماي، ئۆزى خالىغىنىنى قىلىدىغان، ھورۇن باللار ئىدى؛ ئۇلار خالىغانچە سىرتقا چىقىپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا ئادەتلەنگەن ــ ئۇلار مەيلى مەست بولۇشۇپ، كۇلۇبلاردا ئەيش-ئىشرەت قىلىپ، ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈپ، بۇزۇقچىلىق قىلسۇن، ئۆيگە قايتقىنىدا ئاتا-ئانىلىرى ئۇلارغا ھېچنېمە دېمەيتتى؛ مەيلى ھەرقانداق بەتئەخلاقلىق ياكى سەتچىلىك قىلسۇن، پەقەت «ئامال قانچە، ئوغۇل بالا دېگەن ئوغۇل بالا-دە!» دەپ كۈلۈپ قويۇشاتتى. قىزلار بولسا باشقا بىر دۇنيا ئىدى، ئۇلار ئۆيدە تۇرۇپ، ھەربىر ئۆي ئىشىنى ئادا قىلىپ، ھەرگىز سىرتقا چىقماسلىقى كېرەك دەپ قارىلاتتى. ھىندىستاندىكى ئائىلىلەرنىڭ بۇنداق «ئىككى خىل ئۆلچەم»ىنى مەن ھېچقاچان توغرا دەپ قوبۇل قىلالماي كەلدىم. بىراق مەن دېگەن بۇ ئۈچ بالا ئوخشىمايدۇ؛ ئۇلار تىرىشچان، ئىشتنا ئەستايىدىل، سەمىمىي ھەم ئىنتايىن كەسكىن ئىدى. ئۇلار مەيلى ماڭا، مەيلى قارا تەنلىكلەرگە، مەيلى خەنزۇلارغا، ھىندىستانلىقلارغا ياكى باشقا ھەرخىل مىللەتلەرگە بولسۇن، ئوخشاشلا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلاردا بىرخىل خاتىرجەملىك، شۈكۈرلۈك ھەم سالاپەت بار ئىدى. ئۇلار بىلەن سۆزلەشسەم خاتىرجەملىك ھەم بەختەرلىك ھېس قىلاتتىم. مەن ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ بۇنداق خاتىرجەملىكىنىڭ مەنبەسىنى تاپتىم ــ

ئۇلار مەسىھ مۇخلىسلىرى ئىدى. مەن ئۇلاردىن مەسىھ ئەيساغا ئىشىنىش ھەم تايىنىشقا قانداق ئېرىشكەنلىكىنى سوراشقا باشلىدىم.

بىرسى جاۋابىنىڭ ئورنىدا «ھاياتقا يېتىپ بارىدىغان سەپەر» دېگەن بىر كىتابچىنى بەردى. كىتابچە پۈتۈنلەي مۇقەددەس كىتابقا ئاساسلانغان بولۇپ، تېمىسى «خۇدانىڭ كەچۈرۈشىنى ھەم ساڭا يېڭى تەقدىم قىلماقچى بولغان ھاياتنى قانداق تېپىش» ئىدى. كىتابچىدا: «ئەگەر خۇدا سەندىن يىراق تۇيۇلسا، بۇ گۇناھنىڭ سەۋەبىدىن بولغان» دېيىلىدۇ. گۇناھ بولسا ئاپئاق بىر قەغەزنىڭ ئۈستىدىكى سىياھ ئىزىدەكتۇر؛ سىياھ ئىزى گەرچە زەررىچىلىك بولسىمۇ، بۇ قەغەزنىڭ سىياھ دېغىدىن پاك بولالىشى ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. بىراق خۇدا بولسا بىزگە يېڭى بىر باشلىنىش ۋە يېڭىدىن ئاپئاق پاك بىر قەغەزنى بېرەلەيدۇ. ئۇ مەسىھ ئەيسانى گۇناھلىرىمىزنى كۆتۈرۈشكە ئەۋەتتى. بىز مەسىھ ئەيساغا ئىشەنچ باغلىساق، خۇدانىڭ كەچۈرۈم-مەغپىرىتىنى تېپىش بىلەن ئۇنىڭ مۇقەددەس روھنىڭ قەلبىمىزدە تۇرىدىغانلىقىنى، يەنى يېڭى بىر ھاياتنىڭ باشلىنىشىنى بىلەلەيتتۇق. كىتابچىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز ھاياتىنى خۇداغا تاپشۇرماقچى بولغانلار ئوقۇيدىغان بىر دۇئا يېزىلغانىدى. مەن كۆڭلۈمنى خۇداغا كۆتۈرۈپ پۈتۈن قەلبىم بىلەن ئوقۇدۇم.

دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئىچىمدە بىر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئېنىق بىلدىم. مەن ھازىر مەسىھ ئەيسانىڭ ئەگەشكۈچىسى، جەننەت يولىغا ماڭىدىغان كىشى بولدۇم. ئۇلارنىڭ قانداق ئىنكاسىتا بولىدىغانلىقىنى ھېچ ئويلىمايلا ئۆز خۇشاللىقىم ھەم سادىدىللىقىم ئىچىدە ئاكىلىرىم ۋە ئاچىلىرىمغا دۇئايىم ھەم خۇدانىڭ ئىجابەت قىلغانلىقى توغرىسىدا دەپ بەردىم. مانا چاتاق شۇنىڭدىن باشلاندى! ئاكىلىرىم مېنى مازاق قىلدى، ئاندىن بۇ ئىشتىن دادام خەۋەر تاپسا ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقى بىلەن ماڭا تەھدىت سالدى. دەرۋەقە دادام «پەنجەب مىللىتىدىن بولغان بىر كىشى ھەرگىز خرىستىئان بولالمايدۇ!» دەپ قاتتىق ئاچچىقلاپ كەتتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاچچىقى ياندى؛ لېكىن ئۆيىمىز يەنە نورمال ئاۋارىچىلىك ھەم تالاش-تارتىش ھالىتىگە قايتتى.

مەن ئاپامدىن مۇخلىسلارنىڭ يىغىنىغا قاتنىششقا رۇخسەت سورىدىم. يۇقىرىدا دېگىنىمدەك، پەنجەبلىك قىزلارنىڭ ئادەتتە يالغۇز ئۆيدىن چىقىشىغا رۇخسەت يوق ئىدى. ئاساسەن «قىزلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ»، «سىرتقا چىققۇسى بار قىزلارنىڭ چوقۇم بۇزۇق نىيىتى بار» دەپ قارىلاتتى. غەلىتە ئىش شۇكى، ماڭا مۇخلىس يىغىنىغا قاتنىششقا رۇخسەت بېرىلدى. بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي ئائىلىمىزدە ئۇششاق گەپ-سۆزلەر ھەم تۆھمەت چىققىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ گېپىگە ئاساسەن مەن يىغىنلارغا ئەمەس، بەلكى مەيخانىلارغا، كۇلۇبلارغا بارىدىكەنمەن. ئۈمىدسىزلىنىپ بىر مەزگىل ھېچقانداق يىغىنغا قاتنىشالمىدىم.

ئاتا-ئانام مېنى ياتلىق قىلىش ئۈچۈن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئۆزۈمنىڭ بولسا تويى قىلغۇم بار ئىدى، بىراق كۆڭلۈمدە تەييارلىقىمنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇنىڭدىن باشقا، چوقۇم بىر مەسىھ مۇخلىسى، يەنى ھەقىقەتەن رەببىمىزنى سۆيىدىغان بىر يىگىت بىلەن تويى قىلىشىم كېرەك دېگەن قارارغا كەلگەنىدىم. باشقا ھېچقانداق ئەر بىلەن تويى قىلىش بولسا ماڭا ئۆز-ئۆزۈمگە قىلىنغان ئەقىلسىزلىق تۇيۇلدى. مۇقەددەس كىتابتا «ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەتلە» دېيىلگەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا بەزى ئىشلارنىڭ مۇھىملىقى بىلەن ئاتا-ئانىلارنىڭ ھۆرمىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، بەزى ئەھۋالدا «ئادەمگە ئەمەس، بەلكى خۇداغا ئىتائەت قىلىشىمىز كېرەك»لىكىنى بىلىپ يەتتىم.

بىرنەچچە ئەلچى ئۆيىمىزگە كېلىپ مەلۇم بىر يىگىت بىلەن تويى قىلىشىمنى ئۆتتۈرىغا قويدى. مەن «مەن قىزىقمايمەن» دەپ يۈرۈۋەردىم. ھەتتا خېلى چىرايلىق «نيۇزەي» كىيىمى كىيگەن ئىنتايىن باي بىر يىگىت مەخسۇس كانادىدىن ئايرۇپىلاندا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى، بوۋا-مومىسىمۇ بىللە كەلگەنىدى. مېنىڭ بۇرچۇم ئۇلارغا چاي-پاي قويۇش ئىدى. يىگىت مەندىن نەق مايداندا جاۋابىمنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. مەن ھۇجرامدىن پەسكە چۈشۈپ «ياق» دېدىم. ئۇ بولسا: «ئاھ، چاتاق يوق، قىزلارنىڭ ھەممىسى تارتىنچاق —

ئۇلار «ياق» دېگىنى بىلەن ھەقىقىي مەنىسى «قوشۇلدۇم» دېمەكتۇر» ـــ دېدى.

«ياق، مېنىڭ «ياق» دېگىنىمنىڭ «ياق»تىن باشقا ھېچقانداق مەنىسى يوق!» — دېدىم.

دادام رەت قىلىشىمنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئۇ مەست بولۇپ بۇ ئىشنى ئۇنتۇش ئۈچۈن مەيخانىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ شىر كەيپ بولۇپ قايتىپ كەلگىنىدە، «سېنى ئۆلتۈرىمەن» دەپ ماڭا تەھدىت سېلىپ: «مەن قىممەتلىك ئەيسايىڭنى ساڭا كۆرستىپ بېرەي! سېنى ئۆلتۈرۈپ جەننەتكە ئەۋەتىمەن! ئاندىن سەن قەدىرلىك ئەيسايىڭ بىلەن بىرگە بولالايسەن!» — دېدى.

ئادەتتە مەن ۋە ئاچام بىر ھۇجرىدا ياتاتتۇق. دادام مەست بولۇپ قالغان كۈنلەردە، ئاپاممۇ بىز بىلەن پولدا پالاسنىڭ ئۈستىدە ياتاتتى. بۇ قېتىم مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ دادام بىلەن زاكونلىشاي دەپ ئىشكنى ئاچماقچى بولۇۋېدىم، بىراق ئاپام بىلەن ئاچام مېنى تۇتۇۋېلىپ، ئىشكنى تېخىمۇ چىڭ تاقاپ زەنجىرلىۋالدى. تاڭ سەھەردە مەن بالدۇرلا غىپپىدە تىكىۋەتتىم. خىزمەتتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتىپ كەلسەم دادام پەقەت ماڭا قاراپ قاتتىق ۋارقىراپ قويدى. بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئاستا-ئاستا جىمىپ قالدى.

مەن ئۆيۈمگە يېقىن بولغان بىر مۇخلىس جامائىتىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. بىر كۈنى ئاشۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، جامائەتنىڭ بىر ئاقساقالىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. مەن ئۇ ئاقساقال ھەم ئۇنىڭ ئايالى بىلەن خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتىم. ئۇلار مېنى ئىنتايىن قىزغىن قارشى ئالدى ھەم شۇ كۈنى جامائەتتىكى بىرنەچچە ئاچا-سىڭىللارغا تونۇشتۇردى. بۇ ئاچا-سىڭىللار ئەھۋالىمنى چۈشىنىپ: خۇدا سېنى ئۆيۈڭدە قوغدىسۇن دەپ ھەر كۈنى دۇئا قىلىشقا ۋەدە بەردى.

ئۆيۈمىزدىكى تۇرمۇش كۆرەش، تالاش-تارتىشقا تولغان ھالدا داۋاملاشتى. مېنى توي قىلىش ئۈچۈن يەنە كۆپ قېتىم ئۇرۇنۇشلار بولدى. دادام ھەم ئاپاملار مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى قانچە قىيىن بولسا شۇنچە ياخشى بولاتتى دەپ ئويلىسا كېرەك. مەن بىردەم ھۇجرامدا مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇغاندىن كېيىن پەسكە چۈشسەم ئاپام ماڭا قاراپ: «ئوھوي، سەن تېخى ھاياتمۇ؟ سېنى ئاشۇ ھۇجرىسىدا ئۆلۈپ كەتسكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن» — دەيتتى. شوپۇرلۇق دەرسىدىن قايتىپ كەلسەم ئۇ: «ئاھ، تولىمۇ ئەپسۇس. سېنى پىكاپى سوقۇلۇپ ئۆلۈپ كەتسكەن دەپ ئۈمىد قىلاتتىم» دەيتتى. مەن خىزمەتتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتسام ئۇ پات-پات ئاچامنىڭ بوۋىقىنىڭ كىيىملىرىنى مېنىڭ ئالدىمغا تاشلاپ: «مانا، سەن بىر خىرىستىئان. باشقىلارغا خىزمەت قىلىش سېنىڭ بۇرچۇڭ ئەمەسمۇ؟ مانا بۇ كىرنى يۇ!» دەپ ۋارقىرايتتى. ئۆيدىكى ئەڭ پاسكىنا ئىشلار ماڭا تاپشۇرۇلاتتى. ئۇلار مېنىڭ مۇخلىس يىغىنىغا قاتنىششىمغا يەنە رۇخسەت قىلمىدى.

ئىش بەك غەلىتە ئىدى. سىرتقى كۆرۈنۈشتىن قارىغاندا تۇرمۇشۇم ئازابلىق، قورقۇنچلۇق ئىدى. مەن پۈتۈن كۈن ھېچبىر ياخشى سۆز ئاڭلىمايتتىم. بىراق ئۇلار قانداق زالىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەلبىمدە ئۇلارغا ھېچ ئاچچىقلىقىم يوق ئىدى، بەلكى خۇدانىڭ ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆزگەرمەس، چوڭقۇر مېھىر-مۇھەببىتىنى ھېس قىلىپ، ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلاتتىم. بەزىدە ئاچام ئائىلىمىزدىكى تالاش-تارتىشلارغا قاتنىشاتتى، مېنىڭ تەرىپىمنى قىلاتتى، بىراق كۆڭلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا مەن ھەر تەرەپتىن باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايتتىم.

بىر كۈنى يەنە بىر ئاچام يولدىشى بىلەن ھىندىستاندىن قايتىپ كەلدى. بۇ ئەھۋال ئۆيۈمىزدىكى كەيپىياتنى سەل ياخشىلىدى، مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە مۇخلىس يىغىنىغا قاتنىششقا رۇخسەت سورىدىم. كۈتۈلمىگەن يەردىن ئاتا-ئانام قوشۇلدى. مەن خۇدانىڭ قەلبىمدە ئىش كۆرۈپ، ئۇلارغا مېھىر-مۇھەببىتىنى كۆرسەتكەنلىكىنى، ئۇلار ئاخىرى كۆرۈپ يېتىدۇ، دەپ ئىشىنەتتىم. بەزى مەسىھ مۇخلىسلىرى بولسا ھەتتا ماڭا: «ئاتا-ئاناڭنىڭ

دېگىنىگە كارىڭ بولمىسۇن، يىغىنغا قاتناشقۇڭ بولسا قاتناشۋەر» — دەيتتى. بىراق مەن تەۋراتتىكى مۇساغا بېرىلگەن قىسمىدا ھەم ئىنجىلدا: «ئاتا-ئاناڭنى ھۆرمەتلە» دەپ بۇيرۇلغاندىن كېيىن ئۇلارنى بۇ ئىشتا ھۆرمەتلىشىم كېرەكلىكىنى بىلدىم. گەرچە مەن مۇخلىس بولمىغان كىشى بىلەن توي قىلماسلىق كېرەك دېگەن بۇ مۇھىم ئىشتا كۆچۈمنىڭ بارىچە ئاتا-ئانامنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ، سىق دىنىلىق بىلەن توي قىلىشنى رەت قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلگەن بولساممۇ، «يىغىنغا قاتنىشىش» ئىشىدا ئۇلارنى ھۆرمەتلىشىم كېرەكلىكىنى يەنىلا ئېنىق بىلدىم. ئاتا-ئانام مېنىڭ ئۇلارغا بىلدۈرگەن ئىززەت-ھۆرمىتىمنى، يەنى رۇخسەتسىز يىغىنغا قاتناشمايدىغانلىقىمنى كۆرۈپ يەتكەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار گەرچە مەن بىلەن ئارىلاشماي يۈرگىنى بىلەن، يەنىلا مېنىڭ ئېتىقادىمنى ھۆرمەتلەشكە باشلىدى.

دادام بەزگەك كېسىلى بىلەن ئاغرىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن مەن كۆپ ۋاقىت ئۆيدە تۇرۇپ ئۇنىڭدىن خەۋەر ئالدىم. ئۇ ئۆزى مۇقەددەس كىتابنى ئوقۇشقا كىرىشتى. بىر كۈنى تېلېفون جىرىڭلىدى. مەن كۆڭلۈمدە: «ئى خۇدا، يەنە بىر توي قىلىش تەلىپى بولمىسۇن» دەپ دۇئا قىلدىم. بىراق دەرۋەقە شۇنداق بولدى. مەن دادامغا ئادەتتىكىدەك گەپ قىلاي دەۋاتقىنىمدا مۇقەددەس روھنىڭ ئاۋازىنى: «گەپ قىلما، ھاجىتى يوق» دېگىنىنى كۆڭلۈمدە ئاڭلىدىم.

«نېمە ئىش دادا؟» دەپ سورىدىم.

ئۇ ئارتۇق سۆز قىلماي «نويۇڭ توغرۇلۇق سورىدى» دەپ جاۋاب بەردى، بىراق ئىككىنچى كۈنى مەن خىزمەتكە مېڭىش ئالدىدا ئۇنىڭ ئۆيىمىزدە تۇرۇۋاتقان تۇغقانلارغا: «ھەئە، ئۇلار ماڭا ئامما توغرۇلۇق تېلېفون بەردى. بىراق مەن ئۇلارغا بولدى قىلىڭلار، ئامما جەزمەن قىزىقمايدۇ — ئۇ چوقۇم مەسىھ مۇخلىسى بىلەن توي قىلماقچى، دېدىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

شۇنداق قىلىپ ئاتا-ئانام ماڭا ئىشىنىشكە باشلىدى، ماڭا يەنە يىغىنغا قاتنىشىشقا رۇخسەت بەردى.

شۇنداق بولسىمۇ، دادامنىڭ ھاراقنى كۆپ ئىچىشى داۋاملىشىۋاتاتتى. ئۆيدىكى ئاكىلىرىممۇ ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ، ھاراق ئىچىشكە باشلىدى. دادام

ۋە ئاكىلىرىمدىن بىرى شۈبھىسىزكى ھاراقكەش بولۇپ قالغان بولۇپ، ھاراققا خۇمار بولۇپ قالغانىدى، ئۆز ئۆزىنى كونترول قىلالمايتتى. گەرچە مېنىڭ يىغىنغا قاتنىشىشىمغا رۇخسەت بەرگەن بولسىمۇ، ئاپامنىڭ ماڭا بولغان زىيانكەشلىكى ھەم ئاھانىتى قايتىدىن باشلاندى. پەقەت ئاتاملا ئەمەس، بەلكى بىز بىلەن تۇرغان ئاكاممۇ مەست ھالدا ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. ئاكام بولسا قايتقىنىدا ئۆز ئايالىنى ئۇراتتى. مەن ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ئارىغا كىرەتتىم، نەتىجىدە ئۇ مېنىمۇ ئۇرۇپ كېتەتتى. ئاۋارىچىلىك توختاۋسىز چىقاتتى. تۇغقانلار بىزنى قوغداش ئۈچۈن ياكى قوشنىلار ئۆيدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلاردىن ئاغرىنىپ پات-پات ساقچىلارغا تېلېفون بېرىپ چاقىراتتى. مەن كۆپ قېتىم: «ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدىم، ھەتتا بەزىدە بىر سومكا نەرسىلەرنى قاچىلاپ ئۆيدىن كېتىش ئۈچۈن تەييارلىناتتىم. ئانا-ئانام ھەردائىم قارشى تۇرۇپ: «ئۆيدىن چىقىپ كەتسەڭ بىزگە ئۇيات بولىدۇ» دەيتتى.

بىر كەچتە ھېلىقى ئاكام ئۆيگە كېلىپ ئايالىنى توختىماي ئۇرۇپ كەتتى. مەن يەنە ئارىغا كىرىشىم بىلەن ئۇ مېنىمۇ قاتتىق ئۇرۇپ يارىلاندۇردى. بۇنداق ئۈزۈلمەس زوراۋانلىقلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەۋجىگە چىقىشى بىلەن مەن ھاياتىمىز خەۋپ ئىچىدە قالدى دەپ ساقچىلارغا تېلېفون بېرىپ چاقىردىم. بىراق ساقچىلار كەلگەندە، ئاپام مەندىن يۈز ئۆرۈپ، بۇ ئىش قىزىم ئاممانىڭ سەۋەبىدىن چىققان دەپ ساقچىلار ئالدىدا مېنى ئەيىبلىدى. مەن ئۇشتۇمتۇت بىر ئىشنى تونۇپ يەتتىم: ئاپامغا نىسبەتەن مەن پەقەتلا ئەرزىمەس بىر ئادەم، خالاس. ئۇنىڭغا مېنىڭ مەۋجۇت بولغىنىم ھېچنېمە ھېسابلانمايتتى. مەن: «بۇ قېتىم چوقۇم چىقىپ كېتىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدىم.

ئەتىگەندە بولسا قۇياش بەرق ئۇرۇشى بىلەن مەن: «بوپتۇ، بۇ بىر يېڭى كۈن، چىقىپ كەتمەي» دەپ ئويلىدىم. بىراق ئەينەكتە يارىلانغان يۈزۈمگە قارىغىنىمدا مەن مۇقەددەس روھنىڭ ماڭا تونۇش بولغان ھېلىقى ئاۋازىنى ئىچىمدە ئاڭلىدىم. ئۇ ئاۋاز: «سەن پۈتۈن ھاياتىڭنى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈزمەكچىمۇسەن؟» دەپ سورىدى. شۇ كۈنى مەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىم كېرەك، چىقىپ كەتمىسەم

مەن ئۈچۈن ياكى پۈتۈن ئائىلەم ئۈچۈن ھېچنېمە ئۆزگەرمەيدۇ دەپ تونۇپ يەتتىم. تۇرۇپكىنى قولۇمغا ئېلىپ ئۆيىمىزدىن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتا تۇرىدىغان ئىككىنچى ئاكامغا تېلېفون بەردىم: — «سەن بىلەن بىر مەزگىل تۇرسام بولامدۇ؟» دەپ سورىدىم. كۈتۈلمىگەن يەردىن ئۇ قوشۇلدى. ئۇ ئادەتتە ھەربىر ئىشتا ئاتا-ئانامنىڭ تەرىپىنى ئالاتتى.

شۇنداق قىلىپ ئاكامنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ باردىم. مەن نېمىشقىكىن بىلمەيمەن ئۇنىڭغا: «مەن سەن بىلەن ئالتە ھەپتە تۇرىمەن، ئاندىن مۇخلىس جامائەتنىڭ بىرسىنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن» دېدىم. غەلىتە ئىش شۇكى، مەن بۇ ئىش توغرىسىدا جامائەتنىڭ ھېچبىرى بىلەن سۆزلەشمىگەن، بىراق قەلبىمدە خۇدانىڭ مەن ئۈچۈن بۇ ئىشنى، شۇنداقلا ھەممە ئىشنى ئورۇنلاشتۇرالايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم.

ئىش دەرۋەقە شۇنداق بولدى. ئالتە ھەپتىدىن كېيىن مەن جامائەتتىكى كۆڭلى ئىنتايىن ئاق كۆڭۈل بىر دوختۇر ئاچا بىلەن تۇرۇشقا باشلىدىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن خۇشاللىققا تولغان ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزدۈم.

ھازىر بۇ ئىشلارنى ئېسىمغا كەلتۈرسەم خۇدانىڭ مېنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن كۆپ ئىشلارنى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمەن. ئۇ مېنى شۇنچە كۆپ سىناقلار ئىچىدە ساقلىدى. ئەڭ كارامەت، ئەڭ تىلسىم ئىش بولسا، ئۇنىڭ مەن بىلەن كېچە-كۈندۈز بىللە بولغانلىق ھېسسىياتىدىن ئىبارەت. مەن ئۇنىڭغا سادىق بولمىغان ۋاقتىم بولغان بولسىمۇ، ئۇ ھەردائىم ۋەدىسىدە تۇرۇپ مېنى ھەرگىز ئايرىم تاشلىۋەتمىگەن. مەن خۇدادىن ماڭا بىر مۇخلىس بولغان ئەر بەرگەيسەن دەپ تىلىدىم. ھازىر مەن پاۋەل ئىسىملىك بىر ئەنگلىيەلىك بىلەن توي قىلدىم. ئۇ ماڭا نىسبەتەن ھەقىقەتەن خۇدانىڭ سۆيگىسىدىن چىققان سوۋغاتتۇر. ئىككىمىز ئۆيىمىزنى خۇداغا تاپشۇرغان، ھەرقايسى مىللەتتىن، ھەرقايسى دىندىن بولغان كىشىلەرنى قارشى ئالىدىغان مۇھەببەتلىك كەيپىيات بولسۇن، كەلگەن ھەربىر مېھمانلار ھاياتىتىكى مۇھىم سوئاللارنى سورىيالايدىغان بولسۇن

دەپ خۇدايىمىزدىن تىلەيمىز.

ھاياتنىڭ ھەربىر مەزگىلى ئاسان بولمايدۇ. ئىككى بالىمىز چوشۇپ كەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەزى تونۇغقانلىرىمىز: «مانا، بۇ پەلەكنىڭ لەنىتىدۇر؛ سەن ئەجدادلىرىڭنىڭ بۇتلىرىغا چوقۇنۇشتىن ۋاز كېچىپ، مەسىھ مۇخلىسى بىلەن توي قىلغىنىڭنىڭ ئاقىۋىتى، خالاس» دېدى. ھەتتا بەزى مەسىھ مۇخلىسلىرىمۇ: «بالىلىرىڭلار مۇنداق چوشۇپ كەتكىنى چوقۇم مەلۇم بىر گۇناھىڭلاردىن بولغان» دەيتتى. بىراق مەن بۇنداق سۆزلەرنىڭ نادانلارچە قىلىنغان گەپ، ھەقىقەت ئەمەسلىكىنى بىلىمەن. ئەگەر خۇدا مېنى سۆيمىگەن بولسا، ئۇ مېنى شۇنچە كۆپ يىللار ئىچىدە ئۆيۈمدە ئامان ساقلىمىغان بولاتتى. دادام ۋە ئاپاملار ھەرۋاقىت ماڭا تەھدىت سالاتتى، مېنى زەھەرلىيەلەيتتى، ئاكام بولسا مېنى ئۆرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتەلەيتتى. رەببىم ھەر ئەھۋالدا مېنى قوغداپ كەلدى. بىزنىڭ ھازىر ساق-سالامەت ئوماق قىز ۋە بىر ئوغۇل بوۋىقىمىز بار، ئۇلارنى ھاياتىمىزنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش خۇدايىمىزغا تاپشۇرىمىز. ئۇ ئاسمان-زېمىننى ياراتقان ئۇلۇغ خۇدادۇر، ئۇ بىز ئىنسانلارنى شۇنچە سۆيدىكى، ئۆزىنىڭ ئوغلى يەنى كالامى بولغان ئەيسا مەسىھنى دۇنيايىمىزغا سوۋغات سۈپىتىدە ئەۋەتتى: —

**«چۈنكى خۇدا دۇنيادىكى ئىنسانلارنى شۇ قەدەر سۆيدۇكى، ئۆزىنىڭ بىردىنبىر يېگانە ئوغلىنى پىدا بولۇشقا بەردى. مەقسىتى، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان ھەربىرىنىڭ ھالاك بولماي، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈندۇر».**

ئامىن!